


KASHGAR LITERATURE

# قەشقەر ئەدەبىياتى

3

١٩٩٥



چاڭقىغان يۈرەكلەر



ئۆز بېغىمىنىڭ مېۋىسى

(بۇ سۈرەتلەرنى ئادىل ئىسمايىل تارتقان)



«سەركۆيى پامىر» سەنئەت كېچىلىكىدە ياش ناخشىچى لەيلى «ئاسمان» دېگەن ناخشىسى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

(تۇردى ئېلى فوتوسى)

# قەشقەر ئەدەبىياتى

( قوش ئايلىق ژۇرنال )

3

1990

19 - يىل نەشرى

( ئومۇمىي 94 - سان )

«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

AltunOq

www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئابلىمىت ساۋۇت ........ تۈگۈن يېشىلدى ........ 1
تۇرسۇنجان سەمەت ........ ئاھ، ئاچقۇچ! ........ 5
ئۆمەرجان روزى ........ سەيلىگاھتىكى چۈش ........ 32
مۇھەممەت ئىمىن ........ قورقۇنچاق ئابەت ........ 39
ئەكرەم ھېزىم ........ «ھاجەتمەن» ........ 65
نىياز ئىمىن قۇربانى ........ خىسلەت ........ 68
تۇرسۇنجان سىددىق ........ سىرلىق تەڭگە ........ 70
رەھىم يۈسۈپ ........ ئىلھام بۇلاقلىرىدىن ئۈنچىلەر ........ 71
ئابدۇكېرىم سەلەي ........ دوستلۇق ........ 72


## شېئىرىيەت گۈلزارى


تۇرسۇن نىياز ........ كۆڭۈل قۇشلىرىم كۈيلەيدۇ ناخشا ........ 14
مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ........ ئېھتىرام گۈلدەستىسى ........ 18
ئىشقى ........ نورۇز شەنىگە ........ 21
سۆزۈك ........ شېئىرلار ........ 22
ئابدۇسوپۇر سەئىدى ........ ئىككى شېئىر ........ 23
ئابدۇللا سۇلايمان ........ شېئىرلار ........ 24
ئابدۇقادىر جالالىدىن ........ قەشقەر غەزەللىرى ........ 26
تۇردۇن مۇسا، ھەبىبۇللا ئوسمان، تۇراپ ھەسەن، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن ........ شېئىرلار ........ 28
ياشلار ئىجادىيىتىدىن ........ شېئىرلار ........ 48


## شەبنەم


ئەخەت تۇردى ........ «تاختا كۆۋرۈك» بويىدا تۇغۇلغان ئويلار ........ 74
مۇھەممەتجان مەتتىمىن ........ مەنىۋى دۇنيانىڭ سادىسى ........ 82


## ئەدىبلەر مۇنبىرى


روزى سايىت ........ «چاقچاق» ئىزىدىن چاقچاق ........ 60


## بالىلار ئەدەبىياتى


تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن ........ يەتتە ـ سەككىز ياش چاغلىرىمدا ........ 85
ئابلىمىت قۇربان ( سابساھى ) ........ شېئىرلار ........ 87
ئابلىكىم روزى ........ شېئىرلار ........ 90


## ساتىرا ۋە يۇمۇر


ئۆمەر ئوسمان ........ شېئىرلار ........ 92


## ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسى


كۇرسانتلار ئىجادىيىتىدىن ........ 94


## خەزىنە


ئەنۋەر ئىسمائىل ........ يېخىلىنىڭ ئۆلۈمى ( شېئىرى چۆچەك ) ........ 103
سېيىت ئېلى، ئابدۇرەشىت موللاق ........ نۇر چولپان ........ (چۆچەك) ........ 107


## ئەجداد ۋە ئەۋلاد


ئابدۇلقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى، ئابلا ئەخمىدى (مۇقاۋىنىڭ 3- بېتىدە) ........


مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە كۆلگە يېرىكەلگەن ھېيتگاھ (تۇرسۇن نىيازفوتوسى)

( بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەرنى ئەبەيدۇللا مۇھەممەت، جۇمە ئابدۇللالار ئىشلىگەن )

ئابلىمىت ساۋۇت

# تۈگۈن يېشىلدى

(ھېكايە)

بىز بۇ قوراغا كۆچۈپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تام قوشنىمىز نىياز ئاكاملار بىلەن خۇددى ئۇرۇق - تۇغقانلاردەك يېقىن بولۇپ كەتتۇق. ئۇلار ناھايىتى مۇلايىم، ئاقكۆڭۈل ۋە گۈلخۇمار كىشىلەر ئىكەن. تەشتەكلەردە ھەر خىل گۈل ئۆستۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان گۈلسۈم ئىسىملىك بىر قىزى بولۇپ، ئۇ گۈللەرگە ئاتا - ئانىسىدىنمۇ بەكرەك ھېرىسمەن ئىدى. بوش ۋاقىتلىرىدا گۈللەرنى سۇغۇرۇش، ئوغۇتلاش، تۈۋىنى يۇمشىتىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇ گۈللەر ئارىسىدا تۇرغاندا، كىشىلەردە «قىز ئالغانمۇ يە گۈلدىن ئۆرنەك، گۈل ئالغانمۇ يە قىزدىن ئۆرنەك؟» دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلاتتى.

دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ قۇندۇزدەك چاچلىرى، بۇلاقتەك كۆزلىرى، بۇغداي ئۆڭ چىرايى، ياشلىق قۇدرىتىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ يۇمران كۆكسى، تالچىۋىقتەك زىلۋا بويى ھەر قانداق يىگىتنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. مەن ئۇنى ھويلىسىدىكى گۈللەرنىڭ ئەڭ سەرخىلىغا ئوخشىتاتتىم. ۋاقىتنىڭ ئۇزۇرىشىغا ئەگىشىپ، بىزدىكى تارتىنىشلار تۈگەپ، بىر - بىرىمىزگە تىكىلىپ تۇرۇپ سۆزلىشىدىغان، ئوقۇغان مەكتىپىمىز، كىتابلىرىمىز، كەسپىمىز ھەققىدە پاراڭلىشىدىغان، مۇلاھىزە قىلىشىدىغان ھالەت شەكىللەندى. كېيىنچە مەندە ئاجايىپ بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالدى. نېمە ئۈچۈنكىن، گۈلسۈمنى كۆرسەم، بۇرۇنقىدەك تەبىئىي، ئۇزۇن سۆزلىشەلمەيدىغان، يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم. سېزىپ تۇرىمەن، بۇ خىل ئۆزگىرىش قىزدىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى: ئۇمۇ مېنى كۆرسە، قىزىرىپ يەرگە قارىۋالىدىغان، يېنىمدا ئۇزۇن تۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. قىسقىسى، بىر جۈپ يۈرەك ئىنسانلاردىكى ئەڭ يۈكسەك ۋە نازۇك تۇيغۇ - مۇھەببەت ئەۋجىدە تەڭ سوقماقتا ئىدى.

مەن سۆيگۈ قۇدرىتىنىڭ كۈچلۈك ئىلھامى بىلەن ئۇيات تورلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، جۈرئەت لەشكەرلىرىمنى ئۇنىڭ قەلب قورغىنىغا ھۇجۇمغا سالماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، زاۋۇت رەھبەرلىكى كۇتۇلمىگەندە مېنىڭ ئىچكىرىگە بېرىپ، زاۋۇتىمىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مەلۇم بىر يېڭى تېخنىكىنى ئۆگىنىپ كېلىشىمنى ئۇقتۇردى. مەن ناھايىتى تەڭ-

قىسىلىقتا قالدىم، باراي دېسەم، ئالقىنىمدىكى بەخت قۇشى پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىدۇ، بارماي دېسەم، رەھبەرلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنمىغانلىق بولۇپ قالىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاخىرى ئىلاجىسىز بېرىشقا ماقۇل بولدۇم. ئاخشىمى بۇ ئىشنى گۈلسۈمگە ئېيتتىم، ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— ياخشى گەپكەن، بېرىڭ. بىلىم ئېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەڭ. ئالتە ئاي دېگەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دەپ قوللىدى.

مەن ئۇنىڭدىن رەسمىي تەلەپ قىلدىم، قىز ئۇيالغاندەك ئالقانلىرىدا يۈزىنى يېپىۋالدى...

بىر ھەپتىلىك سەپەر قىلىپ، دېگەن جايغا يېتىپ كەلدىم. مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر مېنى ئىككى كىشىلىك ئازادە بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ يەردە باشقا ئۆلكە، شەھەرلەردىن كەلگەن كۇرسانتلار كۆپ ئىدى. بىز ئالدى بىلەن بىر نەچچە ئاي نەزەرىيە ئۆگەندۇق. مېڭەم چارچىغان چاغلاردا، ئىچىم پۇشۇپ، زېرىكىش ھېس قىلغىنىمدا، گۈلسۈمنىڭ رەڭلىك، چىرايلىق سۈرىتىگە ئۇزاق قارايمەن. ئۆزۈمچە ئۇنى سۆيۈپ كېتىمەن. شۇنداق قىلىش ماڭا ئارام، چەكسىز ھوزۇر بېغىشلايتتى.

ئۈچ ئاي جەريانىدا گۈلسۈمدىن ئۈچ پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. مۇھەببىتىمنى ئۇنىڭغا خەت يۈزىدە بىلدۈرەي دەپمۇ ئويلىدىم، ئەمما، خەت باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقتۇم. مەنمۇ ئۇنىڭغا ھازىرقى تۇرمۇش، ئۆگىنىش ئەھۋاللىرىم توغرىلىقلا خەت يېزىپ تۇردۇم...

يېرىم يىلمۇ توشۇپ قالدى. خېلى كۆپ تېخنىكىلىق بىلىملەرنى ئۆگەنىدۇق... قايتىدىغان چاغدا، گۈلسۈمگە تېلېگرامما يوللىۋەتتىم، بېكەتتە ئاتا-ئانام بىلەن گۈلسۈملەر كۈتۈۋالدى. قىز بۇرۇنقىدىنمۇ گۈزەل بولۇپ كېتىپتۇ...

بىر نەچچە ئايغىچە يېڭى تېخنىكىنى زاۋۇتتا كېڭەيتىمەن دەپ، قىز بىلەن تۈزۈك پاراڭلىشالمىدىم. يۈرىكىم قېتىدىكى سۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا بىر نەچچە قېتىم ئاشكارىلاش نىيىتىگە كەلدىم. ئەپسۇس، ئۇنىڭ بىر ئىشى مېنى قاتتىق ئازابلاشقا باشلىدى.

گۈلسۈم پات-پات ھويلىدىكى كىچىككىنە گۈلزارلىقتىن گۈلدەستە تىزىپ، سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. گەرچە ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ئاۋالقىدەكلا قىزغىن، سەمىمىي-ساپايە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ غەيرىي ئادىتى كۆڭلۈم ئاسمىنىدا گۇمان تۇمانلىرىنى پەيدا قىلدى. بەزىدە «مەن خېلى بولدى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقىلى، بىراق، تا مۇشۇ كۈنگىچە تەلەپ قويالمىدىم. شۇڭا، باشقا بىرسى ئالدىنىغا ئېلىۋالدىمۇ نېمە؟» دېگەندەك خىياللارنى قىلىمەن. ئارقىدىنلا بۇ خىيالىمنىڭ راست بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ «بەك كېچىكتىڭىز» دەپ جاۋاب بېرىپ قېلىشىدىن، بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمگە تېخىمۇ كۆپ ئازاب تېپىۋېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن، ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى باشقىچە يول بىلەن ئېنىقلاش قارارىغا كەلدىم. بىر كۈنى گۈلسۈمنىڭ سىنىپىدا ئوقۇيدىغان بىر بالىدىن سورىدىم:

— خانىمىڭلار ھەر كۈنى مەكتەپكە گۈل ئاپىرامدۇ؟

— ياق.

بۇنىڭ بىلەن گۇمانىم تېخىمۇ كۈچەيدى. مەيۈس ھالدا قايتىپ كېلىۋاتسام، دىلشات ئىسىملىك بىر ئاغىنەم ئۇچراپ قالدى. ئۇ مېنىڭ ھەممە ئىشلىرىمنى بىلەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭدىن گەپ يوشۇرمايتتىم، ئۇ چىرايىمغا قاراپ، نېمە بولغانلىقىمنى سورىدى، گۈلسۈمنىڭ يۇقىرىقى گۇمانلىق ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردىم.

— ئىككىمىزنىڭ پەرىزى بىر يەردىن چىقتى، — دېدى ئۇ تۇيۇقسىزلا، — گۈلسۈمدە ئۆزگىرىش باردەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرنەچچە قېتىم گۈل كۆتۈرۈپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قوروسىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم. گۈلسۈمنىڭ ئۇ قورودا ئولتۇرۇشلۇق بىرەر تونۇشى يوق ئىدى. دېمەك، ئىش ئايان بولدى. ئۇ چوقۇم ناھىيىدىكى مەلۇم بىر باشلىقنىڭ ئوغلى بىلەن يۈرۈپتۇ. يىگىت قىزنى ئۆزىگە شۇنداق رام قىلىۋالغانكى، ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بىر دەستە گۈل تەقدىم قىلىدىكەن. ئۆتكەندە ئاغىنەم دىلشات ماڭا: «ئىسكەندەر، تۆمۈرنى قىزدىقىدا سوق، ھازىرقى كۆپلىگەن قىزلارنىڭ ئىرادىسى بوش، ئۇلاردا ۋىجدان، ۋاپا يوق، ئالدامچى، يۈزسىز بولۇپ كەتتى. كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالماي دېسەڭ، بۇ ئىشنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىۋەتكىنىڭ تۈزۈك» دېگەندە، مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلىپ، «ياق، گۈلسۈم ئۇنداق قىزلاردىن ئەمەس. گەرچە بىز ئېغىز ئېچىشمىغان بولساقمۇ، يۈرىكىمىز ئاللىقاچان قوشۇلۇپ بولغان. كېيىنچە دېسەمۇ ئۈلگۈرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم، دوستۇمنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راستلىقىغا ئەمدى ئىشەنەندىم. قايغۇردۇم، ئازابلاندىم. كىممۇ مۇھەببەت ئۈچۈن باسقان تۇنجى قەدىمىنىڭ مۇنداق مۇۋەپپەقىيەتسىز، ئېچىنىشلىق بولۇشىدىن ئازابلانمىسۇن؟

مەن شۇ كۈنى ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا يىگىرمە بەش يىللىق ھاياتىمدا بىرەر قېتىممۇ قىلىپ باقمىغان ئىشنى سادىر قىلدىم. تاماكا چېكىپ، ھاراق ئىچىپ، مەس ھالەتتە ئۆيگە قايتتىم. ئاتا-ئانىملار مەندىكى بۇ «يېڭىلىق» نى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى، تەربىيە بەردى. ئەتىسى يېرىم كۈن ياتتىم، ئىشقا بارمىدىم...

شۇندىن كېيىن، گۈلسۈمدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈردۈم. تاساددىپى ئۇچرىشىپ قالساق، ھەرگىز ئوچۇق چىراي ئاچمىدىم. قىزنىڭ مەندىكى بۇ ھالەتنى سەزگەن چېغى، بىرنەچچە قېتىم ئالدىمنى توسۇپ، «زادى نېمە بولدى سىزگە؟ ئېيتىڭە؟» دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ چاغدا مەن باشقا بانا - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ قۇتۇلدۇم. بۇرۇن ئىشىق ئوتى يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن بولسا، ئەمدىلىكتە رەشك تىغى تىلغىماقتا ئىدى.

بىر كۈنى مەن قەلب بېغىمدىكى بەخت گۈلۈمنى ئۈزۈپ قاچقان «شاھزادە» نى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ پەرىزىمچە، قىزنى ئۆزىگە ماگنىت كەبى تارتىۋېلىش ئۈچۈن دادىسىنىڭ ھوقۇق، ئابرويىدىن باشقا، يەنە مەندىن ئارتۇق چىرايلىق، بىلىم - سەۋىيىگە، بايلىققا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئەتىسى ئەتىگەندە قىز بىر دەستە گۈل ئېلىپ، ۋېلىسىپىتكە مىنىپ ماڭغاندا، ئارقىسىدىن تۇيدۇرماي ئەگەشتىم. ئۇ بۇ كۈنمۇ ئۇدۇل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئائىلىلىك قوروسىغا كىرىپ كەتتى. تەنلىرىم جۇغۇلدىدى، كۆڭلۈم غەش

بولۇپ، ئارقامغا ياندىم. بىراق، ھېلىقى «شاھزادە» نى بىر كۆرۈۋېلىش ئىستىكى بۇنىڭغا يول قويمىدى. بىر تامنىڭ دالدىسىدا ئۇنىڭ قىزنى ئۇزىتىپ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. بەش مىنۇت ئۆتتى، گۈلسۈم ئۆيدىن چىقتى. ئۇنى ھېچكىم ئۇزىتىپ چىقمىدى، قىز كەتتى، مەن قالدىم. ئۆيگە كىرىش - كىرمەسلىك ھەققىدە ئۇزاق ئويلىدىم. ئاخىرى يۈرەكلىك ھالدا ھويلىغا كىردىم. ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى كارىۋاتتا ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئەللىك ياشلارچا مىسىدىكى بىر ئادەمنى كۆرۈپ، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. قولىدا بايا قىز ئەكىرگەن ھېلىقى بىر دەستە گۈل تۇراتتى. بەدىنىم تىترەپ، يۈرىكىم ئېچىشتى، ئۇ مەن ئىزدىگەن «شاھزادە» شۇمىدۇ؟ گۈلسۈم بۇ قېرىنىڭ قەيىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندۇ؟ ياق، بۇ ئەمەس، بەلكىم ئوغلىنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا مەدەت، كۈچ بولۇۋاتقان «شاھ»دادىسىدۇر...

— كىم؟ - دېگەن ئاۋاز مېنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قولۇمنى ئۇزاتتىم. ئۇ مېنى مەنسىتمىگەندەك كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى بەرمىدى. ھار ئالدىم، تەكەببۇرلۇقىدىن غەزەپلەندىم.

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ كۆزۈم كۆرمىگەچكە، سىزنى تونىيالمىدىم.

بۇ ئادەمگە دىققەت بىلەن سەپسالدىم: ۋىجىك، ياداڭغۇ چىراي، پېشانىسى يول - يول قورۇقلار بىلەن تولغان، كۆز قارچۇقى قېتىپ قالغاندەك مىدىرلىمايدۇ...

— بىرەر ئىش بىلەن كىرگەنمىدىڭىز؟

— ئاكا سىز بۇ ئۆيدە يالغۇزمۇ؟

— ياق، بالا - چاقىلىرىم بار.

— ئوغلىڭىز...

— ھە، مەرداننى دەمسىز؟ ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ.

چاڭقىغان مايسا باھار يامغۇرىغا ئېرىشىپ، قايتىدىن ياشارغاندەك، كۆڭلۈم ئەمىن تېپىپ، خېلىلا تېتىكلىشىپ قالدىم.

— بايا سىزگە گۈل ئەكىرىپ بەرگەن قىز نېمىڭىز بولىدۇ؟

— ئوقۇغۇچۇم.

— ئوقۇغۇچۇم؟

— شۇنداق، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقان، ئۆزىمۇ بەك ياخشى ئوقۇغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ كەلگىنىگە ئىككى يىلچە بولدى. ھەي... ئۇزۇن مۇددەت ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە كىتاب بىلەن ھەپىلەشكىنىمدىن شۇنداق بولدىمۇ، ھېچ بىلەلمىدىم، پېنسىيىگە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، كۆز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم. گۈلسۈم قىز مېنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ھەپتىسىگە ئىككى - ئۈچ قېتىم يوقلاپ، گۈل تەقدىم قىلىپ تۇردى. مەن ئۇنىڭ ھەر قېتىم ئېلىپ كەلگەن گۈللىرىنى پۇراپ، ئۆزۈمگە زور تەسەللى، ئىلھام بېرىپ كەلدىم...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، گۈلسۈمدىن كۆپ تەسىرلەندىم. ئۇنىڭدىن بىھۇدە گۇمانلىنىپ يۈرگىنىمگە ئۆكۈندۈم، ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم. مانا ئەمدى كۆڭلۈمدىكى تۈگۈن پۈتۈنلەي يېشىلدى. گۈلسۈمگە بولغان مۇھەببىتىم يېڭىباشتىن كۈچەيدى.

— مۇئەللىم، ماڭا مۇھىم بىر ئىشنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ياردەم قىلدىڭىز، - دېدىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، - رەھمەت سىزگە! مەن قايتاي.

— توختىڭا، غەلىتىلا گەپ قىلىسىزغۇ!؟ سىز...

گېپىنىڭ ئاخىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. چۈنكى، بۇ چاغدا مەن چەكسىز ھاياجانلانغان ۋە شادلانغان ھالدا گۈلسۈملەرنىڭ مەكتىپىگە قاراپ، ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتىم...

تۇرسۇنجان سەمەت

# ئاھ، ئاچقۇچ!



( ھېكايە )

بەدنىيەت بولما، تاپقايسەن ھالاكەت،
يەتكەي جانى پاكىڭغا پالاكەت.
— ناسىر خىسرۇۋ

ماھمۇت ھاجىم جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، قول ياغلىقى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈگەچ، ئازنا مەسچىتتىن ئالدىراش چىقتى ۋە ئادىتى بويىچە ئۇدۇللا قاساپ ئالدىغا باردى - دە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەخمەت ئاخۇن، مال سويغان ئوخشىمامدۇ؟ ياپىرىم، قالتىس سېمىز مالكەن بۇ... — دېدى كانارىغا ياتىلاپ ئېسىلغان گۆشلەرگە قاراپ، بىر قولىنى ئون قىلالماي خېرىدارنى يولغا سېلىۋاتقان قاساپ كەينىگە بىر قاراپ قويۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋەردى. ماھمۇت ھاجىم كانارا باغلانغان تېرەكنىڭ يېنىغىراق كېلىپ، ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، تېرەككە يۆلەنگەن پېتى قايسىدۇر بىر ئايەتنى ئىڭىشىپ ئوقۇشقا باشلىدى... ئازنا مەسچىت ئالدىدىكى كالتا بازار ئادەتتىن تاشقىرى قىزىغىلى تۇردى. لېكىن بۇ قىزىغان بازارنىڭ ئۇزۇنغا قالماي تارقايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ماھمۇت ھاجىم،

خېلى بىر ھازا تېرەكنى يۆلەپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئەخمەت ئاخۇن ئۇستام، قوللىرى بىكار بولغاندا كېلەرمەن، سىلىنى ئالدىرىتىپ قويماي يەنە، ئىشلىرىنى قىلىۋەرسىلە... — دېدى.

— ۋاي ھاجىم، سىلىنى ساقلىتىپ قويۇپتىمەن - دە، ئۆزلىرىگە، — ئۇستام خېرىداردىن كۆزىنى ئېلىپ، مامۇت ھاجىمغا ئاغدۇردى.

— ماڭا ئازراق قۇيرۇق ياغ بىلەن جىگەردىن بەرسىلە، ھەپتىدىن بىرى ھەدىسلەرنى كۆپ ئوقۇغاچقىمۇ كۆزلىرىم قۇم تىققاندەك ئاغرىپ، قىچىشىپ كېتىۋاتىدۇ. خامىراق پۇشۇرۇپ يەپ باقسام ئارام بېرەمدۇ نېمە...

مامۇت ھاجىمنىڭ ھەر جۈمە كۈندىكى ئوقەتچىلەرگە گەپ قىلىپ، نەپ ئېلىپ كۆنۈپ قالغان ياسالما سۆزلىرى بۈگۈنمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. ئەخمەت ئۇستام ئانچە بەك تەمتىرىمەيلا كانارىدىكى قۇيرۇق ياغ بىلەن جىگەردىن ئازراقتىن كەستى - دە، ئۇنى بىر ۋاراق قەغەزگە ئوراپ، ھاجىمنىڭ قولىغا تۇتقازدى. مامۇت ھاجىم تۈگۈنچەكنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بوينىنى سوزۇپ دۇئا قىلدى ۋە ئۇستامنىڭ خېرىدار بىلەن بولۇپ كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ غىپپىدە كۆزدىن غايىپ بولدى. كېيىن ئۇ، ئۇدۇل سەي بازىرىغا بېرىپ بازارنى بىرھازا ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، بىر چەتتىرەك پىياز باغلاش بىلەن ھەلەك بولۇۋاتقان ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى ئورۇقتىنا بىر بالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى ۋە ئۆزىچە مەسىلىكى كەلگەندەك ھېلىقى بالىنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ كەتتى...

— ھى... ھى... ھە، بالام، ئارا مەھەللىدىكى كىرىم ئاخۇننىڭ ئوغلى ئوخشىمامسەن... خېلى ئوخشىغان پىيازكەن، داداڭنىڭ پىياز تېرىشقا كەلگەندە خېلى پەمى بار جۇمۇ، ئۆزى كەلمەپتىغۇ؟...

— ئەتىگەن شەھەرگە كىرىپ كەتكەن...

— ھە يېي، شۇ كىرىم ئاخۇننى، جۈمە كۈنلىكى بىر غېرىچ يەرگە بولسىمۇ سەپەر قىلماڭ دەپ نەچچە رەت ئېيتتىم...

— جۈمەگە ئۈلگۈرۈپ چىقىمەن دەۋاتقان، چىقىپ قالار... سىلىگە پىياز لازىممۇ ھاجىمكا؟

— كۆڭلۈمدىكىنى تاپسەڭ ئوغلۇم، لازىم بولمامدىغان، لازىم...

مامۇت ھاجىم بالا ئۆزاتقان بىر بوغماق پىيازنى ئېلىپ، دەرھال دۇئاغا قول كۆتەردى، — خۇدا رەھمەت قىلسۇن بالام...!

مامۇت ھاجىمنىڭ كالتا بازاردىكى ئوقەتچىلەر بىلەن سالام - سائەت قىلىشىدىغان ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ نىڭغا رامىزاننىڭ مالاللىقى يەتكەن بولسا كېرەك، مەسچىتنىڭ نېرىراقىدىكى ئەتراپقا تەكشى سايە تاشلاپ تۇرغان قۇچاق يەتكۈسىز چوڭ قاپاقتېرەكنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۈستىگە قوغۇن بېسىلغان ھارۋىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، توختىدى. ئۇ، بىر - ئىككى مىنۇتچە ئېسىنى يىغىپ، ھارۋىنىڭ ئېگىسىنى كۈتتى. بىراق، ھارۋىنىڭ ئېگىسى پەيدا بولمىدى. ھاجىمنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، ئاخىرى بوز يوللۇق ئالا يەكتەكنىڭ ئىككى پېشىنى سەل يۇقىرى قىلىۋېتىپ ھارۋا ئۈستىگە ئاۋايلاپ چىقتى. ئۇ ھارۋا ئۈستىگە چىقىپ ئەمدىلا قايسىدۇر بىر تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، ھاجىمنىڭ بېشىدىكى مىسقال داكا سەللە ھارۋا ئۈستىدىن دومىلاپ، خاتىرجەم تۇرغان ئاتنىڭ چاتىرىقىغا چۈشۈپ كېتىپ، ئاتنى

ئۈركۈتىۋەتتى. ئات مەسچىت ئالدىدىكى جا-
ما ئەت توپىنى يېرىپ، مەنزىلسىز قاچتى...

— يامان بولدى ... جاما ئەت، يامان
بولدى... !

ماۋۇت ھاجىمنىڭ قورقۇنچلىقتا تىترەك
ئولاشقان ئاغزىدىن چىققان بۇ گەپلىرى،
ھارۋىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى بىلەن قوشۇ-
لۇپ، نەگىدۇر غايىپ بولدى.

— ... مېنىڭ ھارۋامنى!...

مەسچىتتىن ئالدىراش چىققان قاسىم
ئىسمىلىك ياشقىنا بىر يىگىت، قاشاڭ ئاتنىڭ
ھۈركۈپ كەتكەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ، ئاغ-
زىنى ئېچىپلا قالدى ۋە:

— قاياققا قاچتى؟!... — دەپ توپ ئار-
ىسىدىكى جاما ئەتنىڭ بىرىدىن سورىدى.

— سىلىنىڭ ئاتلىرىڭىزدە قاسىماخۇن
ئۇكا، ئات كۈن چىقار تەرەپتىكى يولنى
بويلاپ قاچتى، — دېدى توپ ئارىسىدىن ئوتتۇ-
را ياشلىق بىر كىشى ئاياغ تەرەپنى باش
بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ. ھېلىقى يىگىت
ئات قاچقان تەرەپكە قاراپ ئالدىراش يۈ-
رۈپ كەتتى. جاما ئەت ھەيران قېلىشتى ۋە
بىر - بىرسىگە قارىشىپ نېمىنىدۇر دېيىشكە
ئاغزىلىرىنى ئۆمەللەشتىيۇ، لېكىن ئاغزىدىن
چىقىرالماي ئات قاچقان تەرەپكە بىر- ئىككى-
دىن مېڭىشتى.

« سۆت بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن
چىقار » دېگەندەك، ماۋۇت ھاجىمنىڭ ئۆگە-
نگەن كۆڭلى، يالغۇز جۈمە كۈندىلا ئەمەس،
توي - تۆكۈن، نەزىر-نۇزىرە تىلەردىمۇ بىر
نېمە ئالمىسا زادىلا ئۇنىمايتتى. ھېچ بولمى-
غاندا، باشقىلارنىڭ يېگىراق كالىچىنى بول-
سىمۇ ئالماشتۇرۇۋالمىسا خاتىرجەم بولالا-
مايتتى. لېكىن، مەسچىت، جاما ئەت سورۇنلى-
رىدا بولسا، باشقىلارنىڭ قىل چاغلىق نەر-
سىسىنىمۇ ئالماسلىق، نەزىر - گۈزىرنىمۇ
سالماسلىق ھەققىدە « قۇرئان كەرىم » دىن
تارتىپ « ھەدىس » لەرگىچە نە-
قىل كەلتۈرۈپ، تەپسىر قىلاتتى.
باشقىلارنىڭ رىسقىنى ھارام دەيتتىيۇ، ئۆزى
ھالاللاپ ئالاتتى. ئۇنىڭ ئىخلاسمەن ئالا
يەكتىكى بىلەن غەلۋىردەك چوڭلۇقتىكى ئە-
تائەتمەن سەللىسى، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان
جان بېقىپ كېلىۋاتقان «خاسىيەتلىك كىيىم-
لەر» قاتارىدا ھۆرمەت قىلىنىۋېرەتتى.

ماۋۇت ھاجىم دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغا-
نمۇ ئەمەس ياكى چوڭ مەدرىسىلەردە ئىلىم
تەھسىل قىلغانمۇ ئەمەس، «ئوغرى قېرىسا
قارى بولۇر» دېگەندەك، كىچىكىدىن تارتىپ
ئېشەك ئوغۇرلاپ كۆنگەن ماۋۇت ئاخۇن بىر
قېتىم قوشنىسى ئىبراھىم ئاخۇننىڭ ئاق تۇ-
مشۇقلۇق بوز ئېشىكىنى ئوغۇرلاپ، ئېشەك
بازىرىدا بېدىككە سايە قىلىۋاتقان يەردە
تۇتۇلۇپ قېلىش ئېھتىمالى سېزىلگەندە ئې-
شەكنىمۇ تاشلاپ، شۇ قاچقانچە قانچە يىللار
ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىپ، يۇرت - مە-
ھەللىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.
كۈتۈلمىگەندە، ئۇ ساقاللىرىنى بولۇشىغا
قويۇۋېتىپ، ئىسلام شەرىپلىرىدە سۈننەت دەپ
تەپسىر قىلىنىدىغان مىسۋاكتىن تارتىپ تونى-
غىچە تولۇق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بىر تەق-
ۋادار دىنىي زات سۈپىتىدە، ئۆز يۇرتىغا
يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى.
يۇرت ئۆلىمالىرى ئۇنىڭ قەيەردە تۇرغان-
لىقىنى سورىغاندا:

— خۇدايىمتائالا تۆۋە - ئىستىغبار ئېيتىپ،
بىر سەپەردىشىم بىلەن مەككىگە كېتىپ قال-
دىم، دەسلەپ مۇكەررەم مەدرىسىدە قارا
خىزمەتچى بولۇپ تۇرۇپ، كېيىنچە تالىپ
بولۇش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشتىم. ئاخىرى،-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەيتتى ئۇ، ئۇچىسىغا كىيىۋالغان يارىشىملىق كىيىمىنى كۆز - كۆز قىلىپ، - كىيىمنىكى كۈنلەردە ئۇ ئۆلىمالارنىڭ پىكىرىنى ئېلىش ئارقىلىق يۇرتقا كاتتا داستىخان سېلىپ بۇيەرگە قايتىپ كەلدىم.

ھاجىم، نامازنى قازا قىلسا قىلالاتتىكى ھۆپىگەر، ئوقەتچىلەردىن ئالىدىغان نەرسە-كېرەكلەرنى ھەرگىزمۇ قازا قىلمايتتى. بىر مۇنچە سۈرە - ساۋاقلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئىنساب - تەۋپىق تىلەش بىلەن دۇئانى ئاياغلاشتۇراتتى، دەسلەپتە ھۆرمەت قىلىپ، ئىنتا ئەتەزلىك بىلەن قول باغلاپ، نېمە لازىم دېسە شۇنى بېرىدىغان ئوقەتچىلەر، بارا - بارا كەينىدىن غۇدۇرايدىغان بولۇشتى.

ئات تۇتۇق بېرىدىغاندەك ئەمەس، ئۇنتاقلاپ دەسسەپ، گويا ئېچىلغان يېرىگە تۇز قۇيغاندەك سەكرەپ، ئالغا كېتىۋاتاتتى. ھاجىمنىڭ رەڭگىدە ھاياتلىقتىن ئەسەر يوق، خۇددى ئۇ بەزگەك كېسىلىنىڭ ئازابىنى قىرىق يىل تارتقان بىماردەك جالاقلاپ تىترەپ قانداق قىلىشىنى بىلمەي ھارۋا ئۈستىگە مەھكەم چاپلىشىپ، قورقۇنچ ئىچىدە قاتتىق ۋارقىرايتتى:

— ... جامائەت! ئاتنى تۇختىتىۋېلىڭلار!!... دۇئا قىلاي ... ئىنسابىڭلارغا مىڭلاپ دۇئا قىلاي!...

قاراتەرگە چۆمۈلۈپ، ھارغىنلىقتىن ماڭغىدەك ماجالى قالماي، قەدىمىنى خېلىلا ئاستىلاتقان ئات، ھاجىمنىڭ ئەنسىز ھالەتتە ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ يەنە ئۈركىدى. ھاجىمنىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىزىدىن چىقىپ كەتكىدەك قاتتىق سوقۇپ كەتتى. ئۇ ھارۋىدىن سەكرىۋالماقچى بولدى، بىراق ئات توختىماي چېپىۋاتقاچ ئامالسىز قالدى.

ئۇنىڭ پارقىراق تاقىر بېشىنى يول بويىدىكى جىگدە شاخلىرى تىتىپ، قىپ-قىزىل قانغا بويىۋەتتى. ھارۋىنىڭ توختىماي چالاقلىشى بىلەن، يېرىلىپ كەتكەن قوغۇن سۇلىرى ھاجىمنىڭ تامبىلىدىن تارتىپ، يەكتەككىچە سۈزمە خالتىسىدەك ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن گازىر كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك چەكچەيدى. نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشقان بولسا كېرەك، بۇرۇن چاناقلىرى ئىختىيارسىز كېڭىيىپ لىپىلداپ كەتتى.

ئات قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ قوللىرىغا ئارا - تۈقماقلارنى ئېلىشىغىمۇ پەرۋا قىلماي، مەنزىلسىز ھالدا يىراققا چاپماقتا. ھاجىمنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە قالغان جىسمى ھارۋا ئۈستىدە دۈم يېتىشتىن باشقا ھەرىكەتنى قىلالمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ھۇش - كاللىسى خېلىلا جايىدا ئىدى. ئۇ ئالا - بۇلىماچ يەكتەككىنىڭ ئىچىگە كىيىۋالغان مەخسۇس چاپىنىنىڭ مەيدە يانچۇقىغا سېلىنغان بىر تال ئاچقۇچنى ئۇزۇن زەنجىرى بىلەن قوشۇپ جان - جەھلى بىلەن مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى...

يىراقتىن ئوخچۇپ كېلىپ، ئاچال دوقمۇشتىكى سىم تاناپ تۈۋرۈكىگە قاتتىق بېسىم بىلەن تەگكەن چۆيۈن چاقلىق ھارۋا، كەينىگە سىلكىنىپ ياندى. ھارۋىنىڭ بىر چاقى چەت تەرىپى ئۆرۈلۈپ كەتكەن سېمونت كۆۋرۈكنىڭ باش تەرىپىگە چۈشۈپ كەتتى. ئات قاپقارا لاي لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان ئېرىقتا شەپىسىزلا غەرق بولدى. ھارۋا ئېرىقتىلا پوڭكەيلى بولدى. ھاجىمنىڭ پۈتۈن جىسمىمۇ لايغا چۆكۈپ كەتتى. ئاتنىڭ بەردەس گەۋدىسى تەرەپ - تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئېرىقتىن چىقىپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلدى...

ما مۇت ها جىمىمۇ ئىىر دىقتىمكى لايغا مىلىنىپ،
هۇشىسىز ها له تته تىىپىر لىما قتا . ئات ما مۇت
ها جىمنى يه ۋه تكۈده ك ئه لپا زدا ، ئۇ نىڭغا ۋه ھ-
شىيله رچه ئا لىيىپ قا راپ، غه زه پ بىله ن
ئا چچىق - ئا چچىق كىشنه ه كته... يۇ قىرى ته-
ره پتىن ئىز قوغلاپ كه لگه ن قا سىم با شلىق
به ش-ئا لته كىشىنىڭ كۆزى ئىىر دىقتىكى لايغا
مىلىنىپ بىهۇش ها له تته تىپىرلاۋا تقا ن ها-
جىم بىله ن ئا تقا چۈشتى.چۈشتى-يۇ، ئۇلار نىڭ
با يىقى كه يپىيا تى بىر دىنلا جىددىيله شتى .
چۈنكى ها جىمنىڭ پا رقىراق بىشى پىشىمىغا ن
تا ۋۇزده ك يېرىلىپ، يېرىلغا ن يه ردىن قا ن
ته پچىره پ چىقىۋا تا تتى. بىر جۈپ گا زىر كۆ-
زىمۇ يېرىم يۇمۇلغا ن بولۇپ، كه يپىيا تى خې-
لىلا يا ما ن ئىدى. قا سىم ئا تنى قۇتۇلدۇرۇش-
قا كىرىشتى، قا لغا نلار ها جىمنى لايدىن تا ر-
تىۋېلىپ، ئىېر دىقنىڭ لېۋىگه چىقا ردى. قا-
سىم ئا تنىڭ گا لىېغى بىله ن تۆشىېغىنى يې-
نىدىكى كۈمۈش سا پلىق پىچىقى بىله ن ته م-
تىرىمه يلا كه ستى. لايدىن چىقىپ كېتىشكه
ئىنتىلىپ، چا پچىپ تۇرغا ن ئات،قا سىمغا جۆ-
جىل قويما يلا كۈچىنىپ ئورنىدىن تۇردى ۋه
ئىككى يا نغا بىر قا نچىنى سىلكىنىۋه تكه ندىن
كېيىن، قا شقا چىقىپ بوشقىنا ئاۋاز بىلىه ن
ئا رقىمۇ - ئا رقىدىن بىر قا نچىنى كىشنىدى.
ئا تنىڭ كىشنىشى ئۆزىنىڭ
سا قلىقىدىن دېره ك بېرىشىمۇ
قا سىمنىڭ بىر ها رۋا قوغۇننى يېگۈسىز قى-
لىۋه تكه نۋه ئۇنىڭچۆيۈن چا قلىق ها رۋىسىنى-
مۇ كا ردىن چىقىرىۋه تكه ن، ها جىمنىڭ بىهۇش
ها له تته يېتىشى قا سىمنى ئه ندىشىگه سېلىپ
قويدى:

— ها جىم، كۆزلىرىنى ئا چسىلا...

قا سىمنىڭ ئا رقىسىدىن ئىز قوغلاپ كه لگه ن-
له ر ئا رىسىدىن بىرسى، ئه نسىز ها لدا ها جىمنىڭ
يېنىغا كه لدى. ها جىم ئوڭ قولى بىله ن مه ي-
ده يا نچۇقىدىكى ھېلىقى ئا چقۇچنى تېخىچىلا
مه هكه م تۇتۇپ، كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغا ن
ها له تته كىمگىدۇر نه پره تلىك قا راۋا تقا نده ك
يا تا تتى... شۇ تا پتا ها جىمنى دوختۇرخا-
نىغا ئېلىپ با رما قتىن با شقا ھېچقا نداق
ئا ما ل يوق ئىدى.

— ئۆيىگه خه ۋه ر قىلسا قىمىكىن...

توپ ئا رىسىدىن ئوتتۇرا يا شلىق بىرسى
كۆپچىلىككه مه سلىهه ت ته رىقىسىده قا رىدى.

— ئۆيىگه خه ۋه ر قىلسا قمۇ قىلا يلى،
مۇهىمى ها زىر نىڭ ئۆزىدىلا دوختۇرخا نىغا
ئېلىپ با رمىسا ق بولما يدۇ...

هه پتىدىن بېرى ما مۇت ها جىمنىڭ بېلى-
كىدىن بېرىلىۋا تقا ن سۇيۇقلۇق، ئۇنىڭغا
قىلچه ته سىر قىلمىدىمۇ قا نداق، ئۇ بىر خىل
ها له تته ئېغىر - ئېغىر نه په س ئېلىپ يا تا ت-
تى. قا زان ئا رىلاش گېپىسقا ئېلىنغا ن سول
پۇتى، كىچىك كىر ان بىله ن كا رىۋا تنىڭ ئا ياغ
ته رىپىگه مه هكه م ئېسىلغا نىدى. كا رىۋا ت-
نىڭ با ش ته رىپىده ئولتۇرۇپ ، چىغ يه لپۈ-
گۈچ بىله ن ها جىمنىڭ ئۈيه ر بۇ يېرىگه قونۇ-
ۋا لغا ن چىۋىننى قورۇش بىله ن هه له ك بولۇ-
ۋا تقا ن ها ۋاخا ن نه چچه كۈندىن بېرىكى ئۇيقۇ-
سىزلىقتىن قىزىرىپ كه تكه ن كۆزلىرىنى ئۇلىغا چ،
قولىنىڭ ئا لقىنى بىله ن ئا غزىنى توسۇپ تۇرۇپ،
بىر قا نچىنى ئه سنىۋا لدى. ئه سنه ك بىله ن
ته ڭ، ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كه تكه ن نۇرسىز
كۆزلىرىدىن ئىككى تا مچه يا ش ئا ستا-ئا ستا
تۆۋه نگه سىرغىپ چۈشتى... يا تا ق ئىشىكىنىڭ
ئا ستا غىنا ئېچىلىشى بىله ن ته ڭ ئۇ ئۆزىنى
ده ما للىقا ئوڭشىۋا لدى. سىرتتىن، نه چچه
كۈندىن بېرىكى ئوكۇل سېلىش، گىرادۇس
قويۇش قا تا رلىق ئىشلار بىله ن كىرىپ - چىقىپ
هه مه يله نگه تونۇش بولۇپ كه تكه ن ئوچۇق

چىراي سېپسترا قىز كىرىپ كەلدى. ئۇ دىئاگراما سىزغۇچى جەدۋەلنى كۆكسىنىڭ سەل ئاستىغىراق تىرەپ تۇرۇپ، ماھۇت ھاجىمنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كەلدى ۋە يوتقاننى سەل قايرىپ، ھاجىمنىڭ قولتۇقىغا قىستۇرۇلغان گرادۇسنى ئېھتىيات بىلەن ئېلىپ، ئۇنىڭ رەقەملىرىگە دىققەت بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن، جەدۋەلگە نېمىنىدۇر يېزىۋالدى. ئارقىدىنلا يۈرەك ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، قولىنى ھاجىمنىڭ يوتقان ئىچىگە تىقىلغان ئوڭ قولىغا ئۇزاتتى. ھاجىم تېخىچىلا ھېلىقى ئاچقۇچنى تۇتۇپ، قولىنى كۆكرىكىگە مەھكەم چاپلىۋالغانىدى.

— ھەپتە-ئون كۈندىن بېرى نېمە ئىش بۇ؟ يا بۇ قولىغا ئوكۇل سالالمىدۇق، قولىدىكى قەيەرنىڭ ئاچقۇچى ئۇ؟ — سېپسترا ھاۋاخانغا سەل ئاچچىقلاندى، ھاۋاخان خېجىللىقتىن بولسا كېرەك، بېشىنى يەرگە قارىتىپ، تىرنىقىنى تاتىلاپ گەپ-سۆزمۇ قىلماي جىم بولۇپ قالدى، — ھەر قانچە ئالتۇن-كۈمۈش، دەپى-دۇنيا قاچىلانغان خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ جېنى بىلەن بولماي... — سېپسترا ئۆزىچە غودۇڭشۇپ قويۇپ باشقا كېسەللەرنىڭ يېنىغا كەتتى. ھاۋاخان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ يىللاردىن بېرى سەككىز بالىدىن مۇشۇ ئاچقۇچ تۇغرۇلۇق قانچىلىك دەشنامىلارنى ئىشىتمىدى، ھەپتىدىن بېرىچۇ؟ ھاۋاخان بۇلارنى ئويلىسا ئۆي — ماكان تۇتقىنىمۇ تويۇپ، ئۆمۈر بويى تۇل ئۆتسەم بوپتىكەن، دېگەن خىيالغا كېلەتتى.

ھاۋاخان تۇل بولغىنى بىلەن قولىنى ئەگرى قىلماي، ئۆمۈر بويى يەپ ئىچسىمۇ يېتىپ ئاشقۇدەك بايلىققا ئىگە مەزلۇم ئىدى، بۇ نەرسە - كېرەكلەر ئۇنىڭغا دادىسى بىلەن قەدىناس ئېرىدىن مىراس قالغان، ئېرى ئۆلگەندىن ئون ئىككى يىل ئىلگىرى زىققا كېسىلىنىڭ ئازابىنى تارتىپ، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئۆمۈر بويى يالغۇز تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە بەل باغلىغان بولسىمۇ، تەقدىر ئۇنىڭغا يول قويمىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ تويى تۇغرىلىق بەرگەن مەسلىھەتلىرىگە پىسەنت قىلماي قۇلاق يوپۇرۇپ يۈرۈپمۇ قۇتۇلالمىدى. ئۇچرىغانلا ئادەم: «خوتۇن كىشى دېگەن ئەردە ياخشى، بولمىسا گۆردە...» دېگەنگە ئوخشاش ۋەزخالىق سۆزلىرى بىلەن، قانچە قېتىملاپ ئۆزىگە ئەلچى كىرگۈزگەن ماھۇت ھاجىمغا نائىلاج ماقۇل بولدى. ماقۇل بولدىيۇ، قورسىقىغا بىر قورقۇنچلۇق ئالامەت كىرىۋالدى. چۈنكى ماھۇت ھاجىمنىڭ نەزەرىدە، خوتۇن كىشى دېگەن خالىسا ئالىدىغان، خالىسا خېتىنى بېرىپ يولىغا سالىدىغان نەرسە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ماھۇت ھاجىم ئەل ئۆمرىدە مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئون بەش قېتىم نىكاھلاندى. بۇ جەرياندا بەزى خوتۇنلىرى بىلەن ئىككى-ئۈچ قېتىمدىن ياراشتى. بەزەنلىرى بىلەن ئۆتۈپ كەتسە تۆت-بەش ئاي، بولمىسا بىرەر ئايلا ئۆي تۇتۇپ «مىجەزىم چۈشمىدى» دېگەنگە ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن خېتىنى بېرىۋەتتى. ماھۇت ھاجىمنىڭ تۇنجى خوتۇنى بەختىخاندىن بولغان قىزى توختىخاننىڭ ياش چامى ئەمدىلىكتە نىكاھىغا ئالماقچى بولۇۋاتقان ھاۋاخاننىڭ يېشىدىن بەش-ئالتە ياش چوڭ كەلسە كېرەكتى، كىچىك كەلمەيتتى.

— ئىككىلىنىپ، ھەر خىل ئويلاردا بولمىسلا ھاۋاخان، كېلەر يىلى بۇ كۈنلەردە

ھاجىم سىلىنى مەككىگە ئاپىرىپ ھەج قىلدۇرۇپ كەلسە، ھاۋاھاجى بولۇپ قالامىلا تېخى…

دۆڭ مەھەللىنىڭ ئىمامى ياسىن قارىم ھاۋاخانىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، بىر قانچە ئېغىز سۆز قىستۇرۇپ قويدى.

— ماموت ھاجىمنى مەككىگە ئاپىرىپ ئىككىنچى قېتىم ھەج قىلدۇرۇپ كەلگۈدەك دەرمان بار تېخى مەندە… — دېدى ھاۋاخان مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ.

— نېمە بولسا بولسۇن، خوتۇن كىشىنىڭ تۇللىقىنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن، ھاۋاخان. ئەرنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈپ، ۋاقتى - قارايىدا تەرتىگە سۇ بېرىپ تۇرۇش — خوتۇن كىشىلەر ئۈچۈن ساۋاپلىق ئىش…

سىرتتىن شەمشىدىنىڭ ئالدىراش كىرىشى، ھاۋاخاننى خىيالىدىن سەگەتتى. شەمشىدىن قىرىق ياشلار چامىسىدىكى، سېرىقتا مايىل، ئۇزۇنتۇرا كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ قاپقارا بۇرۇتى شۇ تاپتا نېمە ئۈچۈندۇر بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەۋاتاتتى. شەمشىدىن ماموت ھاجىمنىڭ ئۈچىنچى خوتۇنىدىن بولغان ئوغلى بولۇپ، غۇلجىدىن يېقىندىلا دادىسىنى يوقلاپ كەلگەنىدى. ماموت ھاجىم ئەسلى ھېلىقى يىلى ئۇلاغ بازىرىدىن يوقاپ كەتكەنچە ئۇدۇل غۇلجىغا چىقىپ، ئۇ يەردە بىر سودىگەر چوكان بىلەن توي قىلغان. يانچۇقى پۇل بىلەن توشقاندىن كېيىن، ۋاپاسىزلىق قىلىپ، بىر بالا بىلەن خوتۇننى تاشلاپ غۇلجىدىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنىدى. شەمشىدىن دەسلەپكى يىللىرى كەلگەندە تۇرغۇن كىشىلەردىن ئىزدەپ - سوراپ يۈرۈپ، دادىسىنى ئاران تاپتى ۋە دادىسىنىڭ ئەسلىدە مەككىگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلمىغانلىقىنى، خۇدانىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەپ، باشقىلارنى ئىشەندۈرگەنلىكىنى يۇرت - جامائەتكە ئاشكارىلىدى.

— دادامنىڭ ئەھۋالى بۈگۈن قانداقراق تۇرىدۇ؟

— ھېچ، ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە بوشىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

— باشقا دوختۇرخانىغا يۆتكەپ باقامدۇق - يا؟

— قەشقەردە بۇ دوختۇرخانىدىن يۆتكىگۈدەك ھېچقانداق دوختۇرخانا يوق.

— ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ باقايلى دەي دېسەم كېسەلنىڭ ئەھۋالى بۇ تۇرسا…«ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي داۋاغا…» دەپ باشقىلارنىڭ ئاڭلىشىغىمۇ ئاجايىپ بىر ئىشتە بۇ. قانداق قىلغۇلۇق؟!

شەمشىدىن كارىۋات ئالدىدىن بىردەم ئۇيانغا، بىردەم بۇيانغا ئاستا ماڭغاچ ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويدى.

— بىر مەزگىل سەۋرى قىلايلى، بالام! بەلكىم ياخشى بولۇپ كېتەر، سەۋرى-تاقەت ئىچىدە بىر ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى. دوختۇرلار گىپىسىنى ئالماشتۇرۇپ، قايتىلاپ تاڭغان بولسىمۇ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. ھاجىمنىڭ ئىشتىھاسى بارغانسېرى تۇتۇلۇپ، چىرايىمۇ كۈندىن - كۈنگە سۇسلاشتى. ھاۋاخاننىڭ كۆڭلى سارىسىمىگە چۈشۈپ، ئارام ئالالماي ئاخىرى دوختۇر بىلەن يۈزمۇ-يۈز ئولتۇرۇپ ئوچۇق پىكىرلەشتى!

— مېنىڭچە بولغاندا، - دېدى دوختۇر كۆزىگە گىرادۇسلۇق ئەينىكىنى تاقىغاندىن كېيىن، رەسمىي خالتىسىدىكى پارچە - پارچە دېبەتلەرنى ھاۋاخانغا بىرمۇ-بىر كۆرسىتىپ تۇرۇپ، - دېبەتتىكى مۇشۇ قارا تۇرغان ئورۇن بىلەن ئىگىلىگەن ئورۇننىڭ ھەممىسىدە خېلى ئېغىر دەرد بار. ئىشتىكارى

www.uyghurkitap.com



سا قىيىپ كېتەلمەيدۇ. بۇنىڭغا بىر مەزگىل تەخىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يىلىك سۆڭەكتىن قېچىپ، ياشانغان چاغدا، سۇنۇقنىڭ كىشىنى دىشۋارچىلىققا سالىدىغانلىقىنى سىلىمۇ ئوبدان بىلىلا…

— ئوغۇ شۇنداق، لېكىنزە، گېلى ساق بولغانىدىكىن، ئاز - تولا بىر نېمە يېسە ئوبدان بولاتتى، تامىقى بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. قانداق قىلىدىغان ئىشكىنتاڭ؟

— ئۇنداقتا مەن دورا يېزىپ بېرەي، ئەمما «ھاجىمغا تاماق ئېتىپ ئولگۇرتەلمىدىم» دەپ مېنىڭ ئالدىمغا دەۋا قىلىپ كەلسىلىرى، راست گەپ، ئۇنىڭغا مەن ئىگە بولالمايمەن جۇمۇ؟ ھا… ھا… ھا… — دوختۇر رەسمىي خالتىسىغا دېبەنلەرنى سالغاچ چاقچاق ئارىلاش كۈلدى.

— تاماق ئولگۇرتەلمىدىم دەپمۇ دەۋا قىلماسمەن.

— ماقۇل ئەمىسە، چىقىپ ماۋۇت ھاجىمنى ئوبدان كۈتسىلە…

دوختۇرنىڭ يېزىپ بەرگەن ئىشتىھا ئاچقۇچى دورىسى ھاجىمغا ھېچقانداق كار قىلمىدى. لېكىن دورا ھاجىمنىڭ نېرۋىسىغا تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ نەچچە كۈندىن بېرىكى يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرى تولۇق ئېچىلىپ، ياتاقنىڭ تورۇسىدىن ھاياتلىق ئىزلەۋاتقاندەك تورۇسقا قاراپ جىمجىت ياتاتتى.

— دادىسى قارىسىلا، بالىلارنىڭ ھەممىسى سىلىنى يوقلاپ كەپتۇ. ئۇلار سىلىدىن گەپ - سۆز قىلىپ بەرمىدى دەپ رەنجىشىۋاتىدۇ، — ھاۋاخان كارىۋات يېنىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانلارنى ئىما قىلدى. ھاجىم نۇرسىز كۆزلىرىنى بالىلارغا ئاغدۇرۇپ، بىر نېمە دېيىشكە جۈرئەت قىلىپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، كارنىيىنى قۇدرەتلىك بىر سېھىردي كۈچ مەھكەم بوغۇۋالغاندەك ئۇنى ئىچىگە چۇشۇپ كەتتى.

— دادا، ئاجىز بالىلىرى ئالدىلىرىدا سىلىنىڭ گەپ قىلىشلىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. سىلىگە ياخشى قارىيالمىدۇق، ئالدىلىرىدا خىجىلمىز. نېمە گەپلىرى بار؟… — دېدى ھاجىمنىڭ چوڭ قىزى توختىخان كۆزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ھەسرەت ياشلىرىنى داكا ياغلىقىنىڭ بىر بۇرجىكى بىلەن ئاستا سۈرتكەچ. ھاجىم تەلمۈرۈپ جاۋاب كۈتۈۋاتقان بالىلىرىدىن كۆزىنى ئەپقاچتىمۇ قانداق، بېشىنى يان تەرەپكە بۇراپ، تېخى ھېلىلا ئوچۇق تۇرغان كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى. ھاجىمنىڭ بالىلىرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ياتاق ئىچىدىكى تىنچسىزلىقنى ئاڭلاپ بېزار بولۇپ كەتكەن نۆۋەتچى دوختۇر بىلەن سېستىرا ئىشخانىدىن ئالدىراش چىقىپ، ئۇدۇللا ياتاققا كىردى.

— كېسەلنىڭ يېنىدا بىرسىڭلار قېلىپ، قالغانلار سىرتقا چىقىپ كېتىڭلار، ياتاقنىڭ ئىنتىزامىغا رىئايە قىلمىساڭلار بولمايدۇ، — دېدى سېستىرا كەسكىن تەلەپپۇزدا. ھاجىمنىڭ بېشىدا چۆرىدەپ ئولتۇرغانلار ھاۋاخاننى قالدۇرۇپ نائىلاج سىرتقا چىقىپ كېتىشتى.

— ھازىر قانداقراق تۇرىدۇ؟ — دېدى دوختۇر ھاۋاخانغا.

— بايا كۆزىنى لۆممىدە بىر ئېچىپ، يەنە يۇمۇۋالدى، — دېدى ھاۋاخان ئېسەدەپ تۇرۇپ.

دوختۇر تىڭشىغۇچنى ھاجىمنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ، دىققەت بىلەن كۈزەتكەندىن كېيىن، بىر خىل روھسىز كەيپىياتتا:

— بىز بار ئىمكانىيەتنى ئىشقا سېلىپ كۆردۇق. لېكىن ھاجىم…

— نېمە؟ ھاجىم…؟

— شۇنداق، سەپەر قىلىشنىڭ تەييارلىقىدا تۇرۇپتۇ، ھەيىي…

ھاۋاخان ئۆپكىدەپ يىغلاپ سىرتقا چاپتى. ھايال بولماي تېخى ھېلىلا سىرتقا چىقىپ كەتكەن ھاجىمنىڭ بالىلىرى كارىۋات ئالدىدا يەنە پەيدا بولدى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا ئوغۇلنىڭ چو-
كى سىز ئوخشايسىز، ئائىلەڭلار خېلى يې-
راق ئىكەن، ماشىنا ئۇقۇشۇق،— دېدى دوخ-
تۇر توپ ئارىسىدىكى شەمشىدىنگە قاراپ.
شەمشىدىن دوختۇرنىڭ سۆزىدىن ئۆز قۇلى-
قىغا ئىشەنمەي قالدى.

— نېمە؟ ماشىنا تاپامدىمەن؟

— شۇنداق.

دوختۇر يەڭگىلىگىنە باش لىڭشىتىپ جا-
ۋاب قايتۇردى. شەمشىدىننىڭ ياتاقتىن قان-
داق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىمىم سەز-
مىدى.

... ئەنە، ھاجىم يەنە كۆزىنى ئاچتى،
كۆز چاناقلىرىدىن سىرغىپ چىققان ئىككى
تامچە ياش كۆزىنىڭ جىيەكلىرىنى بويلاپ،
پاختىدەك ئاقارغان چېكىلىرى ئارقىلىق
چاچلىرىنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ
ئورۇقلاپ كەتكەن قوشۇقتەك يۈزلىرىدە بى-
لىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى-يۇ،
يەنە تېزلا غايىپ بولدى. ئۆزىگە ھەسرەت بى-
لەن تىكىلىپ تۇرۇشقان بالىلىرىغا نېمىنى-
دۇر دېگۈسى باردەك ئېغىزىنى ئۆمەللىدى.
بىراق گەپ قىلىشقا قۇربىي يەتمىدى...

دوختۇر، سېستىرانىڭ ياردەملىشىشى بى-
لەن ھاجىمنىڭ پۇتىدىن ئېسىلغان كىرانىنى
ئاستا يەشتى، ياتاق ئىچىنى ئاچچىق يىغا-
زارە بىر ئالدى. ھاۋاخان بىلەن توختىخان
ھاجىمنىڭ ئېگىلگىنى قوشقاندىن كېيىن، يوت-
قانىنى قايرىپ قولىنى رۇسلىدى، ھاجىم نە-
پەستىن قالغىنىغا تەن بەرمەي ھېلىقى ئاچ-
قۇچنى مەھكەم قاماللاپ تۇتۇپ، ئورۇق مەي-
دىسىگە چاپلىۋالغانىدى.

— ئاچقۇچنى ئېلىۋېتەيلى،— دېدى توخ-
تىخان ھاۋاخانغا قاراپ. ھاۋاخان ئېسەدەپ
يىغلاۋېتىپ باش لىڭشىتتى ۋە توختىخانغا
ياردەملەشتى، ھاجىمنىڭ قولىدىن ئاچقۇچ-
نى ئالغىلى بولىدىغاندەك ئەمەس.

— توختىسىلا، مەن بىر ئامال قىلىپ
باقاي،— دېدى دوختۇر كۆزئەينىكىنى سەل
يۇقىرى قىلىۋېتىپ. ئۇ، بار كۈچىنى قولىغا
يىغىپ، ھاجىمنىڭ قولىنى ناھايىتى تەستە
ئاچتى، ئۇنىڭ قولىدىكى ئاچقۇچ تەردىن
داتلىشىپ كەتكەنىدى.

دوختۇر ھەيران بولغان ھالدا:

— قەيەرنىڭ ئاچقۇچى بۇ؟—دەپ سورىدى.



— ھاجىمنىڭ تاپقان - تۈگكىنىنى ساق-
لايدىغان بىر تام ئىشكابى بار ئىدى. شۇ-
نىڭ ئاچقۇچى...

ھاۋاخاننىڭ گاراڭ - گۇرۇڭ ئۈنى كې-
يىنكى گەپلەرنى دەۋاتقاندا ئىچىگە چۈ-
شۈپ كەتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇرسۇن نىياز

# كۆڭۈل قۇشلىرىم كۈيلەيدۇ ناخشا

## مەن ئۈچۈن قەدىرلىك تۇغۇلغان سەھرا

بالىلىق قەسىرىدىن چىرماشقان خىيال،
بىر ئۆمۈر يولۇمغا بولدى جۈپ-ھەمراھ.
ئارزۇلار قىسمىتى بولسىمۇ چۆل-چۆل،
پاك سەبى تۇيغۇلار ئۆلمىدى ئەسلا.
مەن سەھرا بالىسى، سەھرادا ئۆسكەن،
مەن ئۈچۈن قەدىردان تۇغۇلغان سەھرا.

شېرىن چۈش، شېرىن دەم — بالىلىق خىيال،
ئۇ مەۋجۇت ھېلىھەم قەلبىمدە تەنھا.
ئۆسمۈرلۈكچا غىلىرىم — غۇنچىغا قىياس،
ياشلىقىم — خۇشپۇراق چاچقان گۈل-گىياھ.
مەن سەھرا بالىسى، سەھرادا ئۆسكەن،
مەن ئۈچۈن بىباھا، تۇغۇلغان سەھرا.

ئەقىدەم ئۆزگەرمەس بۇ كەڭ زېمىنغا،
جان مۈلكۈم تېنىمدىن بولسىمۇ جۇدا.
«سەھرايى قىيامەت» دېگەن قايسى زات؟
ئەسلىنى ئۇنۇتقان نىكەن، ئۇ «دانا».
مەن سەھرا بالىسى، سەھرادا ئۆسكەن،
كۆزۈمگە تۇتىيا تۇغۇلغان سەھرا.

ئىنسانغا قۇت بەرگەن ھەربىر يېشىل باغ،
خىيالى جەننەتتىن مىڭ ئېزىز ئەلا.
گۈل سۆيگەن ئىپار ھىد دالا شامىلى،
بىمار بىرىپ ياتقاندا رەنجىمگە شىپا.

مەن سەھرا بالىسى، سەھرادا ئۆسكەن،
مەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك تۇغۇلغان سەھرا.

بۇ تۇپراق — گۈل تۇپراق، ئادەملىرى گۈل،
ھالال تەر-ئەجرىدىن ياشنايدۇ دۇنيا.
كۆڭلى ئاق، ئىشقى ئوت، چېھرى نۇر، يالقۇن،
ھىممىتى بى مىننەت، قۇرىماس دەريا.
مەن سەھرا بالىسى، سەھرادا ئۆسكەن،
مەن ئۈچۈن مۇقەددەس، تۇغۇلغان سەھرا.

مەن ياشاي شەھەردە (مەيلى «جەننەت» تە)،
خا كېچە، خا كۈندۈز، مەن ئاگاھ شەيدا.
ئويغۇمدا، چۈشۈمدە، خىيالىمدا ھەم،
كۆرۈنەر تۇپرىقى خۇددى نۇر-زىيا.
مەن سەھرا بالىسى، سەھرادا ئۆسكەن،
مەن ئۈچۈن تىل تۇمار، تۇغۇلغان سەھرا.

ئاھ، بۇگۈن ئەللىككە كىرگەندە يېشىم،
سېغىنىدىم بۇ جاينى تېخىمۇ تەشنا.
ياشلىقىم ئىز سالغان قۇچاقلىرىدىن،
نە ئارمان، ئۆلگەندە تاپسام جاي-پاناھ.
مەن سەھرا بالىسى، سەھرادا ئۆسكەن،
مەن ئۈچۈن جەننەتتۇر، تۇغۇلغان سەھرا.

## ھەر پەسىلنىڭ ئۆز خىسلىتى قەدىرلىك

باقسام بۇگۈن كەڭ تەبىئەت دۇنياسىغا،
ئالتۇن كۈزنىڭ رۇخسارىدىن قالماپتۇ ئەسەر.
دەل-دەرەخلەر شاخلىرىدىن تۆكۈپتۇ ياپراق،
گۈل-گىياھلار بويۇن قىسىپ قاپتۇ شۇ قەدەر.

باقسام باھار زۇمرەت كەبى چاقنىغان كۆككە،
قاپلىۋاپتۇ، ھەممە جاينى كۈمۈش رەڭ تۇمان.

باغلاردىكى رەڭدار گۈللەر كۆچۈپتۇ ئۆيگە،
ھەر دېرىزە كۆزنەكلىرى خۇددى بىر ئورمان.

چوغدەك قىزىل نۇرلۇق قۇياش كۆچكەنمۇ
تاغدىن،
ئاندا - ساندا چىقىپ قالار دەريا لېۋىدىن.
يوقالغانمۇ يۆز - يۇغىچە شەپەق روملى،
ئالدىرايدۇ خېجىلىمىدۇ ياكى زېمىندىن؟

كۆز ئاچقىچە ياندا پ قېچىپ، يېتىپ مەنزىلگە،
ئورۇن بېرەر ئۇخلاپ ئۇزاق يېڭى بىر تاڭغا.
بېلىق قارنى سۇبھى يورۇپ باشلانغان ھايات،
يۈكسەك ئۈمىد، كۈچ بېغىشلار ئۆلمىگەن جانغا.

ھەر پەسىلنىڭ ئۆز خىسلىتى بىزگە قەدىرلىك،
ئۆزگەرتەلمەس ئۇنى ھېچكىم مەڭگۈگە زىنھار.
تۈن قوينىدىن گۈزەل تاڭنى تۇغقان تەبىئەت،
قىشنى قوغلاپ، ئېلىپ كېلەر يەنە گۈلباھار.

## كۆڭۈل قۇشلىرىم كۈيلەيدۇ ناخشا

دىلىغا نەڭگە سىغار كەڭ دۇنيا،
سىغمايدۇ لېكىن بى سەۋەپ نەپرەت.
ئىجازەتسىز قەلب تۆرۈڭگە،
مېھماندۇر پەقەت بىرلا مۇھەببەت.

دىلىغا نەڭگە سىغار كەڭ دۇنيا،
سىغمايدۇ لېكىن پەسلىك، رەزىللىك.
ساختىلىقنى ئۆرتەيدۇ قەھرىڭ،
يارىتار ئىشقىڭ چەكسىز گۈزەللىك.

دىلىغا نەڭگە سىغار كەڭ دۇنيا،
سىغمايدۇ بىراق ئازاب ۋە خورلۇق.
ئادالەت نۇرىنى ئۆچۈرسە زۇلمەت،
چاقنايسەن ھامان ھەسسىلەپ نۇرلۇق.

دىلىغا نەڭگە سىغار كەڭ دۇنيا،
سىغمايدۇ ھەسەت، تۈلكىلىك — قۇۋلۇق.
ھەقىقەتكە كىم تەڭلىسە خەنجەر،
قايتۇرۇشنى ھەق، بىلىسەن يوللۇق.

دىلىغا نەڭگە سىغار كەڭ دۇنيا،
سىغمايدۇ ئەسلا روھى گادايلىق.
ھەر بىر ھۆجەيرەڭ پارلىغان مەشئەل،
سەن ئۈچۈن ياتتۇر، ياۋۇز نادانلىق.

دىلىغا نەڭگە سىغار كەڭ دۇنيا،
سىغمايدۇ لېكىن ئەلگە ئازارلىق.
تىلىكىم، بەختىم، ئارزۇ ئارمىنىم؛
بولسۇن ساڭا يار مەڭگۈ خۇشاللىق.

## ئەلۋىدا ئۇستاز

(مەرھۇم ئۇستاز ئەخمەت زىيائىي ئەپەندىمنىڭ ۋاپاتىغا
چوڭقۇر قايغۇ بىلەن بېغىشلايمەن)

1

دىدارلىشىپ ئۆتمەي تېخى ئالتە كۈن،
كەلدى، سىزنى «كۆز يۇمدى» دەپ شۇم خەۋەر.
خەۋەر ئەمەس، جاللات تىغى تىلىسمۇ،
دىل - باغرىمىز ئېچىشماستى بۇ قەدەر.

كۆزىمىزنىڭ قارچۇقىدا ھېلىھەم،
يوقالمىغان مۇنبەردىكى چېھرىڭىز.
يۈرەكلەردە تېخى سوۋۇپ يەتمىگەن،
مەرىپەتتىن سالغان ئوتلۇق مېھرىڭىز.

يادىمىزدا، بۈگۈنكى شۇم ئەجەلنىڭ،
بىر يىل بۇرۇن سىزگە چاڭگال سالغىنى.
قوش ئابىدە ① پۈتكىنىدە تىكلىنىپ،
ئۆمرىڭىزدىن قانچە ئايلار قالغىنى.

---

① قوش ئابىدە — مەرھۇمنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يازغان: «تارىخىي ئابىدىلىرىمىز ۋە ئۇنىڭ قورغۇچىلىرى يۈسۈپ، مەھمۇت» ماۋزۇلۇق شېئىرىي داستانى.

نەدىن كەلگەن سىزگە بۇ كۈچ - جاسارەت؟
ئۈممىد بىلەن ھامان ياشاپ كەلدىڭىز.
ئەڭ ئاداققى ئىجادىڭىز گۈلىنى،
چېكىمىزگە قىسىپ قويۇپ كەتتىڭىز.

2

روھىڭىزدىن سوراي ئۇستاز بۇ قېتىم،(1)
ئەزرائىلدىن رۇخسەت ئېلىپ كەلگەنمۇ؟!
ئەل - يۇرت بىلەن دىدارلىشىپ، خوشلىشىپ،
ئارمىنىم يوق كۆزۈم يۇماي، دېگەنمۇ؟!

ئۆمرىڭىزغۇ ئۆتتى زىنھار ۋەتەن دەپ،
ئۆز يۇرتۇمنى كۆرۈپ ئۆلەي، دېگەنمۇ؟!
يۇسۇپ، مەھمۇت قەبرىسىگە گۈل قويۇپ،
تۇپرىقىنى كۆزگە سۈرەي، دېگەنمۇ؟!

روھىڭىزدىن سوراي يەنە قورۇنماڭ؛
ئەل - يارەننى تاۋاپ قىلاي، دېگەنمۇ؟!
ئۆلۈشۈمنى كۈتمىگەن جان خەلقىمنىڭ،
يۈرىكىنى كاۋاپ قىلاي، دېگەنمۇ؟!

3

قەلبى ھەسرەت پىغان بىلەن شۇ تاپتا،
ئەسلىمەكتە خەلقىم سىزنى سېغىنىپ.
ياشلىرىنى بۇلاق كەبى تۆكمەكتە،
بېلىدە ئاق، قايغۇ ئىچرە ئېگىلىپ.

«مەرىپەتنىڭ بىر مەشئىلى ئۆچتى» دەپ،
چۆمدى مۇڭغا ئاقسۇ، ئېلى ۋە خوتەن.
ئاقتى بىر پەس ئۆز كۈيىنى توختىتىپ،
سىز سۆيىنى ئىچكەن قىزىل ھەم تۈمەن.
( ياپراق تۆكۈپ بىلدۈرۈشتى تەزىيە،
ئۆز جېنىدا ھېيتگاھتىكى گۈل - چىمەن).

تۇرماقتا تىنىچ، ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە،
سىز گۈل چەككەن مەھمۇت، يۇسۇپ قەبرىسى.
ئۇلارمۇ تەڭ ماتەمدىمۇ، بىلمىدىم،
كۆز يۇمغاچقا، سىزدەك سادىق نەۋرىسى.

4

ئەل ماتەمدە - دىل ماتەمدە سىز ئۈچۈن،
(چارىمىز يوق، تولدى ياشقا ئېتەكلەر.)
قالدى سىزدىن بىزگە مەڭگۈ يادىكار،
ئورنىڭىزدا «توزىماس گۈل - چېچەكلەر».

داستانىڭىز — ئاخىرقى قوش ئابىدە،
ئۆزىڭىزنىڭ يارقىن، پارلاق ھەيكىلى.
«بىلىك» تىكىچا قىنىغان نۇر — يورۇقلۇق،
جىسمىڭىزنىڭ كۆيۈپ يانغان مەشئىلى.

تۆھپىڭىزدىن، ئەجرىڭىزدىن رازىمەن —
خەلقىم دېدى سىزنى يادلاپ «ئەلۋىدا».
مەرسىيەمدە ئىزھار قىلىپ كۆڭلۈمنى،
دېدىم مەنمۇ كۆزۈم ياشلاپ ئەلۋىدا.

1989- يىل 10 - ئاينىڭ 29 -كۈنى، قەشقەر.

## چۆرۈۋەتمە شوتاڭنى

شوتا قىلىغانىدىڭ تېخى تۈنۈگۈن،
ئۆرلەش ئۈچۈن تارتىپ مېنى ئۆزۈڭگە.
بۈگۈن ئەجەب، تونۇمايسەن بۇرادەر،
ياغ تولدىمۇ ياكى ئىككى كۆزۈڭگە؟

ئېسىمدە بار، ئۆتمەس ماتا - مېلىڭنى،
يۆرگەنلىرىڭ كوچىلاردا ساتالماي.
ماختىساڭمۇ لايىقىدا باھا يوق،
دادىلانغىنىڭ كور خېرىدار تاپالماي.

بۈگۈن باقسام، گەپ-سۆزلىرىڭ باشقىچە،
ساختا ئېلان بېرىپ، شۆھرەت تېپىپسەن.
بىراق كۆڭلۈڭ گاداي ئىكەن ۋاپاغا،
تۇز بەرگەننىڭ قاچىسىنى چېقىپسەن.

---

(1) بۇ قېتىم — 1989 - يىل 10 - ئاينىڭ 15- كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە قەشقەردە ئېچىلغان مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى.

قاچا «چاقماق» ئاسانسا ئاڭا، ئۆگزىدىن—
چۈشمەك قىيىن، چۆرىۋەتمە شوتاڭنى.
نېمە ساتساڭ ساتقىن، بىراق مېلىڭغا،
ساتما قوشۇپ مەن بىچارە ئۇكاڭنى.

## يوقالغان تۇيغۇ

كۆزلىرىڭدىن ئىزدىدىم دوستلۇق،
سۆزلىرىڭدىن ئىزدىدىم دوستلۇق.
ئىزدەشلىرىم كەتتى بىكارغا،
بىلمىدى بۇ ھال مەن ئۈچۈن خورلۇق.

مەن كۆزۈڭدىن ئىزلىگەن يالقۇن،
چاقماق كەبى كەتتى يوقۇلۇپ.
مەن تىلىڭدىن ئىزدىگەن چىنلىق،
گۈل بەرگىدەك كەتتى تۆكۈلۈپ.

ئويلىدۇم مەن: دوستلۇق تۇيغۇسى،
تۇغۇلغانمۇ، بىز بىلەن كۈلۈپ؟!
گۈل ياشلىقتا ۋايىغا يېتىپ،
بۈگۈن بىردىن كەتكەنمۇ ئۆلۈپ؟

بىلدىمكى بۈگۈن ئۆلگەن شۇ تۇيغۇ،
قاپتىكەن بىز ئىلك گۆدەك كۈنلەردە.
ئۇرۇشۇپ تاڭدا، كەچتە دوستلاشقان،
ھەسەت، ئىزاھتىن خالى كۈزلەردە.

## يالقۇن بولۇر ۋىسال ئىشقى ھىجران بىلەن

گۈل ۋەسلىنى كۈندە كۆرۈش نېسىپ بولسا،
سايرىماستى باغدا بۇلبۇل ئاغزىدا قان.
كۆرمىگەنگە — ئايرىلغانغا ئىشقى ئۆلسە،
بەرمەس ئىدى، زۆھراسىغا تاھىرمۇ جان.

پاك مۇھەببەت چىن يۈرەكتە بولسا ئۇچقۇن،
يالقۇن بولۇر ۋىسال ئىشقى ھىجران بىلەن.
كېتەر بەزەن ئاشۇ يالقۇن زادى ئۆچمەي،
ئۆلگىنىدە شۆبھىسىز لا ئىنسان بىلەن.

## تىلسىزمەكمىن دېمە، قايناق سۆيگۈمنى

تىلسىزمەكمىن دېمە، قايناق سۆيگۈمنى،
يۈرەك سۆزۈم كۆچكەن ئىككى كۆزۈمگە.
كۆچكە ئىمكىن دېمە، يۈرەك ئوتۇمنى،
نۇر يالقۇنى كۆچكەن ئاتەش يۈزۈمگە.

چىن مۇھەببەت شۇنداق ئۈنسىز يارالغان،
ھەر نىگاھىڭ تىلسىزلىقىم مەنبەئى.
كۆزلىرىمدە چاقنىغان نۇر — ھارارەت،
دىلدا كۆيگەن ئوتنىڭ زەررە ئۇچقۇنى.

مۇھەببەتكە ئارتۇقچە تىل — مەدھىيە،
ھەممىسىنى سۆزلەيدىغان كۆز تۇرۇپ.
ھاجەت ئەمەس، ئۇزۇن سۆيگۈ داستانى،
ئانا تىلدا «سۆيدۈم» دېگەن سۆز تۇرۇپ.

## بىۋاپاغا

ئەقىدەمدە بولساڭ ماڭا گويا ئېگىز تاغ،
ئىشەنچىمدە ئوخشار ئىدىڭ، يۈكسەك چوققىغا.
قېنى بۈگۈن دىلىمدىكى يۈكسەك ئوبرازىڭ،
يىغسام ئىشەنچ — ئەقىدەڭنى سىغدى قۇتىغا.

## بىۋاپا — ئادەم

دوستۇم، جاھان «بىۋاپا» دەپ، قىلما شىكايەت،
ئېيتقىنىڭدەك گۇناھكارمۇ ئەمەس، بۇ ئالەم.
بىۋاپانى، گۇناھكارنى ئىزدېسەڭ ئەسلى،
كەڭ ئالەمنى مالەم قىلىپ يۈرگۈچى ئادەم.

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن

# ئېھتىرام گۈلدەستىسى

(مۇەششەھلەر)

## شام

قىزىل قەلبىم ھامان ئويغاق، قىزىل قەلبىمدە ئىلھام بار،
ئازادلىقنىڭ خىتابىدەك مېنىڭ جۇشقۇن لىرىكام بار.
يۈرەك ـ باغرىم مۇشەققەت دەشتىدە چاقناپ يېرىلغان دەم،
نېچۈن چەكسىز ئىشەنچ بىرلە دېمەي: ئالدىمدا قايىنام بار!
ئانام ئېيتقان مېنى ئىسسىق قۇچاغىغا ئېلىپ تۈنلەر:
«مۇراد تاپقىن كۈرەش ـ جەڭدىن، چېلىشچانلارغا بايرام بار.
ئۆلۈمدىن قورقمىغان ئاشىق يېتەر ۋەسلىگە جانانىنىڭ،
رىيازەتتىن چىكىنگەنگە قەيەردە تۆھپە ـ ئىنئام بار؟ …»
كېچە ـ كۈندۈز ۋىسال ئىشقى دىلىمدا، يارنى ئىزدەيمەن،
ئىرادەم تاغ، ماڭا توسقۇن بولار قانداق ئېگىز تام بار؟
شەرەپلىكمەن بولۇپ دانكۇ يۈرەكنى ئەلگە بەخش ئەتتىم،
ئىشەن، مۇشكۈل سەپەردە بۇ يۈرەك ـ يالقۇنلىغان شام بار!

1966 ـ يىل ئۆكتەبىر.

### خىسلەت ئېگىسىگە

ئەزەلدىن تاجۇ تەخت، دۆلەت ـ پاراغەتتىن تاما يىلىڭ يوق،
بىگانە ئوردىلار ئىچرە ھوزۇر سۈرمەككە رايىڭ يوق.

ھەسەل ھەرە كەبى شىرنە يىغىپ گۈلدىن ـ چېچەكلەردىن،
ۋەتەنگە تەقدىم ئەتمەكتىن ئۇلۇغۋار مۇددىئا يىلىڭ يوق.

مۇھەببەت ـ نەپرىتىڭنىڭ پاسىلى يۈكسەك ـ ئېگىز شۇنچە،
ئانا يۇرت ئەھلىدىن ئۆزگە قۇياشىڭ ياكى ماھىڭ يوق.

ئەلەملەر مۆلدۈرى ياغسا بېشىڭغا «ئاھ» دېمەيسەن ھېچ،
ۋەتەن ـ ئەل ئاھىدىن ئۆزگە سېنىڭ پەريادۇ ئاھىڭ يوق.

دىيارىم خاكىنى سۈرمە قىلۇرسەن ھەر سەھەر كۆزگە،
ئۇنىڭدىن خۇش مۇبارەك سەيلىگاھىڭ، سەجدىگاھىڭ يوق.

زۇلۇم خاقانى چۈش كۆرسە زاۋال پەيتىدە تەشۋىشلىك،
سېنى بەند ئەيلىدى دەسلەپ كىشەنگە، ھېچ گۇناھىڭ يوق.

يۈسۈپ، مەھمۇت غورۇرۇڭدۇر، كۆكۈل تەختىڭدە سۇلتانىڭدۇر،
بۇ ئىككى مۆھتىرەم زاتتىن بۆلەك ئۇستاز ۋە شاھىڭ يوق.

ئانا يۇرت ئەھلىنى ئىرپان، ئىناقلىق ۋەسلىگە ئۈندەپ،
دېدىڭ: بۇندىن بۆلەك قابىل يېتەكچى، باشپاناھىڭ يوق.

ئىلىم – ئىرپان، بۈيۈك بىرلىك – ھاياتلىق مەشئىلىڭ، بىلسەڭ،
جۇدا بولساڭ ماكارغا يول، ياتارغا قەبرىگاھىڭ يوق.

1987 - يىل 12 - يانۋار

## گۈلدەستە

مۇئەللىم، دەستە گۈل تۇتتۇم سەھەر – سۆبھىدە ھۆرمەتتە،
يۈرەكىمدىن تەكتىمگە سىڭگەن بۈيۈك ئىخلاس – مۇھەببەتتە.

ئۇلۇغلۇق باپىدا ئەجرىڭ ئانام ئەجرى بىلەن تەڭداش،
ئانامنىڭ مېھرىدىن مېھرىڭ قېلىشمايدۇ ھارارەتتە.

ھاياتلىق ئالىمى نەدە تەۋەللۇت قىلغۇچى زاتسىز،
مۇئەللىم زېھنى نۇرسىز جاھان قالمامدۇ زۇلمەتتە؟

ئەلەم – كۆلپەت داۋانىدىن ئۆتەر دادىل ئانا، ئۇستاز،
سەۋەب: ھەر ئىككى جان ئەۋلاد غېمىدە – بىرلا مەقسەتتە.

مۇئەللىم ھەم ئانا بولسا زۇلۇم زىندانىغا تۇتقۇن،
كىشىلىك ئالىمى قالغاي جاھالەتتە، نادامەتتە.

ئەزىم دەريا كەبى ئويغاق كېچە – كۈندۈز ئانا، ئۇستاز،
نەسىللەر بەختى – ئىقبالى ئۇلار چەككەن رىيازەتتە،

تەسەۋۋۇر ئەيلىسەم ئۇستاز، ئانا ئوخشايدۇ جۈپ شامغا،
ھارارەت – نۇرى چاقنايدۇ نەسىل قۇچقان سائادەتتە.

رىياكار بىنومۇس بىلمەس ئانا، ئۇستازى قەدرىنى،
كىشىلىك ھېسسى بار ئىنسان ئۆتەر چەكسىز ساداقەتتە ...

ئېسىمدە پەرۋىشىڭ – مېھرىڭ، كۆز ئالدىمدا ھامان چېھرىڭ،
مېنى قوشقان ئىدىڭ كارۋان سېپىگە مىڭ مۇشەققەتتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھۆسەيىن ئوغلى مەھمۇدقا ئوقۇيدۇ ئاپىرىن ئالەم.
يېنىپ تۇرغاچ ئەقىل نۇرى تەۋەررۈك ھەر ۋاراق – بەتتە.

ئىمام ئۇستازىنى ھەر ئان كۆتەردى كۆككە شۇ دانا،
نەمۇنە – ئۈلگە ئۇ بىزگە ئۇلۇغ ئىنسانىي خىسلەتتە...

مۇئەللىم، دەستە گۈل تۇتتۇم سەھەر – سۈبھىدە ھۆرمەتتە،
يېزىلدى ئەرزىمەس نەزمەم ھارارەتلىك مۇھەببەتتە.

1985 – يىل 3 – نويابىر

## دولان كاككۇكى (1)

ئايا دوستلار، جۇدالىقتىن ئېغىر كۆلپەت – ئەلەم قايدا؟
جۇدالىق يامغۇرى بىرلە ياسالمادۇ قىيان سايدا؟

بىھۇش بولماس مۇسىبەتتىن نېمىشقا جان – جىگەر دوستلار.
ئىجادكار – خۇشناۋا كاككۇك نەپەستىن توختىغان چاغدا؟

بىماردەك تولغىنارمەن، ئاھ، ئەمەسمىدىم شىجائەتلىك،
پىداكارنىڭ ئىجادىغا يېقىندىن ئىشقىۋاز – شەيدا.

ئادالەت دىلراباسىنى يۈرەكتىن سۆيگۈچى ئاشىق،
پېشانە تەرىنى تۆككەن ئەمەسمۇ دەل مۇشۇ جايدا؟

سىنىپقا كىرسە، ئۇنىڭ قولدا تۇتۇپ شاھىنى ھېكمەتنىڭ،
ئۇنىڭ جۇلاسىدىن بولغان ئەمەسمۇ مىڭ ھۆكەر پەيدا؟

ئەزىم دەريا ئىدى كۆڭلى – گۆھەر – دۇردانىغا تولغان،
ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بايلىق تېپىلماس نەچچە ئون بايدا.

يۈرەكنىڭ مېھرىنى تۆكتى دولان گۈلزارىغا كۈن – تۈن،
تېنىم تاپماي سوغۇق يانۋار ۋە جاننىڭ راھىتى مايدا.

سىنەم بولماس ئىدى پارە ئۇنى ھېچ كۆرمىگەن بولسام،
ۋە سىرداش بولمىغان بولسام كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش – چايدا.

ئالايلى يەلكىگە ئارمان يۈكىنى كۈيچى كاككۇكنىڭ،
يازايلى، سۈبھى – شام پەرياد ئۇرۇشتىن ئەمدى نە پايدا؟

1980 – يىل 11 – دېكابىر، قەشقەر.

(1) ئوتتۇز يەتتە يېشىدا ئۇشتۇمتۇت قازا تاپقان مەزكۇر مەدرىسىمىز — جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، مەكتەپ ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ ئابرۇيلۇق تەشكىلاتچىسى ئىدى.

## ئاداش

غەلىبە ـ نۇسرەتكە مۇيەسسەر غايىلىك ئىنسان، ئاداش،
غايىلىك ئىنسان شەرەپشان تەختىدە سۇلتان، ئاداش.

ئارزۇ ـ غايە گۈللىرىنىڭ ئاپتىپى ھەم يامغۇرى،
بىز تەسەددۇق ئەيلىگەن ساپ تەر ۋە ئىسسىق قان، ئاداش.

زىمىنىسىگە كەتسە يۈكلەپ كىم نەسىللىك قەرزىنى،
ئاچمىغاي دەرۋازىسىنى جەننەتۇل رىزۋان، ئاداش.

ئىسمى جىسمىغا مۇناسىپ غايىلىك ئوغلان ئىدىڭ،
ئەل ئۈچۈن، ئەۋلاد ئۈچۈن تىرناقتا قازدىڭ كان، ئاداش.

ئەھلى ئىنسان قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈردى «ھۆكۈم»،
ئۇشبۇ ھۆججەتتە نامايەن بىر پۈتۈن دەۋران، ئاداش.

ھۆسنى ـ رۇخسارىنى روشەن ئەيلىدىڭ ھۆر ـ پەرىنىڭ،
گۈل پەرى بەخش ئەيلىگەن بىزنىڭ مۇقامغا جان، ئاداش.

مەرھەمەتلىك قەشقەرى مەھمۇت بوۋام ئويغاق ئەنە،
ئۇ ياراتماقتا يەنە ئالەمشۇمۇل دىۋان، ئاداش.

ئەيلىسە ھاڭ ـ تاڭ جىمى كەسىپ ئەھلىنى رەڭدار «مۇقام»،
جان سۆيۈندۈردى مۇئەللەق ـ ئەرشتىكى جەۋلان، ئاداش…

تەنتەنە قىلغاي باھاسىز تۆھپە ـ ئىنئامىڭغا ئەل،
ياغدۇرۇپ ئالقىش، سالام يوللاپ ساڭا ھەر ئان، ئاداش.

1987 ـ يىل يانۋار.

ئىشقى

## نورۇز شەنىگە

كەلدى نورۇز (يېڭى كۆك) خوشلۇققا تولدى يەر يۈزى،
كۆكتىمۇ سەيىر ئەتتى قۇتلاپ زۆھرە ـ مۇرۇغ… يۇلتۇزى.
ھاۋىدا پەرۋانىدەك مەغرۇر شامال جۇشقۇن ئۇرۇپ،
ياپيېشىللىققا ئورالدى دەل ـ دەرەخنىڭ باش ـ كۆزى.
گۈل چېچەك ئويغاندى نازلىق ئۇيقىدىن نورۇز كېلىپ،
تەنتەنە قىلدى جاھان، تاشتى خۇشاللىق دېڭىزى.

www.uyghurkitap.com



سا يرىشىپ قۇشلار دەرەختە نا خشىدىن شاۋقۇن سېلىپ،
بەزىلەر ئەيلەر چۈمەندە يارىشىپ شوخ مۆجىزى.
بىزگە نورۇز بايرىمى قالغاچقا ئەجداددىن مىراس،
قەدىرلەيدۇ شۇڭا ئەۋلاد ــ بارچە ئەركەك ھەم قىزى.
نورۇزۇم شانلىق كۈنۈڭنى ئەسلىدى «ئىشقى» بۇگۈن،
كۈيلىدى شەنىڭگە سەتره يەنى ئەشئاردىن ئىزى.

1990 – يىل 7 – مارت، قەشقەر.

سۆزۈك

## شېئىرلار

### شېئىرىيەت ھەققىدە رۇبائىيلار

يېڭى بىر شېئىر كۆرۈش دېگەنلىك:
ئىلگىرى يېمىگەن تاماق يېگەنلىك.
لەززىتى ئۆزگىچە ھەر بىر تاماقنىڭ،
ھەر شېئىر ئۆزگىچە بولىدۇ تەملىك.

شېئىر كۆر، كلاسسىك ياكى ھازىرقى،
بولىدۇ بىر بىرىدىن ئەلۋەتتە پەرقى.
تېتىپ باق، ئۇلارنىڭ تەمى ئوخشىماس،
ئوخشىماس ھەر كىمگە تەسىرى بەلكى.

ھىدى ۋە رەڭگىدۇر ئۆزگە ھەر گۈلنىڭ،
ئاۋازى پەرقلىقتۇر ھەر بىر بۇلبۇلنىڭ.
ھەر بىرى قوزغىغان ھېسسىيات باشقا،
ئاھىڭى ئوخشىماس ھەر بىر مەرغۇلنىڭ.

شائىردۇر بىر رەۋشەن ئايىنە گويا،
شېئىردە ئەكس ئېتەر بىر روھىي دۇنيا.
ئايىنە ساپ بولسا قايتۇرىدۇ ئەكس،
ئەكس ئەتسۇن نېمىنى ئۇ بولسا غۇۋا؟

قەلىمىڭ چۈشمىسۇن شائىر قولۇڭدىن،
روھىي ئوزۇق تامسۇن ئەلگە ئۇنىڭدىن.
ئەگەر مېھنىتىڭدىن رازى بولسا ئەل،
مۇكاپات بولامدۇ ئارتۇق بۇنىڭدىن؟

قەلەمنى تۇلپار دەك چاپتۇر ـ يۈگرەك قىل!
تەپەككۇر ئەۋجىگە ئۇنى تۇۋرۈك قىل!
قەلەمگە سىيا قىل يۈرەك قېنىنى،
ۋەرەقنى قان بىلە بېزە ـ گۈللۈك قىل!

جاھاندا قالدۇرساڭ ئىسىڭنى بىر ئىزنى ـ
شېئىرىيەت كۆكىدە نۇرلۇق يۇلتۇزنى.
چىمىرلاپ تۇرسا بۇ يۇلتۇزۇڭ يېنىپ،
ئاخىردەم يۇمۇسەن خاتىرجەم كۆزنى.

شېئىر ياز! چوڭقۇر نازۇك پىكىرلىك،
يۈرەككە دەرد بەرسۇن بولۇپ تەسىرلىك.
ئادا بولار شۇ چاغدا شېئىرنىڭ رولى،
مۇنداق شېئىر بولىدۇ ئەبەدى تىرىك.

### بىر ئاغىنەمگە

تەس ئىشىڭ بولغاندا ئاسان، بولۇسەن قانداق خۇشال؟
كىشىلەرنىڭ مۇشكۇلىن يەش، قىل ئۆزۈڭدەك شادىمان.
سەن ئۆزۈڭگە كۆرمىگەننى باشقىغا كۆرمە راۋا،
ئاۋۋال سانجىپ پىچاقنى، قىل ئۆزۈڭدە ئىمتىھان.

يارىلىشتا تەڭمىز ئادەملىك شەرىپىدە ھەممىمىز،
تاللىغان ياخشى، ياماننىقنى جاھاندا ئۆزىمىز.
ياخشىلىقنى ئەيلە ئادەت، قىل يامان ئىشلارنى تەرك،
بۇ ھاياتقا قالىدۇ قىلغانىغا چۇشلۇق ئىزىمىز.

باق! ئېگىز - پەسلىك تولۇپ-تاشقان بۇ ئالەمنى كۈزەت!
كۆڭلى ۋەيرانلارنى كۆرسەڭ ئەيلە ئاۋات، سەن تۈزەت!
چارە سىزگە چارە كۆرسەت، ياردەمگە قول ئۇزات!
مېۋىلىك بول، ئەلگە نەپ بەر، مېۋىسىز بولما سۆگەت!

بىرخىل ئۆتمەيدۇ كىشى — تۇرمۇش يولىدۇر تەكشىسىز،
بۇ سەپەردە گاھى يول تۈز، گاھى چوڭقۇر، گاھ ئېگىز.
قايسىمىز چەتتە قالالايمىز بۇ قانۇندىن؟ بىراق،
قالسا بەستۇر، بۇ جاھاندا ئىزگۇ ئىشتىن ئىزىمىز.

**ئابدۇسوپۇر سەئىدى**

## ئىككى شېئىر

### نورۇز قوشىقى

نورۇز كەلدى، بۈگۈن باھار كەلدى،
ئويغىنىشتىن بىر دىل خۇمار كەلدى.
ئىشىق بېغىشلاپ تەبىئەت ھەر دىلغا،
مۇھەببەتتىن داستان تۇمار كەلدى.

نورۇز كەلدى، دوستۇم باھار كەلدى،
ئېقىن سۇلار ھەريان تاشار كەلدى.
ياساندى تەبىئەت جۇلا بىلەن،
كۆكتە ئۇچار قۇشلار قاتار كەلدى.

نورۇز كەلدى، يولداش باھار كەلدى،
يېشىل تونلۇق ئېتىز تاۋار كەلدى.
باقسام ھەريان ناۋا قىلار بۇلبۇل،
باغلىرىمغا چېچەك-چوكان گۈلزار كەلدى.

نورۇز كەلدى، بۈگۈن باھار كەلدى،
شائىرلارغا ئىلھام قاتار كەلدى.
ئېتىزلىرىمدا مەردۇ - مەيدانلار،
چىقىپ جەڭگە داۋان ئاشار كەلدى.

نورۇز كەلدى، بۈگۈن باھار كەلدى،
قوزىلاپ قويلار، قۇلۇن چىپار كەلدى.
تەبىئەت كەيگەندە كۆركەم لىباس،
سەيلىگاھقا مىڭلاپ خۇشتار كەلدى.

نورۇز كەلدى، دوستۇم باھار كەلدى،
قەلبىمگە بىلەكتىن ئىزھار كەلدى.
سەبۇر دىل جامىغا چېكىپ خۇشتار،
ئەركىتىن ناۋا ئەيلەپ ساتار كەلدى.

1990 - يىل، 21 - مارت.

### ھېيتگاھ

سېغىنىپ چىقارمەن ھەردەم ھېيتگاھقا،
تويماي باقارمەن مۇئەززەم بىناغا.
شاھانە تارىخنىڭ شاھىدى قەشقەر،
ئاسماننى سۆيگەن بۇ مەغرۇر مۇنارغا.

خىيالىم كەزسە تارىخنى ئۇزاقلاپ،
تۆكۈلەر ئىسسىق ياش سىرغىپ ناماغا.
خەلقىم بىر - بىرىگە مېھرىبان ئىدى،
شائىلىق ئۇ ۋاراقلار تولغان ۋاپاغا.

قايسى بىر كۈندۈر چەرخ تەتۈر ئايلاندى،
تولدى ئۇردا جاڭجال كەيپى - ساپاغا.

ئەلنىڭ تەقدىرى جەۋرىگە جاپا،
قارغىغا لوق گۆش، ئۇستىخان ھوماغا.

شەرقتىن چىققاندا نۇرلۇق بىر قۇياش،
تىكلىنىپ قارىدىم يەنە ھېيتگاھقا.
چېلىنغاندا بۇ كۈي يېڭى ناۋاغا،
ئويغانلىرىم چۈشتى خۇشال ساماغا.

قەشقەر

**ئابدۇللا سۇلايمان**

## شېئىرلار

### تەپەككۇر داۋىنى ئاتلايمەن

قەلبىمنىڭ چەرخنى چۆرگىلىتىپ،
چۇڭگۇ يەمەن خىيالىم يىپىنى.
ھېسسىياتلار تەختىدە سۇلتانىمەن،
چالىمەن ئۆزۈمنىڭ دېپىنى.
ئۆزگىچە بىر ناخشا باشلايمەن،
تەپەككۇر داۋىنى ئاتلايمەن.

جاھان بىر قونالغۇ - ئۆتەڭدۇر،
مەن ئاڭا مېھمان بوپ تۇغۇلغان.
يەپ ئۇنىڭ ئېشىنى، تۇزىنى،
قاتمۇ - قات قەرزىگە بوغۇلغان.
كەچمىشنى بىر - بىرلەپ يادلايمەن،
تەپەككۇر داۋىنى ئاتلايمەن.

خالتامنى ئارتىپ شاش موزايغا،
چىقتىم بۇ سەپەرگە سەھەردە.
«ئەخمەق» دەپ مەسخىرلەپ ئۇچتى تېز،
ئۇ سۇنئىي ھەمراھدا زەپەردە.
ئاچ قورساق ئاسمانغا باقمايمەن،
تەپەككۇر داۋىنى ئاتلايمەن.

سۇ تەلەپ قىلغانىتىم چاڭقىغاچ،
بەرمىدى، چىنىمىز يوق- ، دېدى.
بولسىمۇ قاپاقنىڭ سۈيى لىق،
ئىچمىدىم (ئىززىتىم بار ئىدى).
يارامنى سەللەمدە ياپمايمەن،
تەپەككۇر داۋىنى ئاتلايمەن.

يوقالغانىدى كۆپ مۇقەددەم،
ئانامنىڭ خەزىنە ئاچقۇچى.
ئىزدىدىم سەددىچىن، تارىمنى،
مەن بولۇپ توساقنى چاچقۇچى.
ئۆتكەنگە ئىز - ئاياغ باسمايمەن،
تەپەككۇر داۋىنى ئاتلايمەن.

ئەجدادلار نامىغا مەدھىيەم،
ياسىدى كىنتابلار ئورمىنى.
كىم بولدى، قارىغىن، ئاچچىقلاپ،
گۆرىدىن تىنىك قوپۇپ تۇرغىنى؟
ماختىنىپ مەيدەمنى قاقمايمەن،
تەپەككۇر داۋىنى ئاتلايمەن.

ئۇز، سەتلىك ئىچىدە يېتىلىپ،
ئىنتىلدىم كۆكىدە ئۇچقىلى.
ئېرىشتىم سەتلىككە خېلى كۆپ،
بولمىدى ئۇزلۇقنى قۇچقىلى.
ئۇزلۇقنى سەتلىككە چاپلايمەن،
تەپەككۇر داۋىنى ئاتلايمەن.

ياشاشتا ئالدىدىم ھاياتنى،
مېنى ھەم ئالدىدى ھاياتمۇ.
مىسالى ئېشەككە بەردىمىر،
كۇنجۇرە، ساما نمۇ، ناۋاتمۇ.
كىتىرلاپ ھېچ تىنىم تاپما يمەن،
تەپەككۇر داۋىنى ئاتلا يمەن.

* *

خىيالىم چارقىغا قاپتىمدىن،
يۆگەيمەن ھېسسىياتلار يىپىنى.
قەلبىم سۇ، ئەلگىكىم تەسەۋۋۇر،
بىلىمەن تاسقاشنىڭ ئېپىنى.
چولپانىمەن، ئادا قىقى چاقنايمەن،
تەپەككۇر داۋىنى ئاتلايمەن.

**ئىلتىجايىم**

خېجىل بولما چىقالىمىدىم، دەپ،
تاگلا ئاخشام مېنىڭ ئالدىمغا.
ئۆرتىنىمدۇ يۈرىكىم بۇندا،
مەيۇسلىكىم چۈشسە يادىمغا.

شاماللاردىن نىداسى كېلەر،
مۇگلىرىگىنىڭ قۇلاقلىرىمغا.
ياپراقلىرىنىڭ چۈشىدۇ يازدا،
تەسكەيدىكى بۇلاقلىرىمغا.

بىلىمەنكى، مۇڭ ۋە مەيۇسلۇك،
ئەمەس ئەسلا سېنىڭ مۆجىزەڭ.
خېجىل بولۇش جاھان ھۇنىرى،
ئۇلار بارلىق ۋە يوقلۇققا تەڭ.

مەيۇسلىكىڭ ئېچىرەمەن ئۈچۈن،
شۇنچە گۈزەل بولۇپ كېتىسەن.

خېجىللىقىڭ تۇپەيلى ئى يار،
يۈرىكىمنى كاۋاپ ئېتىسەن.

مۇڭ ـ قايغۇنىڭ ئىلكىدە ئۆزۈك،
بۇيۇكتۇرسەن قارلىق تاغلاردەك.
تىنىقىڭدىن ھىدلايمەن باھار،
تاشقىن سۇيى ئىچكەن باغلاردەك.

بىر ساگلا خاس بۇ مۆجىزە،
يارىتىشتىن تاپقان يارىنىش.
يارىنىشىڭ ئۆمرۇمگە شىپا،
باشقىلىرى ئەرزىمەس بىر ئىش.

**مېھرىم مېھمان بۇ ھاياتلىق ئۆيىگە**

يىغلىما يمەن، زېمىن يىغلار مەن ئۈچۈن،
كائىنات تىنىڭ چېھرىدە كۆك بۇلۇتلار.
دەريا يىغلار، تاغلار قەترە تۆكمەكتە،
بىر ـ بىرىگە باشلىرىنى قويۇپلا.
بەك ئۇزاقتىن كېلەر بوغۇق بىر سادا،
مەن ئۈچۈن ئۇ ياگراتما قتا مۇڭ ـ نىدا.

يىغلىما يمەن، زېمىن يىغلار مەن ئۈچۈن،
ئىسكىرۇپكا چالماقتا كەڭ تەبىئەت.
ئۇ ئىزگۈلۈك ۋە ھەسرەتلىك كۈيلەيدۇ،
ئىزگۈ كۈيدە بار ئاجايىپ قەتئىيەت.
مېنى ئىزدەر يىغلاپ ئاققان زور ئېقىن،
مېنى ئىزدەر گۈلدۈرماما ۋە چېقىن.

يىغلىما يمەن، زېمىن يىغلار مەن ئۈچۈن،
سۇرمەكتىمەن چوگقۇر، تەگسىز خىياللار.
خىيالىمدا ھارارەتلىك مۇھەببەت،
خىيالىمدا جۇش ئۇرىدۇ قىيانلار.
پىكرىم تېكىست كەڭ تەبىئەت كۈيىگە،
مېھرىم مېھمان بۇ ھاياتلىق ئۆيىگە.

يىغلىمايمەن، زېمىن يىغلار مەن ئۈچۈن،
پىچىرلايمەن ئادەم بىلەن ھاۋانى.
بۇ پىچىرلاش زېمىن ئۈچۈن تەسەللى،
( ئۇلار ئېيتقان تۇنجى كۈيىنىڭ داۋامى ).
يىغلىماسلىق يىغلاشقا چىڭ چېتىلغان،
بۇندىن سۆيگۈ بىر - بىرىگە قېتىلغان.

**ئابدۇقادىر جالالىدىن**

## قەشقەر غەزەللىرى

1

سېنى كىم بۇ جاھان مۈلكى ئارا ساھىبقىران ئەيتتى،
جاھان كەزگەن مۇھەببەت قۇشلىرىغا نام - نىشان ئەيتتى؟
باھاسىز سەلتەنەتىڭگە ئەسىرلەر ئۆتتى كۆز تاشلاپ،
زامانلار شانۇ - شەۋكەت بابىدا گوياكى خان ئەيتتى.
باھار باغىڭ ئارا ياپراق يۈزىدە يالتىرار شەبنەم،
ئۇنى قايسى جۇنۇنىڭ چەشمىسى پىنھان راۋان ئەيتتى؟
راۋاب، تەمبۇر، ساداسى ياڭرىدى دوقمۇشتا - دوقمۇشتا،
ساداكى بەھرى ئۇممان ئاستىدىن گۆھەر ئايان ئەيتتى.
مۇنارىڭ بوي سوزۇپ ئاسمانغا، ئويناتتى ھىلالنى،
خۇداغا بەلكى سىرھەم ئەلتىجاسىنى بايان ئەيتتى.
سېپىللار چاك - توزانلار قايىنىمىدا لەيلىدى - چۆكتى،
تېنىم تاپماس شاماللار پەي - قاناتىنى كامان ئەيتتى.
ئېقىنلار شاۋقۇنىدىن ئەستىسە زەيتۇننى گەر سۇلغۇن،
ئېرىز نامىڭ چېچىپ رىشتە دىنىنى ئەمتەھان ئەيتتى.

2

سېنى كىم بۇ جاھان بازارىدا نامېھرىبان ئەيتتى؟
سېنىڭ نامېھرىبانلىق خىسلىتىڭ باغرىمنى قان ئەيتتى.
ئاھاڭلار ئۇرغۇسا تىترەڭگۈ تاردىن دىلنى رام ئەيلەپ،
قونۇپ ئەستەكلىرىم تار ئۈستىگە ئۆكسۈپ يىغان ئەيتتى.
دېڭىزنىڭ قۇدرىتى زۇمرەت تۇسىدە چايقىلار ھەر دەم،
بېلىق ئاچچىق شارابىڭ قوينىنى مەڭگۈ جاھان ئەيتتى.
تۆكۈلدى كۆك چىنارى بەرگىدىن ھەر تاڭدا ياپراقلار،
ھېساپسىز قاپ - قارا كۆز باغرىنى يۇلتۇزغا كان ئەيتتى.
خوراز ھۆرپەيسە ھالرەڭ نۇر ئارا ئويناپ ئورمانلار،
ھەزىلچى بۇ پەلەك ھەييارلىقنى شۇڭا دان ئەيتتى.

پەسىللەر قايتىمسۇن دەرگاھىغا ھېچ سوۋغا ئالماستىن،
پۈتتۈپ ئەسرارىنى ياپراق ئۈزرە سۇلغۇن دىۋان ئەتتى.

3

چۈشۈم بۇلبۇللىرى پەر قاقسا، بولدى بىر دىيار پەيدا،
ياشارغان ھەر گىياسى ياپراقىدىن خۇش ئىپار پەيدا.
سابا شوخ نەغمىسىنى ئېيىپ كېلەر غىلمانۇ - رىزۋانىنىڭ،
بېشىمغا سايە تاشلاپ ھەر قەدەمدە بىر چىنار پەيدا.
شەپەقتىن كەيگىنىمدە تون، ھىدى ئۇنتۇلدى ھاكلارنىڭ،
شىپالىق مەلھەمدىن خۇش ئېتىپ بولدى ئانار پەيدا.
قانا تىنى يۇلۇپ ئۆز جىسمىدىن بەرگەندە ئىسراپىل،
كائىنات باغرىنى قۇچماق ئۈچۈن بولدى خۇمار پەيدا.
ھايات قورغانىنى قۇرغان ئىمىش كۆيگەن سۆڭەكلەردىن،
بولۇپ بۇندا ئەزەلدىن تائەبەت بىر ئۇستىكار پەيدا.
پايانى يوق باياۋان ئىچرە كۆردى ئۆزىنى سۇلغۇن،
كۆرۈك، لوقمان ھېكىمنى چارىسىز قويغان بىمار پەيدا.

4

جاھانغا ئۈھسىنىپ باقسام بولۇر ئالدىمدا قار پەيدا،
يەنە تىنسام توزۇپ قار يوتقىنى خۇشخۇي باھار پەيدا.
ئۈچارلىقلار كېلىپ شاخلار ئارا گەر ئاشيان قۇرسا،
ئوراپ غۇنچە - چېچەكلەرنى ناۋالىق سەبزەزار پەيدا.
پەلەكنىڭ چارخى بىر - بىر ئايلىنىپ بارغاندا بىرچەككە،
چىمەننىڭ ئورنىدا ئابىدىلەر ياتقان مازار پەيدا.
مازارنىڭ خىلۋىتى گۈمبەز ئىچىدىن شەيخنى ئۇچراتتىم،
جاھاننى تەرك ئېتىپ بۇندا بولۇپتۇ خالىسار پەيدا.
تېپىپ ھەقنىڭ يولىنى قايناغان يۇلتۇز ئاراسىدىن،
كۆلۈپ بىدارى ئاشىق، بولدى ئىشقى تاجدار پەيدا.
مۇھەببەت شەربىتى ئايلاندۇرار ئادەمنى شەيتانغا،
لېكىن شەيتانلىقىڭدىن ھەر مىنۇت لەۋزىڭدە زار پەيدا.
بولۇپ بىر كۈن پەرىشتە، ئۈچقىنىڭدا تەنگە تاش تەككەي،
ئەگەر سۇلغۇن يېنىڭدا قىلمىساڭ سېھرى تۇمار پەيدا.

5

گەر ۋىجدان بولمىسا، جاندىن نە ھاسىل؟
جانىنى دەپ يېپىلگەن ناندىن نە ھاسىل؟
دوست - دۈشمەن پەرقىنى تونۇماي تۇرۇپ،
بىھۇدە تۆكۈلگەن قاندىن نە ھاسىل؟
قۇملارغا، ئۈيۈلدەك تاشلارغا قارا،
ساپايىڭ بولمىسا ساندىن نە ھاسىل؟

زەر، ئۈنچە قىممىتى ھەممىگە ئايان،
گەر كۆزۈڭ بولمىسا كاندىن نە ھاسىل؟
قاۋىساڭ، يول يۈرگەن كارۋانغا قاراپ،
تاشلارغا پۈتۈلگەن شاندىن نە ھاسىل؟
نە ھاسىل، ئەي سۇلغۇن سەندىن نە ھاسىل،
پاراسەت بولمىسا، ئاندىن نە ھاسىل؟

نۇردۇن مۇسا

## پەيزاۋات پۇتۇكلىرى

( چاتما )

### مۇقەددىمە

گۈل ـ گۈلۈستان، بەختىيار يۇرت پەيزاۋات،
سائادەتنىڭ نۇرى چاقنار ھۆسنۈڭدە.
ئىسلاھاتتا تاكشۇرۇلغان تۇلپارسەن،
كۆتۈرۈپسەن ئېغىر يۈكنى ئۈستۈڭدە.

خەلقىڭ ئىشچان خۇددى پەرھادنىڭ ئۆزى،
مۈشكۈل تېغى يېمىرىلگەن ئۇچاڭدىن.
سېنى كۆردۈم، ھايا جانغا چۆمۈلدۈم،
نەزمە يازدىم ئۆتتۈۋېتىپ كوچاڭدىن.

دوستلار بىلەن سىرداشقانچە قانىمىستىن،
سەيلى قىلىپ كېلىپ قالدىم رەستىگە.
گۈل ئېچىلغان ھەممە يەردە ھۆپپىدە،
قۇچاقلارمۇ تولۇپتۇ گۈل دەستىگە.

گۈزەللىكتىن قەلبىمدە نۇر چاقنىدى،
سۆيگۈ ئىشقى ئاتەش بولۇپ ياندى.
لەۋلىرىمدىن ئاقتى شەربەت كۈلكىسى،
سەيلى ئارا شەربەت ئىچىپ قانغاندا.

### قوغۇن يېگەندە

باھار ئىشقى يۈرەكلەرنى ئويغىتىپ،
مېھنەت كۈيى ياڭرىغاندا ئېتىزدا.
يېتىپ باردۇق تېرىم دېگەن گۈلشەنگە،
يېڭى تۇيغۇ ھەر يىگىتتە، ھەر قىزدا.

باشلاپ باردى دېھقان ئاكا ئېتىزغا،
قوغۇن يېدۇق، تىلىنى يارار تاتلىقى.
ئۇرۇقىنى ئېلىۋالدىم ياغلىققا،
ھەرنە جاندا ئۇمىد، ئەمگەك شادلىقى.

### قوم بازار

پەيزاۋاتنىڭ بازىرىكەن قوم بازار،
نېمىتى مول، خەلقى ئىناق ئومۇم بازار،
تەشنا بولۇپ باردىم ئۇنى كۆرگىلى،
سەيلە قىلىپ بازار پەيزى سۈرگىلى.
نازۇ ـ نېمەت بۇ بازاردا مول ئىكەن،
ھەممە نەرسە ئىزدىسەڭ بار، غول ئىكەن.
پۈكەيلەردە رەڭدارماللار گۈلكەشتە،
بازار ئاۋات ھەر سەھەردە، ھەر كەچتە.
ئىللىق ئىكەن قوم بازارنىڭ ھاۋاسى،
ئەرزان ئىكەن، ئاشلىقنىڭ باھاسى.
بۇلۇت كەبى مىغىلدايدۇ چارۋىلار،
يولغا پاتماس ماشىنا، ئات ھارۋىلار.
كانارىدا گۆش ئېسىغلىق رەتمۇ رەت،
قاسساپلىرى ئىنسا پلىقكەن، شۇنچە مەرت.
قوغۇن ـ تاۋۇز قوم بازارغا پاتماپتۇ،
مېھنەت سۆيەر دېھقان بىكار ياتماپتۇ.
قوم بازارنىڭ تۆھپىسىدىن شادلاندىم،
يېڭى نەزمە پۈتمەك ئۈچۈن ئاتلاندىم.
ئۆرلە دېدىم، قوم بازارغا ياندۇرۇپ،
خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ...

### خاتىمە

تەرىپىڭگە سۆز يەتمەيدۇ پەيزاۋات،
ھەر كۈنۈڭدە بۈيۈك خىسلەت، مەنا بار.
يازغانلىرىم ئۇنىڭ مىڭدىن بىرىدۇر،
قالغىنىنى يازماققا بىر قەنە بار.

گۈللە يەنە قوغۇن كانى پەيزاۋات،
قانات قاقسۇن زەپەر قۇچۇپ يەنىمۇ.
مېھرىلىك بىلەن ئاش، تۈزبەردىلىك، شان بەردىلىك،
سەنچە كۆيەر كۆيسە ئەگەر ئانىمۇ.

1989 ـ يىل ماي، پەيزاۋات

**ھەبىبۇللا ئوسمان**

## ئىككى شېئىر

### يۇرىكىمدە ئاق خالاتلىق پەرىشتە

ئاق خالاتلىق گۈزەل پەرىشتە،
ھۆسنىڭىزدەك پاككەن دىلىڭىز.
سۆيىنىدۇ بىمار ھەممىشە،
ئاچچىق - چۆچۈك ئىكەن تىلىڭىز.

لەۋلىرىڭىز گۈلاستەك قىزىل،
چىشلىرىڭىز سەدەپ - ئۈنچىدەك.
كۆزلىرىڭىز مېھىرلىك بۇلاق،
قامىتىڭىز زىلۋا، غۇنچىدەك.

كۆز ئەينەكنىڭ ئاستىدىن چاقنار،
ئۈمىد بىلەن ياندىغان كۆزىڭىز.
ئۈيغۇرچىنى سۆزلەيسىز راۋان،
بولسىڭىزمۇ قازاق ئۆزىڭىز.

بىمارلارنىڭ شەپقەت - غەمخورى،
ئەزىم دەريا ئىكەن مېھرىڭىز.
ئىش - ئىزىڭىز لېيى فېلىك سىماسى،
ئۆتكۈر ئىكەن شۇنچە زېھنىڭىز.

شەرەپ تاختا سىزگە لايىقكەن،
كەسپىڭىزگە شۇ قەدەر ماھىر.
بالنىستنىكى چوغلۇق سىز مەڭگۈ،
ئىشقىڭىزدا كۆيەر مىڭ تاھىر.

### ئايدىن گۈزەل، ئاي دېسەم

قىلۇر دىلنى مەھلىيا،
گۈزەللىكى قىزلارنىڭ.
گۈل كەشتىنىڭ ئەندىزى،
پەرى باسقان ئىزلارنىڭ.

جۇپ زىننا قلار مەڭزىدە،
شۇنچە نازۇك لەۋلىرى.
خۇددى خالدەك ياراشقان،
قاش بويىدا مەڭلىرى.

قېشى ھىلال قوشماق ئاي،
چىم بۇلاقتەك كۆزلىرى.
خۇددى بۇلبۇل ناۋاسى،
جانغا راھەت سۆزلىرى.

بىرسى فابرىك تېخنىكى،
دوستى ئەلا ئوقۇشتا.
بىرسى داڭدار ناخشىچى،
بىرسى گىلەم توقۇشتا.

بۇدرە دولقۇن چاچلىرى،
مۇرىسىدە يەلپۈنەر.
ماڭسا كۈلۈپ شۇ قىزلار،
ئاتەش يۈرەك تەلپۈنەر.

**تۇراپ ھەسەن**

## غەزەللەر

### شاراب ناخشىسى

ئەلمىسا قتىن ھەر گۇناھ، بالا - قازاغا مەي سەۋەب،
ئى بۇرادەر، نە قىلاتتىڭ مۇنچىلا سورۇن تۈزەپ.

سوك، قوناق، قۇلماق، ئۈزۈم، خۇرۇچى ئىسپىرت يەنە،
تۇرسا جىم شېشىدە ئىنسانغا بېرەلمەس نەپ، شەرەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاشۇ ـ گۈش، نەغمە ـ ناۋا ئۇسىز ئاچالمايدۇ كۆڭۈل،
جامىغا مەي قۇيسالىڭ شۇئان ساماغا چۈشكەي ھەر تەرەپ.

بەزىلەر خوش ـ خوش ئېيتىپ، قايناتسا چاقچاق، ناخشا ـ كۈي،
ئەھلى سورۇن جانلىنىپ ئويناپ جۇلاسى كۆك تىرەپ.

بەزىلەر مەي زەھرىدە سورۇننى كەيسە بېشىغا،
بەزىلەر غەرق مەس تۇرۇپمۇ سۆزلىمەس، قويماس تەلەپ.

بەزىلەر مەي زەھرىدە تۆكسە يۈزۈگنى بىر يولى.
بەزىلەر مەي قەھرىدە قىلار كىشىگە دەرد ، غەزەپ.

بەزىلەر، شۇ بەزىلەردىن قىل ھەزەر، قاچقىن يىراق،
ئادىمىنىڭ ئادىمى بار ئىزلىسەڭ ئاقدىل ئەجەب.

قېنى قۇي، ساقىلىقىڭغا ئاپىرىن، ئوتلايلى بىر،
قارىسام، ھەييامۇ كەپتۇ قېشىمىزغا چۆلدەرەپ.

مەي ـ كۆڭۈلنى خۇش قىلار ياتنىمۇ تۇغقان، دوست قىلار،
مەيلى ئاقتەن، يا سېرىقتەن، يا تۇركسەن، يا ئەرەب.

مەي ـ مۇھەببەت زەمزىمى، ئاقسۇن مۇھەببەت تە جاھان،
ئى تۇراپ، قۇيغىن شاراب، دوستلۇق كېرەك! دوستلۇق كېرەك!

**ئەلتىجا**

تاڭدا ئۇچۇردۇم شامالىمنى،
ئاچسۇن يۈزۈڭدىن رومالىڭنى.
سېغىنغىنىمدىن يۈرەكىم ئوت،
كۆرەي ئۇزۇنراق جامالىڭنى.

ئۆلتۈرۈسەن يا كۈلدۈرىسەن،
ئاشكارا قىلغىن نىھالىڭنى.
ئالدىڭدا قۇلمەن، كۆكرەكتە قول،
ئاغدۇر لېۋىمگە زىلالىڭنى.

مەجنۇنتال قەددىم شەمشاد بولۇر،
ئاچساڭ قۇچاغىڭ ــ كامالىڭنى.
بېشىم ئاسمانغا تاقاشماسمۇ،
قۇچسام سەن نۇرلۇق ھىلالىمنى.

**ئەتىگەن**

مەن ئۇچۇن ياپما يۈزۈڭنى ئەتىگەن،
ھەم يىراق قىلما ئۆزۈڭنى ئەتىگەن.
گۈل ئېلىپ كەپسەن قېشىمغا دەستىلەپ،
ئاھ سۆيەي باسقان ئىزىڭنى ئەتىگەن.

تولدى كۆلبەم خۇشپۇراققا، «خۇش!» دېدىڭ ــ
ئوق قىلىپ چولپان كۆزۈڭنى ئەتىگەن.
ئۆرگىلەي، كەپتۇر مۇشۇنداق، مەنمۇ خۇش،
ئاڭلىسام شېرىن سۆزۈڭنى، ئەتىگەن.

**ئاخشىمى**

ناز بىلەن كەلدى نىگارىم، ئاخشىمى،
ئۆزى ئوت، كۆزى خۇمارىم، ئاخشىمى.

دېدى: «نە ۋەجىدىن چىرايىڭ زەپىران،
يەتتىمۇ ياكى ئازارىڭ، ئاخشىمى».
«ياق! - دېدىم كۆيدۈردىڭغۇ، يوقلىمىدىڭ،
قالمىدى سەنسىز چىدارىم ئاخشىمى».

شۇ يوسۇن مۇڭداشقىنىمىزنى خەق كۆرۈپ،
يايدى يۇرتقا يوقسۇ بارىم، ئاخشىمى.
بولدى، بويتا قىلمىقىڭ نالەت، توي قىلاي،
يەتكۈزەر ۋىسالىغا يارىم، ئاخشىمى.

**ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن**

## يېڭى سۈرەتلەر

### بىر گۈزەلگە بېغىشلىما

قارچۇغىلىرىڭ ئۇچتى كۆزۈڭدىن،
قارچۇغۇمغا تاشلاپ كۆلەڭگە.
ئەگەشتۈرمەك بولۇپ ئىشقىمنى،
خىيالىمغا تەگلىدىڭ تەڭگە.

قولاقلىرىم تامان ئىنتەردىڭ،
ئاھلىرىڭنى تارتىنىپقىنا.
ئۈمىدلىرىڭ قايتقاندا سولغۇن،
يۈرىكىڭدە پارتلىدى مىنا.

قارلىغاچقا يادلاتقان كۈيۈڭ،
ۋىجىرلاندى باھاردا تالاي.
تۈگۈلۈكىمدىن قىسىلدى نەچچە،
يۈرىكىڭدىن كۆتۈرۈلگەن ئاي.

سەن ئىزىمغا باققان كوچىلار،
قالدى تىڭشاپ سىرلىق مۇئەممە.
زاكاتقا زار نىگاھلىرىڭغا،
بېرەلمىدىم ئېتىبار ئەمما…

### قۇرۇغان ئېقىن

قاقاس ئىچرە ياتار تاشلىنىپ،
تېرىلىرى سويۇلغان ئېقىن.
چۈشلىرىنى بېرەر قايتۇرۇپ،
گۇگۇم پەسلى تىرىلگەن چېقىن.

ساھىللارنىڭ قولىدا قاخشال،
ئۆلگەن دورمان قۇرغاق ئەجەلدە.
ئالداپ قۇشلار كۈيىنى پەسىل،
چاڭگىسىنى تۆككەن ئۆستەڭگە.

يىلتىز چايناپ چاڭقىغان توشقان،
بويلىرىغا كەلمەس سەجدىگە.
جۇپ ئىز سوراپ شورلىغان قاشتىن،
قۇيۇن ئۇچار ئالدى - كەينىگە.

جىمجىتلىقنى تالىشار شامال،
بىھۇش قۇمنى ئۇچۇرۇپ پۇر - پۇر.
جەننەت كۆرگەن شېھىد ئېقىندا،
ئۆمۈچۈكلەر توقۇپ يۈرەر تور…

### تاش يۈرەك

شەيتان كۈلكەڭ سىلاپ كۆڭلۈمنى،
يۈرىكىمنى ئالدىڭ سۇغۇرۇپ.
بەردى تاغلار شۇ چاغ بىر يۈرەك،
قات - قېتىمنى تاشتا يۇغۇرۇپ.

خىيالىڭنى يايدىڭ تور قىلىپ،
پۈتلىمىيالماي قالسا يوللىرىڭ.
مالتىلىدى ئەقلىمنى ھەر كەچ،
دات پەلەيلىك قارا قوللىرىڭ.

ئۇرۇپ كەتتى بازغان كۆزۈمگە،
يۈرىكىمگە ئۇرۇلغان مەھەل.
قارچۇقىڭنى قويدى چۆچۈتۈپ،
قەبرىلەردىن دەس تۇرغان غەزەل.

تاش يۈرىكىم ئۆزرە تاغلىرىڭ،
ئۇۋا ياسار چىدام يۈرەكتە.
قۇياش رەڭلىك كۈلكىلەر شۇ دەم،
باغرىم ئىچرە باقى تۈنەكتە…

ئۆمەرجان روزى

# سەيلگاھتىكى چۈش



( ھېكايە )

ئەمدىلا كىرىپ كىر يۇيۇشقا تۇتۇنغان ماھىنۇر ياتاقدىشى ئاسىيەنىڭ ياتاققا كىرىپ كەتكەنلىكىدىن خۇشاللاندى. ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ ماغزاپ يۇقى قوللىرىنى لۆڭگىگە سۈرتىۋەتكەندىن كېيىن چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ئاسىيە، ئەتىگەن ئېيتىپ بەرگەن چۈشۈڭ ئوڭ ئىكەن جۇمۇ! قارىماسەن، تەلەيلىك يىگىتتىن بىرسى ساڭا ئېغىز ئاچقانىدەك قىلىدۇ. ئۆزۈڭمۇ تەلەيلىك... خۇدايىم زۇۋۇلۇڭنى يوغان ئۇزگە نەمىكىن تاڭ...

ماھىنۇر شۇنداق دېگىنىچە شىرە ئۈستىدە تۇرغان بىر پارچە خەتنى ئاسىيەگە ئۇزاتتى.

— كىمدىن كەلگەن خەتكەن ئۇ؟ — ئاسىيە تەقەززالىق بىلەن كونۋېرتنى قولىغا ئالدى-دە، كونۋېرت ئۈستىدىكى خەتنىڭ چىرايلىق يېزىلغىنىغا قارىماي، خەت يازغۇچىنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ، چىرايى ۋىللىدە قىزاردى، ئارقىدىن چۆچۈگەندەك ماھىنۇرغا لاپپىدە بىر قارىۋېلىپ كونۋېرتنى يىرتتى.

خەت يازغۇچى كونۋېرتقا ئۆزىنىڭ ئادرېسىنى يازمىغان، پەقەت: «شەھەرلىك ئىلما-توقۇلما ماللار زاۋۇتى توقۇش سېخىدىكى ئاسىيەگە تېگىدۇ، تۇرسۇندىن» دەپلا يېزىلغانىدى.

— تۇرسۇن دېگەن كىم ئۇ؟ قەيەردە ئىشلەيدۇ؟ — سورىدى ماھىنۇر، ئەمدىلا كونۋېرتنى يىرتىپ ئىچىدىكى خەتنى ئوقۇشقا تۇتۇنغان ئاسىيەگە قىزىققان ھالدا.

— كىم بولاتتى، ھېلىقى تۇرسۇن قارىۋايچۇ!

— قايسى تۇرسۇن قارىۋاينى دەيسەن؟

— ھېلىقى توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتىدىكى تۇرسۇن قارىۋايچۇ.

ئاسىيە شۇنداق دېدى-دە، ئاغزىنىڭ بۇرجىكىدە كۈلۈپ قويۇپ، دىمىقىنى قاقتى.

— ۋايىيەي! ئادەمنىڭ يېتىم قوۋۇرغىسىنى ئېگىپ قىلغان گېپىنى.

ئۇ مەگىستىمىگەن قىياپەتتە خەتنى پۈرلاپ يۇندە تۆكۈلگەن داسقا تاشلىۋەتتى. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن ماھىنۇر ئۇنىڭدىن ئىتتىك سورىدى:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ بىرسى خەت يازسا، مۇشۇنداق قىمۇ ھۆرمەتسىزلىك قىلامسەن؟

ـ هۇرمەتسىزلىك دەمسەن؟ ئۇ قارى-
ۋايدىنچۇ تازىمۇ بىزارمەن، نەدە كۆرسە،
ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، خۇددى
سالجىدەك چاپلىشىۋالىدۇ. ئۇنداق قارىۋاي-
دىن يانچۇقۇمدا مىكى دېگىنە، يېـتىـم قو-
ۋۇرغامنى ئېگىپ: مۇھەببىتىمنى قوبۇل كۆر-
سىڭىز، توي قىلساق دېگىنىنى تېخى.

ئاسىيە مەسخىرە ئارىلاش قاقاھلاپ كۈلۈپ
قولىدىن قاس چىقىرىپ قويدى ـ دە، ئۆزىنى
كارىۋاتقا تاشلاپ، ئىككى بىلىكىنى گىرەلەشـ
تۈرۈپ ياستۇققا يۆلەندى.

— ئۇنداق دېمە! ئاغزىڭدىن كۈپۈرلۇق
چىقىپ كەتمىسۇن يەنە، ـ دېدى ماھىنۇر يۇ-
يۇلغان كىرلىرىنى سىقىۋېتىپ، ـ بىز قىزلارنىڭ
ئوغۇللارنى باشتا ياراتماي يۈرۈپ، كېيىن
نېمە ئۈچۈندۇر پۇشايمان يەپ ئازابلىنىپ
يۈرۈيـدىغـانلىرىمىز ئازمۇ؟ يىگىتلەردىمۇ
كۆڭۈل بولىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلىنى ئاياش
كېرەكتە، تۇرسۇن دېگەن ئۇ يىگىتنى مەنمۇ
تونۇيمەن. ئۇ ئالدىنقى يىلى تېخنىك ئىـشـ
چىلار مەكتىپىنىڭ توكچىلىق كەسپىنى پۈتتۈ-
رۈپ كەلگەنىغۇ دەيمەن. ئۇ نېمىلا بولمىسۇن
تېخنىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ شۇنداق ئېغىر-
بېسىق، ئەخلاقلىق كۆرۈنىدۇ. مەن ئـۇنـىڭ
پات ـ پات كوچىدىكى ئېگىز ستولبىلارغا كەپـ
تەردەك قونۇۋېلىپ، توك سىملىرىنى ئوڭشاـ
ۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن. ئەگەر ئۇ ساڭا ئېـ
غىز ئاچقان بولسا، تەلىيىڭنىڭ كەلگىنى شۇ.

— ۋايىيەي، ئۇنداق تېخنىك، مـۇنـداق
تېخنىك دېمىسەڭمۇ، مەنمۇ ئوبدان بىلىمەن.
ئۇ دېگەن بەرىبىر تۇرسۇن قارىۋاي.

— بوپتۇ، سەن بىلەن بۇ ھەقتە تـالاشـ
ماي. لېكىن، سەن تۇرسۇن بىلەن قانداق تو-
نۇشۇپ قالغان؟ ـ سورىدى ماھىنۇر ئۇنىڭدىن
تېخىمۇ گەپ كوچىلاپ.

— ئۆتكەندە زاۋۇتنىڭ توك يولىنى ئۆز-
گەرتىپ قايتا قوراشتۇرغاندا ئۇ بىزنىڭ سېخـ
قا توك سىمى تارتقىلى كىرىپتىكەن، شۇچاغـ
دا ئازراق گەپكە سېلىپ قويغانتىم. شۇنىڭـ
دىن كېيىن مېنى نەدە كۆرسە باشقىچە سالام-
سائەت قىلىدىغان، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ
گەپ ـ سۆز قىلىدىغان بولۇپ قالدى. مەنمۇ
ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن كولدۇرلىتىپ گەپكە سېـ
لىپ قويسام كەينىمدە سايىدەك ئەگىپ يـۈ-
رۈيدۇ. مېنىڭ كۆڭلۈمچۇ، تۇرسۇندەك قارىـ
ۋاينى ياخشى كۆرۈپ قالىدىغان پەس كـۆـ
ڭۈلدىن ئەمەس.

— خەتتە نېمە دەپ يېزىپتۇ؟ ـ سـورىدى
ماھىنۇر.

— نېمە دەيتتى، ـ دېدى ئاسىيە زاڭلىق
قىلىش تەلەپپۇزى بىلەن دىمىقىنى قـېقىپ، ـ
مەن سىزنى ئۇنداق ياخشى كۆرۈپ قالدىم،
مۇنداق ياخشى كۆرۈپ قالدىم، مـۇھـەببەت
باغلىساق دەيمەن. يەنە تېخى: بۈگۈن ئىشـ
تىن چۈشكەندىن كېيىن، كۆل بويىدىكى سەيـ
لىگاھقا چىقسىڭىز، پاراڭلاشساق، سىزگە دەيـ
دىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى، دەپ يېـ
زىپتۇ. مەن تېخى ئۇنى ئىزدەپ كۆل بويىـ
دىكى سەيلىگاھقا بارىمىشمەن...

× ×

كەچقۇرۇن زاۋۇتنىڭ بويتاق قىزلار ياـ
تىقىدىكى بۇ ئىككەيلەن كەچلىك تـامـىقىنى
يەپ كىرىپ، ھەر قايسىسى باشقا ـ باشقا ئىشـ
قا تۇتۇندى. ماھىنۇر چۈشلۈك دەم ئـېـلىش
ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ يۇيۇپ قۇرۇتقان كىـ
يىملىرىگە دەزمال سېلىشقا باشلىدى. ئاسىيە
بولسا شىرە ئۈستىدىكى تىكلىمە ئەينەك ئالـ
دىغا كېلىپ ئۆزىنى تۈزەش ـ ياسىنىشقا كىـ
رىشتى. ئۇ قاشلىرىنى تىكلەپ، لەۋ ۋە يۈز-
لىرىگە ئەڭلىك سۈرتتى. كىرپىكلىرىنىڭ ئاسـ

تىنغا ئىنچىكە سۇرمە تارتتى. بويۇن، كۆكسىلىرىگە قويۇق ئۇپا، پۇراقلىق ئەتىر سۈرتتى. ئۇ ئەينەككە قايتا - قايتا يېنىشلاپ قاراپ، يېرىم بۇدرە قىلىنغان چاچلىرىنى ئىككى ئالىقىنى بىلەن سىلىق تۈزەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىدىن مەمنۇن بولۇپ ئەينەك ئالدىدىن ئايرىلىپ، ياتاقنىڭ بۇلۇڭىغا توختىتىپ قويۇلغان يېپ - يېڭى «سۇمرۇغ» ماركىلىق ۋېلسىپىتنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

— ئاسىيە، بۈگۈن خۇددى توي بولىدىغان قىزدەك ياسىنىپ كەتتىڭغۇ؟ ماڭا ئانچىكىم شۇنداق دەپ قويۇپ، شۇ تاپتا تۇرسۇننى ئىزدەپ بارامسەن تېخى؟ - چاقچاق ئارىلاش سورىدى ماھىنۇر.

— ئۆتكەندە خېنىم، تۇرسۇن دېگەن قارىۋاينى ئىزدەپ بارامسىمۇ، ئىزدەپ بارىدىغان باشقا يىگىتىممۇ بار. بۈگۈن يېقىندا تونۇشقان بىر بالا بىلەن كۆرۈشىمەن، قانداق؟ ھەسىتىڭ قوزغىلىۋاتامدۇ؟

— ۋىيەي، نېمىگە ھەسىتىم كېلەتتى، سېنىڭ خۇشاللىقىڭ مېنىڭ خۇشاللىقىم. مەنمۇ سېنىڭ بەختلىك بولۇشىڭنى تىلەيمەنغۇ؟ خۇدايىم ساڭا ۋىجدانلىق، ئاقكۆڭۈل يىگىتتىن بىرنى نېسىپ قىلسۇن.

— دېمىسەڭمۇ مەن ۋىجدانلىق، چىرايلىق، مەرد بىر يىگىت بىلەن يۈرۈۋاتىمەن. كەچتە كۆرۈشمەكچى ئىدۇق، ھازىر شۇ يىگىتنىڭ قېشىغا بارىمەن.

— ياخشىغۇ، ماڭا نېمىشقا بالدۇراق دېمەيسەن؟ سېنى تەبرىكلىسەم بولغۇدەك...

× ×

ئاسىيە چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ۋېلسىپىتىنى يېتىلىگىنىچە زاۋۇت قوراسىدىن چىقتى - دە، ۋېلسىپىتىگە مىنىپ شەھەر سىرتىدىكى قويۇق مەجنۇنتال، ئارچا، چىنار، سۇۋادان، گۈلگىياھ بىلەن قاپلانغان سەيلىگاھقا — ئۆزى تاللاپ سۆيگەن ھېلىقى يىگىت ساقلاپ تۇرۇشقا ۋەدە قىلغان جايغا قاراپ ئۇچتى. ئۇ بىردەمدىن كېيىنلا سۆيگەن يىگىتى بىلەن دىدارلاشتى. كۆل بويىدىكى ھاۋالىق، گۈزەل سەيلىگاھتا ئۇنىڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ قانغىچە بىللە سەيلە قىلدى. كۆز ئالدىدىكى، بەلكى پۈتكۈل ياشلىق ھاياتىدىكى ئەڭ زور خۇشاللىق ئىشى — بولغۇسى توي ھەققىدە ئۇنىڭدىن «بۇزۇلماس ۋەدە» لەرنى ئالدى. يېڭى ئۈمىد، يېڭى شادلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان چىن مۇھەببەتلىك شېرىن - شېكەر سۆزلىرىنى ئاڭلايدۇ. بەلكى بۇ نۆۋەت سۆيگەن يىگىتى قىممەت باھالىق سوۋغات تەقدىم قىلىشى مۇمكىن. ئاسىيە ئەنە شۇنداق شېرىن خىياللار ئىلكىدە ۋېلسىپىتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، بۈگۈن چۈشتە تۇرسۇندىن كەلگەن ھېلىقى خەتنى ياد ئېلىپ بىردىنلا ئەندىكىپ كەتتى. «راست، تۇرسۇن دېگەن قارىۋاي مېنى كېلىدۇ، دەپ ساقلاپمۇ تۇرارمۇ؟ ياق! ھازىر سائەت يەتتە يېرىمدىن ئاشتى. ئۇ خېتىدە سائەت ئالتىدە سىزنى كۈتۈپ تۇرىمەن دېگىنىدەك گەپلەرنى يازغىنىدەك تۇراتتى. ھازىر سائەت سەككىز بولاي دەپ قالدى، ئۇ ساقلاپ - ساقلاپ مەن كەلمىگەندىن كېيىن ئاستا قايتىپ قالار...» دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆڭلى يەنە تىنندى. ئۇ شۇ خىياللار بىلەن سەيلىگاھقا بىردەمدىلا يېتىپ كەلدى.

— ھە، كەلدىڭىزمۇ؟ - سورىدى چىغىر يول دوقمۇشىدىكى بىر تۈپ كادالىڭ رېدىگە يۆلەنگىنىچە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقان بىر يىگىت لۆڭگىدە ئورنىدىن قوپۇپ.

ــ ھەئە ، سىزنى تازا ساقلىتىپ قويـ
دۇمغۇ دەيمەن ، رەنجىمەڭ جۇمۇ، ـ دېدى
ئاسىيە نازلىق تولغىنىپ بىر خىل ياسالما
سىپايىلىق بىلەن .

ــ ياقەي ، نېمىگە رەنجىيتىم ، سىزنى
ساقلاشمۇ مەن ئۈچۈن بىر خىل ھوزۇر دەگا .
ھى ... ھى ... ھى...

ئاسىيە ئۇيالغانىدەك يەرگە
قاراپ لام ـ جىم دېمىدى. ئۇلار بىردەم ئەنە
شۇنداق تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىشتى ـ دە،
مەجنۇن تاللار ساڭگىلىشىپ تۇرغان چىغىر يول
بىلەن سەيلىگاھ ئىچىگە قاراپ ئاستا مېڭىشـ
تى . خېلىلا كەچ بولۇپ قالغاچقا ، كەچقۇـ
رۇنلۇق سەيلىگە چىققانلار بىر ـ بىرلەپ قايـ
تىشىۋاتاتتى. سەيلىگاھنىڭ قاپئوتتۇرىسىدىـ
كى كۆلدىكى تىنىق سۇزۇك سۇدىن كەچكى شەـ
پەق نۇرى تارقىغانىدى ، كۈندۈزى سەيلىـ
گاھتىكى دەرەخ شاخلىرىدا ۋىچىرلاپ سايرىـ
شىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازىمۇ جىمىقىپ ،
ئۆز ئۇگىلىرىغا قايتىشقانىدى . قۇياش تاغ
كەينىگە مۆكۈپ ، كەچكى گوگۇم ئاستا ـ
ئاستا ئەتراپقا قارا كۆلەڭگىسىنى يېيىۋاـ
تاتتى .

يىگىت چىغىر يول خېلىلا كەگرى بولسىمۇ
ئاسىيەگە يېقىن سوكۇدىشىپ ماڭاتتى. ئۇ يىلـ
ۋا بوي ، خۇددى قىز باللاردەك نازۇك بەـ
دەن ، ئاق پىشماق كەلگەن يىگىت بولۇپ ،
بولۇشىغا ئۆستۈرۈۋالغان چېچى ئىككى قۇـ
لىقىدىن ئېشىپ گەدىنىگىچە چۇشۇپ تۇراتـ
تى . ئۇنىڭدىن ئۆتكۈر ئەترە پۇرىقى كېـ
لىپ تۇراتتى. بۇ پۇراق ئاسىيەدىن تارقىغان
ئۇپا ، ئەترە پۇرىقى بىلەن قوشۇلۇپ ئەتراپقا
خۇشبۇي پۇراق تارقىتاتتى .

ــ ئاسىيە ، مەن يېقىندا يەنە شاڭخەي،
گۇاڭجۇلارغا مال ئالغىلى بارىمەن . دۇكـ
كىنىمىدىكى ماللار تۈگەي دەپ قالدى. يېقىنـ
دىن بۇيان ئوقىتىم خېلى ياخشى دەگا . ئۆتـ
كەن قېتىم ئېلىپ كەلگەن بۇراق ماللارنى راس
ماللارغا ئارىلاشتۇرۇپ چاربازارچىلارغا ئۇلگۇـ
جە ئۆتكۈزۈپ بەش مىڭ سومدىن كۆپرەك پايدا
ئالدىم . بۇ دورەم يەنە شۇنداق ماللاردىن
ئەككەلسەم پۇل دېگەن كۈزدىكى ياپراقتەك
يانچۇقۇمغا تۆكۈلىدۇ . شۇ چاغدا تازا كاتـ
تا توي قىلىپ مۇرادىمىزغا يېتىمىز، ـ دېدى
يىگىت ئاسىيەگە بارغانسېرى يېقىنلىشىپ
مېڭىپ . ئاسىيەمۇ كۆلۈمسىرەپ قويۇپ ،
پېشانىسىغا چۇشۇۋالغان بۇدرە چېچىنى كەيـ
نىگە سىلكىپ قويدى .

ــ ئەكىلىڭ ! ۋېلىسىپىتنى مەن يېتىلـ
ۋالاي، قولىڭىزمۇ تالغاندۇ، ـ يىگىت ئاسىـ
يەنىڭ قولىدىكى ۋېلىسىپىتنىڭ رولىغا ئېسىلـ
غان بولۇپ ، قەستەن ئۇنىڭ ئاپئاق ، يۇمـ
شاق قولىنىڭ ئۈستىدىن ئاستا تۇتتى .

قىزنىڭ كۆتكىنىمۇ دەل شۇ ئىدى . شۇ
چاغ يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر خىل ئىللىق
ئېقىم ئېقىپ كىرگەنىدەك بولدى . ئەشۇ ئوتـ
لۇق ئېقىم قىزنىڭ قولىنى تېخىمۇ چىڭراق
تۇتتۇشقا ، ھەتتا قىز يول قويسا ئۇنى باغـ
رىغا مەھكەم بېسىشقا ئۈندەيتتى. ئاسىيەنىڭ
ھېسسىياتىمۇ شۇ تاپتا ئۆزگىچە ئىدى. يىگىتـ
نىڭ قولى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرپارچە چوغ بولۇپ
تۇيۇلۇۋاتاتتى . ئەگەر ئۇ سەللا ئۆزىنى
بېسىۋالمىغانىدا ، بۇ چوغ ئۇنىڭ قەلبىنى
ئاسانلا ئېرىتىۋېتەتتى ، شۇ چاغ ئۇنىڭ قەلـ
بىدىكى قىزلاردا بولىدىغان بىرخىل تەبىئىي
ئۇيۇتۇش ۋە قىزلىق غۇرۇرھەممىدىن غالىب
كېلىپ، ئۇنىڭ شامالدا تىترەۋاتقان يوپۇرـ
ماقتەك ھېسسىيات دولقۇنىنى كونترول قىلىـ
ۋالدى ـ دە ، قولىنى ئاستا ، ئەدەبلىك بىـ
لەن يىگىتنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى .

ــ ئاسىيە، ئىككىمىز ھېلى تونۇشقانلارـ
دىن ئەمەسقۇ؟ ـ دېدى يىگىت يەنە ئاسىيەنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



يۇمشاق پاختىدەك قولىنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ .

— بۇ قېتىم مۇشۇ قولىڭىزغا بىر جۈپ ئالتۇن ئۈزۈك ئالغاچ كېلىمەن ، قانداق ؟ ياخشى كۆرەمسىز ؟

ئۈزۈك ، ئالتۇن ئۈزۈك ! ئاسىيەدەك تازا توشۇپ رېسىدە بولغان ، قولىغا تېخى ئالتۇن ئۈزۈك تاقاپ باقمىغان بىر قىز ئۈچۈن ، بۇ ئەڭ خاسىيەتلىك ۋە قىممەتلىك نەرسىدەك تۇيۇلاتتى . بۇ سۆز ئاسىيەنىڭ قەلبىنى گويا تىپ - تىنچ كۆل سۈيىگە بىرسى چالما تاشلىسا داۋالغۇپ كەتكەندەك بىردىنلا داۋالغۇتىۋەتتى . يىگىت بۇ قېتىم ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا قىزنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولدى . قەدەملەر توختاپ ئىككى ئالقان جۈپلەشتى ، لەۋلىرى بىر - بىرىگە تېگىشتى . قىزنىڭ بۇدرە چېچى كەچكى شامالدا يەلپۈنۈپ يىگىتنىڭ يۈزىگە تېگىپ ، ئۇنىڭ قەلبىنى غىدىقلاپ ئاللىقانداق شېرىن تۇيغۇ ئويغاتتى ...

— سىز ئۈچۈن ئېزىز جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن ، - دەپ پىچىرلايتتى يىگىت .

— راستىما ؟ ۋەدىڭىزدە تۇرالارسىزمۇ ؟ - ئاستا ، يېقىملىق پىچىرلايتتى قىز .

بۇ چاغ ئەتراپنى كەچكى گۇگۇم قاراڭغۇسى قاپلىغان بولۇپ ، ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن قارا بۇلۇتلار ئون تۆت كۈنلۈك ئاينىڭ يۈزىنى توسۇۋالغانىدى . بۇنىڭدىن بىرقانچە سائەت ئىلگىرى كەچقۇرۇنلۇق سەيلىگە ، ھاۋالىنىشقا چىققانلار بىلەن قىزىپ كەتكەن بۇ سەيلىگاھ ھازىر تىمتاسچىلىققا چۆمگەن بولۇپ ، سەيلىگاھتىن نېرىراقتىكى چوڭ يوللاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەر خىل ئاپتوموبىل ، تراكتورلارنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى . دەل شۇ چاغدا خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئىككىيـكى قارا كۆلەڭگە ئۇلارنىڭ قارشىسىدا پەيدا بولدى - دە ، بارا - بارا ئۇلارغا يېقىنلاشتى . بۇ ئىككى كۆلەڭگىنىڭ بىرسى ئۇزۇنتۇرا كەلگەن ئەر بولۇپ ، كەپكە شەپكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغانىدى . يەنە بىرسى پاكەنەك ، دىقماق ئەر بولۇپ ، يالاڭباش ئىدى . « ئاشۇق - مەشۇق » لار پىچىرلاشتىن توختىدى . يىگىت دەرھال قولىنى قىزنىڭ مۈرىسىدىن تارتىۋېلىپ ، مەڭدىگىنىچە تۇرۇپ قالدى . قىز بولسا ئۇياتقىنىدىنمۇ ياكى قورققىنىدىنمۇ يىگىتتىن ئىككى - ئۈچ قەدەم يىراقلىشىپ ۋېلىسىپىتىنىڭ رولىنى تۇتقىنىچە تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالدى .

— ئىككىڭلار بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىشىۋاتىسەن ؟ ئەمدى قېنىشىپ بولۇشقانسەن ؟ - ئۇزۇنتۇرا شۇنداق دېگىنىچە قولىدىكى پىچاقنى ئوينىتىپ ھەيۋە بىلەن يىگىتنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى . يىگىت بولسا كەينىگە داجىپ سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ كەتتى . دىۋەيلەپ كەلگەن ئۇزۇنتۇرا يىگىتنىڭ ياقىسىدىن قاماپ تۇتۇپ ، تارتىپ قوپۇرۇپ ھەيۋە قىلىشقا باشلىدى :

— ئاۋۇ نېمەڭ بولامدۇ ؟ بايا نېمە قىلىشتىڭ ؟

— ئۇ ... ئۇ ... ئايالنى تونۇمايمەن . بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، ھازىرلا كۆردۈم ، ھېچنېمە قىلىشمىدۇق ( بۇ چاغدا يىگىت بۇ ناتونۇش ئىككى ئادەمنى پەيچۇسونىڭ كېچىلىك چارلاشقا چىققان ساقچىلىرىمىكىن ، دەپ قىياس قىلىۋاتاتتى ) .

ئاسىيە ئۆز يىگىتىنىڭ ئۆزىنى « ئايال » ، « تونۇمايمەن » دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى ۋە يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ھەرە چاققاندەك چىممىدە قىلىپ ،

ۋۇجۇدىغا بىر خىل سوغۇق ئېقىم تارقىغاندەك بولدى.

— ھېچنېمە قىلىشمىدۇق دەيسىنا!

ئۇزۇنتۇرا يىگىتنىڭ ياقىسىغا بىر مۇش ئۇردى. يىگىت مۇش زەربىسىدىن سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، چىغىر يول بويىدىكى مەجنۇنتاللىغا يۆلىنىپ قالدى. ئۇزۇنتۇرا پىچاقنى تەڭلەپ ھەيۋە قىلاتتى:

— يېنىڭدىكى پۇلۇڭنى چىقار!

— پۇل، پۇل، يېنىمدا پۇل يوق ئىدى.

ئۇزۇنتۇرا يەنە مۇش ئاتتى ۋە ئۆزىدىن نېرىراقتا ۋېلىسىپىتنىڭ رولىنى تۇتقىنىچە قورقۇپ شۈمشىيىپ تۇرغان قىزغا قايرىلىپ بىر قارىغاندىن كېيىن پىچىقىنى غىلاپقا سالدى - دە، ئاۋازىنى سەل پەسلىتىپ:

— يېنىڭدا پەقەت پۇل يوقما؟ — دېدى.

— پۇل، پۇل يوق ئىدى، — دېدى يىگىت بارغانسېرى كەينىگە داجىپ.

— ئۇنداق بولسا، ئاشنىڭنى ماڭا تاشلاپ بۇ يەردىن دەرھال كەت! بولمىسا...

يىگىت بىر چوڭ غەمدىن خالاس بولغاندەك يېنىك بىر تىنىدى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ تېز - تېز قەدەم تاشلىدى. بۇ چاغدا ئاسىيە ئۆز يىگىتىنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ يىغلامسىرىغىنىچە:

— ئەكرەم! ... ئەكرەم! توختاڭ، مېنى قۇتۇلدۇرۇڭ! — دەپ توۋلىدى. ئۇ شۇ تاپتا بىر خىل قورقۇنچقا چۈشۈپ، يۈرىكى ئېنىمسىز سوقماقتا ئىدى. يىگىت ئاسىيەنىڭ توۋلىغىنىنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى يەنە ئۇزۇنتۇرانىڭ تۇسۇۋېلىپ يېنىدىكى پۇل ۋە بىلىكىدىكى سائەتلىرىگىچە قورۇغداپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدىمۇ، يۈگۈرگىنىچە قو-
يوق تېرەكلىك ئارىسىدىكى چىغىر يولنىڭ دوقمۇشىدىن ئۆتۈپلا كۆزدىن غايىپ بولدى.

— ئەكرەم! ئەكرەم!...

ئۇزۇنتۇرا دەرھال كېلىپ ئاسىيەنىڭ ئاغزىنى يوغان ۋە قاتتىق قولى بىلەن مەھكەم تۇتۇۋالدى. ئاسىيە ئۇزۇنتۇرانىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سېسىق ھاراق پۇرىقىدىن سەسكىنىپ ھەدەپ يۇلقۇناتتى. ئۇزۇنتۇرا ئاسىيەنى چىغىر يول بويىدىكى ئورمانلىق ئارىسىغا تارتىشقا باشلىدى. ئاسىيە بىر قولى بىلەن يول بويىدىكى بىر تۈپ مەجنۇنتاللىنىڭ شېخىغا ئېسىلىۋېلىپ تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. بۇ چاغدا ئۇزۇنتۇرا ئۆزىدىن سەل نېرىدا قاراپ تۇرغان پاكا، دىقماق شېرىكىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— تۇدەش! نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ ھۇ لالما، سەن ئاۋۇ چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىغا بېرىپ، پەيچۇسونىڭ ئادەملىرى كېلىپ قالمىسۇن، ھېزى بولۇپ تۇر.

ئاسىيە ئۇزۇنتۇرانىڭ قولىدىن بوشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق بىر چىشلىدى. ئۇ دەرھال قولىنى قىزنىڭ ئاغزىدىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئاسىيە غەزەپ بىلەن:

— ھۇ لۈكچەك، بۇلاڭچى، ئوغرى! مېنى قويۇۋەت! — دەيتتى ھاسىرىغان ھالدا ئارقىسىغا داجىپ. لېكىن ئۇزۇنتۇرا قىزنىڭ چېچىدىن قامالاپ تۇتۇۋالدى، قىزنىڭ چېچى چۇگۇلدى.

— ۋايجان! ئادەم بارمۇ؟!

— ئاغزىڭنى يۇم، جالاپ!

ئۇزۇنتۇرا شۇنداق دېگىنىچە ئېچىقاپ كەتكەن يىرتقۇچ بۆرە تىنەپ قالغان ئاپاخلانغا تاشلانغاندەك ئاسىيەگە تاشلاندى. دەل

شۇ پەيتتە تۇيۇقسىز: «قولۇڭنى تارت!» دې-
گەن بىر سادا بىلەن تەڭ، تۆمۈردەك بىر
قول ئۇزۇنتۇرانىڭ گەجگىسىدىن قاماپ
تۇتتى.

— سەن كىم؟

ئۇزۇنتۇرا غەزەپ بىلەن ئارقىغا بۇ-
رۇلۇپ قارىدى.

— مەن!

ئۇزۇنتۇرا قىزنى قويۇۋېتىپ بۇ يوچۇن
ئادەمگە مۇش ئاتتى. يوچۇن ئادەم بېشىنى
ئىتتىكلا بۇرۇۋالغانىدى، ئۇنىڭ مۇشتى يول
بويىدىكى مەجنۇنتالغا تەگدى - دە، قولى
قاتتىق ئاغرىپ كەتكەچكە قولىنى سىلاپ تۇ-
رۇپ قالدى. يوچۇن ئادەم ئۇنىڭ بويىنىدىن
قاماپ تۇتۇپ قورسىقىغا قاتتىق بىرنى تىز-
لىدى. ئۇزۇنتۇرا پالاققىدە ئارقىسىغا ئۇ-
چۇپ كەتتى. يوچۇن ئادەم ئۇزۇنتۇرانىڭ
ياقىسىدىن سىقىپ تارتىپ قوپۇرۇپ، بېشىغا
چەنلەپ يەنە بىر مۇش ئۇرۇشى بىلەن ئۇ-
زۇنتۇرانىڭ پېشانىسىگە چۆكۈرۈپ كېيى-
ۋالغان كەپكە شەپكىسى يەرگە دومىلاپ چۈ-
شۈپ كەتتى. يوچۇن ئادەم ئۇنىڭغا تازا
بىر سىنچىلاپ قاراۋالغاندىن كېيىن:

— ھە، غوجەك ماشكا ئىكەنسەنغۇ؟ ھۇ
ئاناڭنى!... تېخى ئۆتكەن ھەپتە گوختىتىپ
قويۇش ئورنىدىن قويۇپ بەرسە، يەنە قىل-
غىلىقىڭنى قىلدىڭما؟ ھۇ، ئادەم بولمايدىغان
ئىت...

يوچۇن ئادەم شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭ
ئىككى مۈرىسىدىن قاماپ تۇتۇپ ئىختاپ
يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە قورقۇپ كەت-
كىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ، قېچىپ كېتىشكە
تەمشىلىپ تۇرغان قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى.
قىزنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ خۇددى بوران بۇزۇۋەتكەن سېغىزخا نىنىڭ
چاڭگىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ شۇ تاپ-
تا بىر قاراپلا تونۇغىلى بولمايدىغان ھا-
لەتكە كېلىپ قالغانىدى.

— قىزچاق، قورقماڭ. ئاۋۇ ئەبلەخنى
ئۆزۈم پەيچۇسوغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئۇ-
نى مەن تونۇۋالدىم. ئۇ شاتىۋاچى كوچى-
سىدىكى ھەلەك ناسىۋالىنىڭ ئوغلى غوجەك
ماشكا دېگەن لۈكچەك شۇ. سىز پەيچۇسوغا
بىللە بېرىپ بۇ ئەھۋالنى دەپ قويسىڭىزلا
بولىدۇ.

يوچۇن ئادەم شۇنداق دېگىنىچە قىزغا
يېقىن كېلىپ سىنچىلاپ قارىدى. قىز ئىگىۇ
يۈرىكى ئىزىغا چۈشۈپ يېنىك بىر تىنىدى.
بۇ چاغدا ئاسماندا ئون تۆت كۈنلۈك تۇ-
لۇن ئاي قارا بۇلۇتلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ
چىقىپ، يەر - جاھانغا سۈتتەك نۇرىنى چې-
چىشقا باشلىدى. يوچۇن ئادەمنىڭ كەپسۆز-
لىرى قىزنىڭ كۆڭلىدىكى قورقۇنچىنى خۇد-
دى ئاي نۇرى تۈن قاراڭغۇسىنى يوقاتقان-
دەك بىردىنلا يوقىتىۋەتتى. ئۇ قاش بىلەن
كىرپىك ئارىلىقىدىكى بەختسىزلىكتىن — يۈز
بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئېغىر پالاكەتتىن
دەل ۋاقتىدا كېلىپ قۇتقۇزۇپ قالغان بۇ
ناتونۇش شاپائەت ئىگىسىگە قايرىلىپ بىر
قارىدى - دە، يۈرىكى ئىختىيارسىز دۈپۈل-
دەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ شۇ تاپتا گويا قور-
قۇنچلۇقچۈش كۆرۈپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ
كەتكەن ئادەمدەك، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھال-
دا كۈچلۈك تىۋىلىۋەتتى:

— ئاھ ... تۇرسۇن!

ئاسىيە ئىختىيارسىز ئۇنىڭ بىلىكىگە
مەھكەم ئېسىلغىنىچە ياش ئەگىپ تۇرغان
كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى.

مۇھەممەت ئىمىن

# قورقۇنچلۇق ئاپەت

(ھېكايە)

كۆكتۈللۈك ئولتۇرۇش كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشتى. ئاغزىدا شەھەر ئېلىش، زەي سالماي پاختا ئېتىش، ئۆزىنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇش، باشقىلارنى چوقۇۋېلىش — چۆكتۈرۈش، ئۈستۈن — تۆۋەنلىك تالىشىش، ھەسەتخورلۇق ئوغىسىنى چېچىش، سورۇندا يوقلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، ئاغزىنى يار ئېلىپ كەتكەن دەريادەك بولۇشچە قويۇۋېتىش... مانا بۇلار ئۆچمەنلىك — ماجىرا پەيدا قىلىشقا يېقىلغان ئوت بولدى، غەزەپ بومبىسى ئاخىرى پارتلىدى. بىلەكلەر تۈرۈلۈپ ياقا سىقىشىش باشلاندى، كۆۋۈكلەشكەن ئېغىزلاردىكى تۈكۈرۈكلەرنىڭ جىگەررەڭگە كىرگەن ياكى بوزۇرۇپ تاتارغان يۈزلەرگە ئۈزلۈكسىز چاچرىشىغا ئەگىشىپ ئۆزىنى ئەر چاغلاشنىلا بىلىپ، ئۆزگىنى شىر چاغلاشنى ئۇنۇتقان، ھاراق كۈچىدە خۇدىنى يوقاتقان نوچىلار بىر — بىرىگە شىددەت بىلەن تاشلاندى. گالاچ — گۇلۇچ مۇش ئېتىشلار، قوچقاردەك تۈكۈلۈپ تۇرۇپ كاللا قويۇشلار، توسۇن تەخەيدەك ئوڭ — تەتۈر تېپىشلەر تاكى ئۇلار ماغدۇرىدىن كېتىپ، مېجىلىپ كەتكەن شاپتۇلدەك بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى دەسسىلىنىپ يىقىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئېغىز — بۇرۇنلاردىن ئاققان قارا قانلار قاتتىق قۇسۇقلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. ئۆرۈلگەن شىرە — ئورۇندۇقلار، چېقىلغان رومكا — بوتۇلكىلار، چېچىلغان قورۇما تاماقلار، چەيلەنگەن مېۋە-چىۋىلەر ياخشى نىيەتلىك ساھىپخانىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ زىننەتلىگەن ياسىداق ئۆيىنى رەسۋا قىلىۋەتتى.

ھەي ئەخمەق قىلىق، بېشىم قېيىپ، ئەقلىمدىن ئېزىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان بولغىيمىدىم؟ ئۆزۈمنى ئۆزۈم تىللاۋاتىمەن، بەزگەك تەگكەن ئادەمدەك لاغىلداپ تىترەۋاتىمەن، كۆز ئالدىمدىكى بۇ پاجىئەگە، ئۇرۇش فىلىملىرىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلىتىدىغان بۇ ۋەيرانىلىققا قاراپ ئېچىنىۋاتىمەن. بىر ئاش پىشىمغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ساختىلىق پەردىسى پۈتۈنلەي يىرتىپ تاشلىنىپ قىپ — يالىڭاچلىنىپ قالغان ھەقىقىي تۇرمۇش كارتىنىسىنى، ھاياتلىقنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى كۆرگەندەك بولۇپ ئويلىنىپمۇ قېلىۋاتىمەن. ئادەتتىكى چاغلاردا كىشىلەرنىڭ بىر — بىرىگە بولغان ئۆچمەنلىكى يوشۇرۇن، ئاستىرىتتىن، كۆزگە كۆرۈنمەس پەردە ئارقىسىدا تۈرلۈك يول — چارىلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بەزىلەر ساڭا ئورا كولايدۇ-يۇ، ئەل — جامائەتنىڭ ئۆزىنى «سۇيىقەستچى، ئەخلاقسىز...» دەپ ئەيىبلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۈستىنى چاندۇرماي ئوت-چۆپ، شاخ — شۇمبا ياكى نېپىز بىر قات توپا بىلەن يېپىپ قويىدۇ، ۋاپاسىز دۇنيا پە-

لەن ۋىدالىشىش ئالدىدىمۇ ئورنىنى زادى كىم كولىغا ئىلىقىنى، قانداقچە چۈشۈپ كەتكىنىنى بىلەلمەي ئارماندا قالىسەن. يەنە بەزىلەر ئالدىڭدا «ۋاي جان - جىگەر ئاغىنەم، سېنىڭ ئۈچۈن جېنىم پىدا» دەپ قىلىمغىنىنى قالىلمايدۇ، ئۈستۈنرەك مەرتىۋىگە ئېرىشىپ قالساڭ كۈچۈكلىنىپ - ئەركىلەپ، ئىنچاسىتكە دەسسەپ تاشلىغان ئۆكچەڭنى يالاشتىن يانمايدۇ، لېكىن كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىۋالسا ياكى تامايىدىكىدەك نەپ ئالالماي قالسا ئارقاڭدىن ساڭا يوشۇرۇن ئوق ئۈزىدۇ، قەستلىگۈچىنىڭ ئانىغا دەسسەپ تۇرۇپ قەسەم بەرگەن ئەشۇ «قىيامەتلىك ئاغىنەڭ» ئىككى ئىلىكىنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماي جان تەسلىم قىلىسەن. باشقىلارنىڭ پىچىقى بىلەن قان چىقارماي ئادەم ئۆلتۈرىدىغان؛ تۆھمەت چاپلاش، چېقىشتۇرۇش ئارقىلىق سېنى ئۆمۈرۋايەت قارا زىندانغا مەھكۇم قىلىۋېتىدىغانلارنىڭ ئۈستىتىلىقىغىمۇ قول قويماي تۇرالمايسەن. باش سوقۇشتۇرۇپ قويۇپ ئۆزى تاماشا كۆرۈدىغان تۈلكە - چايانلاردىن، «سەن دېگەن كارامەت ئادەم جۇمۇ!» دەپ دولاڭغا ئۇرۇپ تۇرۇپ قېنىڭ ۋە يىلىكىڭنى چاندۇرماي شورىۋالىدىغان چادىگەرشەيتانلاردىن ھەزەر ئەيلىمىكىڭ تېخىمۇ مۈشكۈل... ئۇلۇغ ئاھايەت ئۇلار ھاراقنىڭ كارامىتى بىلەن پەدىشەپنى، سىپايىلىقىنى ۋاقتىنچە ئۇنۇتۇپ، يوشۇرۇن قەست قىلىشقا ئەقلى يەتمەي قالغانلىقتىن، ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، بىر - بىرىگە ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق مۇش كۆتۈرۈپ قويۇشتى، خالاس. بۇنىڭغا بۇنچىۋىلا چېچىلىپ كېتىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟!... مەن شۇنداق دەپ، غەزەپ، پۇشايمان ۋە ئېچىنىش ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقان قەلبىمگە تەسەللى بەرگەچ «جەڭ» ئەۋجىگە چىققاندا پاناھلانغان كارىۋات ئاستىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم - دە، تېرىك جەسەتلەر ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئۆزۈمنى تالاغا ئاتتىم. سەبى بوۋاقنىڭ كۆڭلىدەك بىغۇبار ئاپئاق ئايدىڭ كېچە، گۈل - چېچەكلەرنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان مەيىن شامال، پاقىلارنىڭ بوغۇق ئاۋازدا كۇكىراشلىرى، چېكەتكىلەرنىڭ بەس-بەستە چىرىلداشلىرى ۋە ئىتلارنىڭ يىراق - يىراقلاردىن بىر - بىرىگە ئۈن قوشۇپ ھاۋشۇشلىرىدىن ھاسىل بولغان يېقىملىق سىمفونىيە... ئاھ، گۈزەل دۇنيا، سىرلىق ئالەم! كۆكسۈمنى بېسىپ تۇرغان تۈگمەن تېشى ئېلىپ تاشلانغاندەك يېنىكلەپ ئالدىم. قەدىمىمنى تېزلىتىپ چوڭ يولدىن كېسىپ ئۆتۈشۈمگە، ئالدى تەرەپتىكى دوقمۇشتىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەلگەن قارا ماشىنا قۇلاقنى يارغىدەك قاتتىق سىگنال بەردى. چۆچۈپ كېتىپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي يول ئوتتۇرىسىدىلا توختاپ قالدىم. ماشىنا مەندىن ئىككى - ئۈچ ماڭدام يىراقلىقتا قاتتىق تورمۇزلىنىپ توختىتىلدى. كەيپكە كەيگەن گەۋدىلىك بىر شوپۇر سىرلىرى چۈشۈپ، جالاقلاپ جۇلقىسى چىقىپ كېتەي دەپ قالغان كەپىنكە ئىشىكىنى غەزەپ بىلەن ئېچىپ يەرگە سەكرەپ چۈشتى-دە، ئىككى قوللاپ گېلىمنى بوغۇپ يۇقىرىغا دەس كۆتەردى. ئارقىدىن يول بويىغا ئۆلاقتۇرۇپ تاشلىۋېتىپ، ئاللىقانداق بىر نېمىلەرنى دەپ تىللىغىنىچە ئوتى ئۆچۈرۈلمىگەن ماشىنىسىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ كېتىپ قالدى. پوركاپ توپا يولدا پېقىراپ ئايلانغان چاقلار ئاستىدىن پۇرقىراپ كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانغا كۆمۈلۈپ قالدىم. جاۋغىيىمدىن سىرغىپ چىققان ئىسسىق. بىر نەر-

سە ئېگىمكىمنى بويلاپ بوينۇمغا ئېقىپ چۈشـ
تى، سىقىراپ ئاغرىۋاتقان بارماقلىرىم بىلەن
سىپاشتۇرغاندىن كېيىن، كۆزۈمگە يېقىن ئەپكىـ
لىپ قارىسام قىپقىزىل قان ئىكەن. نېرۋامغا
بىر نەرسە قاتتىق تەسىر قىلغاندەك قىلدى،
بېشىم پېقىراپ ئايلىنىشقا، كۆزۈم قاراڭغۇـ
لىشىشقا باشلىدى... ئۇر ـ سال! ... ئاچ بېقىـ
نىغا تەپ!... كۆزىنى قويىۋەت!... گالاچ ـ گۇـ
لۇچ ... قاس ـ قۇس... چاك ـ چۇك ... گۇلدۇرـ
غالاپ... قاراس ـ قۇرۇس ... ئىھ ... ئىھ ...
دۇت ... دۇت ... دۇت ... پالاق ـ پۇلۇق...

ھۇشۇمغا كەلگەندىن كېيىن ئەنە شۇنداق
غەلىتە ئاۋازلار، قىيا ـ چىيالار، ئۇرۇش ـ چېـ
قىشلار، ۋەھىمىلىك سىگنالار قوشۇلۇپ، ھېـ
لىمۇ مېڭەمنى قوچۇپ كۆڭلۈمگە ئارامسىق بەرـ
مەيۋاتقانلىقىنى سەزدىم. نېمىشقىدۇ بىردىنلا
تىنچلىقنى، جىم ـ جىتلىقنى خالاپ قالدىم.
ئورنۇمدىن مىڭ تەسلىكتە تۇرۇپ، چىغىر يول
بويلاپ، بازارنىڭ سول تەرىپىدىكى قەۋرىسـ
تانلىققا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. دۇنيادا قەبـ
رىستانلىقتىن تىنچ، جىم ـ جىت جاي يوق، دەپ
كۆپ ئاڭلايدىغان. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ
ئادەتتىكى پاراڭلىرىدىن تارتىپ داڭلىق يازـ
غۇچى ـ شائىرلارنىڭ دەبدەبىلىك ئوخشىتىشـ
لىرىغىچە بولغان ھەممىسى بۇ نۇقتىنى تولۇق
ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى. مەنمۇ بۇنىڭدىن قىلـ
چە گۇمان قىلمايتتىم. شۇڭا ئىلگىرى كەچ قالـ
غان چاغلاردا، چىغىر يول ئۆيۈم ئارىلىقىدىـ
كى مۇساپىنى كۆپ قىسقارتىسىمۇ، ئەشۇ جىمـ
جىتلىقتىن قورقۇپ قەبرىستانلىقنىڭ يېنىدىن
ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم. ناۋادا ئۆتـ
تۈپ قالسام، پۈتۈن ئەزايىم تىكەنلىشىپ سوـ
غۇق تەرگە چۈمۈلۈپ كېتەتتىم، دىلىمنى ئالـ
لىقانداق بىر ۋەھىمە قاپلايتتى. بۈگۈن بۇـ
نىڭ ئەكسىچە قەبرىستانلىققا ئىچكىرىلەپ كىـ
رىپ بىردەم بولسىمۇ شۇ تىنچلىقنىڭ، شۇ جىمـ
جىتلىقنىڭ پەيزىنى سۈرگۈم كېلىپ قالدى.
نېمە بولدىكىن ـ تاڭ، شۇ تاپتا قورقۇشتىن
قىلچىمۇ ئەسەر يوق، دادىل ۋە مەغرۇر قەدەم
تاشلاپ كېتىۋاتىمەن. زومچەك ـ زومچەك، ئېـ
گىز ـ پەس قەبرىلەر قارىيىپ كۆرۈنۈشكە باشـ
لىدى. ئاندا ـ ساندا، ئۇيەر ـ بۇيەردە پىلىلـ
داپ كۆرۈنگەن «جىن ئوتى» دىنىمۇ تېنىم
شۈركەنمىدى. مانا، ئاغزى ھاڭدەك ئېچىلىپ
قالغان، قۇرۇت ـ قوڭغۇزلار، يامغۇر سۇلىـ
رى ھۆتمە ـ تۆشۈك قىلىۋەتكەن پاكار ـ پاـ
كار قەبرىلەر بىلەن ئۈستى ئاسمان رەڭگىدە
سىرلانغان ھەيۋەتلىك گۈمبەزلەر ئارىلىشىپ
كەتكەن قەبرىستانلىقتا ئوڭ ـ تەتۈر دەسسەپ
يۈرگىنىمگىمۇ بىر ـ ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت
بولۇپ قالدى. گاھ تۈزلىنىپ يەر ـ يۈزى
بىلەن تەپ ـ تەكشى بولۇپ قالغان گۆر ئۈسـ
تىگە دەسسەپ سالىمەن، پۈتۈم تىزدىغىچە كىـ
رىپ كېتىدۇ، ئاۋايلاپ سۇغۇرۇۋېلىپ يولۇمـ
نى داۋاملاشتۇرىمەن. گاھ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل
يەردىكى ئاللىقانداق نەرسىگە پۇتلىشىپ كېـ
تىپ ئالدىمغا دۈم چۈشۈمەن، يەر قاساپ تاشـ
لىغان چاغلىرىمدا ئاغزىمغا كىرىپ كەتكەن
ئاچچىق، قاڭسىق توپىنى پۈركۈۋېتىپ، ئۈسـ
تىبېشىمنى قاققاچ ئۇيان ـ بۇيانغا قاراپ
قويىمەن. مەنىسىز، نىشانسىز ئايلىنىۋېرىپ
ھېرىپ قالدىم بولغاي، ئالدىمدا چوخچۇيۇپ
تۇرغان ئېگىز گۈمبەزگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالـ
دىم. ئارقىمدىن پۇت ـ قولۇمنى سوزۇپ، تولـ
غان ئاينى چۆرىدىگەن سان ـ ساناقسىز يۇلـ
تۇزلار چاراقلاپ تۇرغان زەڭگەر ئاسمانغا
قاراپ ياتتىم. يېقىنلا يەردىن شىپىرلىغان
ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى، چۆچۈپ يېنىمغا
قارىسام، چىراي چۈچۈلىدەك قاپ ـ قارا،
كۆزى قارىيىپ كۆرۈنگەن چوڭقۇر كامارنى

Altun

ئەسلىتەتتى دىغان، قورسىقى سامان تىققان ئاغار-
دەك ئالدىغا تومپۇيۇپ چىققان بىر مەخلۇق
سېمىز، كالتە پۇتلىرىنى تېز - تېز يۆتكەپ
ئۇدۇل ماڭا قاراپ كېلىۋاتىمدۇ! قورقىنىمى-
دىن جان - پەنىم چىقىپ كەتكىلى تاس-
تاماس قالدى. قارىماققا ئۇ، دوزاق ئوتى
ئىچىدىن ئۇدۇل بۇ يەرگە قېچىپ چىققاندەك
قىلاتتى. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرغاندا،
بۇ قارا كۆسەي مەخلۇق يۇقىرىقى كالپۇكىنى
ئۈستىگە كۆتۈرۈپ تۇرغان ساپ - سېرىق توڭ-
كاي چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە ماڭا قاراپ
زەھەرلىك ھىجايدى:

— ۋوي، ھالىڭغا باقماي مۇشۇ گۈمبەز-
دە ياتامسەن تېخى؟

ئاغزىمغا گەپ كەلمەي ۋاتقىنىمغا قارىماي
ئۆزۈمنى ئاقلاشقا تىرىشتىم:

— يا ... ياق ... بۇ ... بۇ گۈمبەز مېنىڭ
ئەمەس...

— ئەمىسە، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟

— ئاپتاپ سۇنۇۋاتىمەن.

— ھە، مۇنداق دېگىن! — ئۇ مەمنۇن بول-
غاندەك كىرىلىپ قويۇپ، قاپ - قارا، ئۇزۇن
تىرناقلىرىنى گۈمبەزگە سوزۇۋېتىپ ماڭا بۇي-
رۇق قىلدى، — تۇرە ئورنۇڭدىن، بۇ ياققا ئۆت!

مەن دەرھال ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم.

ئۇ، بارماقلىرى قانغا بويالغىنچە كوچى-
لاپمۇ گۈمبەزدىن تۆشۈك ئاچالماي، غەزەپتىن
غال - غال تىترىگىنىچە بىر قانچە قەدەم ئار-
قىغا چېكىنىدى، ئاندىن بېشىنى سەل - پەل
ئېگىپ، قوچقارنى دوراپ ئالدىغا قاراپ شىد-
دەت بىلەن ئېتىلدى. «گۇرس!» قىلىپ تەك-
كەن باشنىڭ زەربىسى بىلەن تەكلا ھەيۋەت-
لىك گۈمبەزنىڭ ئالدى تېمىدىن ئادەم پات-
قىدەك بىر تۆشۈك ئېچىلدى. شۇ ھامان گۈم-
بەز ئىچىدىن ئېچىنىشلىق ئىڭىرىغان ئاۋاز
ئاڭلاندى. ھېلىقى قارا كۆسەي مەخلۇق يېر-
رىلغان بېشىدىن شۇرقىراپ قان ئېقىپ تۇر-
غىنىغا قارىماي گۈمبەز ئىچىگە شۇڭغۇپ كىر-
رىپ، قۇرايدەك ئورۇق ئۆچكە ساقاللىق، كۆز
ئەينەكنىڭ يېرىمى سۇنغان، بېلى يادەك ئې-
گىلگەن، تارشا قەدەك كۆشسىز، ئوڭ قولىدا ئىل-
مەك ھاسا تۇتقان، سول قولتۇقىغا يوغان بىر
كىتاب قىستۇرغان ھارغىن چىراي، ئاجىز بىر
بوۋاينى سۆرەپ چىقتى.

— ھەي ئۆلۈمتۈك قېرى! — دېدى قارا
كۆسەي مەخلۇق قولىنى شىلتاپ چالۋاقاپ،—
ئاكاڭ قارىغاي يەر - يۈزى-
دىن ئاللىقاچان پەرقلەنمەيدىغان
ئاشۇنداق ئەبجەق، پاكار قەبرىدە ياتقان
يەردە، ساڭا بۇنداق ھەيۋەتلىك، ئېسىل
گۈمبەزدە يېتىشنى كىم قويۇپتۇ؟

— بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن، بالام،—دېدى
ھېلىقى بوۋاي دىرىلداپ تىترىگىنىچە ئاۋا-
زىنى ئىمكانقەدەر مۇلايىم چىقىرىشقا تىرى-
شىپ، — ھايات ۋاقتىمدا مەن ئۆلۈپ كەتسەم
ئاددىي قەبرىدە قويۇڭلار، دەپ ۋەسىيەت قىل-
غاندىم، لېكىن...

— لېكىن بالا - چاقىلىرىڭ قالدۇرۇپ
كەتكەن مال - دۇنيالىرىڭنىڭ كۆپلىكىدىن
قانداق بوزۇپ - چېچىشنى بىلەلمەي، ۋەسى-
يىتىڭنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، مۇشۇن-
داق كاتتا گۈمبەز ياستىپ بېرىپتۇ - دە!-
قارا كۆسەي مەخلۇق ئۆزىنىڭ دانالىقىنى
دامايەن قىلماقچى بولغاندەك ئالدىراپ-تە-
نەپ بوۋاينىڭ سۆزىگە لوقما سالدى.

— خاتالاشتىڭ، بالام! — ھاياجانلانغان-
لىقتىن بولسا كېرەك، بوۋاينىڭ ئاۋازى تىت-
رەپ كەتتى، — ئۆمرۈمدە پەرزەنت يۈزى كۆ-
رۈپ باققىنىم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچ-

كىمگە تەيىن چاغلىق مال - دۇنيا قالدۇ-
رالمىغانىدىم...

— يالغان سۆزلەۋاتىسەن، ئىشەنمەي-
مەن! - قاراكۆسەي مەخلۇق ھەيرانلىقىنى
يوشۇرالماي چىچاڭشىپ كەتتى، - مانا مەن
ھايات چېغىمدا خېلى دەۋران سۈرگەن ئادەم
ئىدىم. نى - نى بايۋەچچىلەر ئالدىمدا قول
باغلاپ تۇراتتى. ئۇنى ئۇغلۇممۇ سىزغان سە-
زىقىمدىن چىقماي دېگىنىمنى سۆزسىز بەجا
كەلتۈرەتتى. كىشىلەرنىڭ خۇشامەت قىلىش
پۇرسىتىنى تالىشىپ بىر - بىرىدىن قىزغە-
نىشلىرى، ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ خۇش-
خۇيلۇق بىلەن ھېجىيىشلىرى، ئىززەت- ھۆر-
مىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ماڭدامدا توققۇز
تازىم قىلىشلىرى كۆلگۈمنى كەلتۈرەتتى،
ئۆزۈمنى چەكسىز ئۇلۇغ چاغلايتتىم. ئوغۇل-
لىرىمغا ئۆمۈرۋايەت بۇزۇپ - چاچسىمۇ يې-
تىپ ئاشقىدەك مال - دۇنيا قالدۇرغانىدىم،
ئۇنىڭ ئۈستىگە قەبرەمنى ئىنتايىن ھەشە-
مەتلىك ياساتلار، دەپ قايتا - قايتا تاپ-
لىغانىدىم. بىراق مەن ئۆلگەندىن كېيىن... -
ھېلىقى مەخلۇق كۆڭلى بۇزۇلدى بولغاي
ئەتىمالىم، لاسسىدە يەرگە ئولتۇرۇپ، بې-
شىنى ئىككى تىزى ئارىسىغا ئېلىپ ھۆكرەپ
يىغلىۋەتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئاستا بې-
شىنى كۆتۈرۈپ، دىققاق قوللىرىنى سوزۇپ،
ئېسەدىگەن ھالدا ئۆزىدىن بەش - ئالتە
ماڭدام يىراقلىقتىكى پاكار، ھۆتمە-تۆشۈك
بىر قەبرىنى كۆرسەتكەچ سۆزىنى داۋاملاش-
تۇردى، - مەن ھاياتچېغىمدا ئەنە شۇنداق
ئۇلۇغ، مال - دۇنياسى ھەددى - ھېسابسىز،
يۇقىرى مەرتىۋىلىك بىر ئادەم تۇرۇپ، قۇ-
رۇت - قوڭغۇزلارمۇ قەدەم تەشرىپ قىلماپ
قويمايدىغان ئاشۇنداق ئەسكى قەبرىدە ياتـ-
قان يەردە، راستىنلا ئۆزۈمنىڭ ئېيتقاندەك ئا-
شۇنداق رودىپاي بولسا ئۇ شۇنداق ئېسىل گۈمـ-
بەزدە ياتالامتىڭ؟! يالغان! يالغان! سەن جەز-
مەن بىرەر قەدىناس ئاغىنەڭگە بەھىساب
زىخچا ئالتۇن قالدۇرۇپ قويغىنىڭنى ئۇنـ-
تۇپ قالغان ئوخشايسەن! بولمىسا بۇ غەلىتە
ئىشلارنى نېمە دەپ چۈشەندۈرگۈلۈك؟ مەن
زادى چۈشەنمىدىم، چۈشەنمىدىم...

— مۇشۇ ئاپئاق ساقىلىم بىلەن يالغان
سۆزلەشكە تىلىم قانداق بارىدۇ، بالام؟- بو-
ۋاي قاتتىق يۆتىلىپ قىقىلىپ كەتكەنلىكتىن
سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. ئۇزۇق-
لۇقنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن بولسا كې-
رەك، مەيدىسىدىن گىژىلدىغان ئاۋاز ئاڭ-
لىنىپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم دېمىنى ئېلى-
ۋالغاندىن كېيىن، ئوڭ قولىدىكى ھاسىسىنىڭ
ئۇپراپ كەتكەن ئۇچى بىلەن سول قولتۇ-
قىدا قىستۇرۇقلۇق تۇرغان يوغان كىتابنى
كۆرسىتىپ، دېدى، - ئىشەنسەڭ-ئىشەنمىسەڭ،
بالام، مۇشۇ نەڭدىن باشقا ھېچكىمگە ھېچنېمە
قالدۇرمىغىنىم راست...

ھېلىقى قارا كۆسەي مەخلۇق بوۋاينىڭ
قولتۇقىدىكى كىتابنى چاققانلىق بىلەن سۇ-
غۇرۇۋېلىپ، مۇقاۋىسىغا بىر ھازا سىنچىلاپ
قاراپ ھېچنېمىنى تونۇمىغاندىن كېيىن، بىر-
بىرلەپ ۋاراقلاپ كۆردى. ئىچىدىن كۆتكەن-
نىدەك تىللا چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ يەرگە
غەزەپ بىلەن چۆرۈپ تاشلاپ، ئەسەبىيلەرچە
ۋارقىرىدى:

— كىمنى كولدۇرلىتاي دەيسەن، ھوي
قاقباش قېرى! بۇ تۇقۇمىڭ قانچىلىك پۇلغا
يارايتتى؟ كۆپ بولسا بەش تىيىن! قەسەم
قىلىمەنكى، ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتمەيدۇ. مۇ-
شۇ نەچچىلىك بىر نېمە ئۈچۈنمىزە، شۇنچە ئېسىل گۈمـ-
بەز ياساپ بېرىدىغان ساراڭ ئادەم بارمۇ؟

مېنى ئۇنچە نادان چاغلىما جومۇ! بولمىسا كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسىتىمەن!...

ئاڭغىچە ئەتراپىمىزنى قاپلاپ كەتكەن ئادەم ياكى ئەرۋاھلىقىنى بىلىپ بولمايدىغان ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى مەخلۇقلار غۇلغۇلا قىلىشقا، ئىسقىرتىشقا، ئۆچكىدەك مەرەپ كۈلۈشكە باشلىدى:

— ئالدامچى!

— قىپقىزىل يالغانچى!

— گۇمبىزىنى چېقىش كېرەك!

— تۈزلىۋېتىش كېرەك!

— ئۇ ئاشۇنداق ھەشەمەتلىك گۇمبەزدە ھوزۇرلىنىپ ياتسۇنۇ، بىز مۇشۇنداق ۋەيرانە قەبرىدە ئازابلىنىپ يېتىۋېرەمدىكەنمىز؟

— شۇنى دېمەمسەن، بولۇپمۇ يامغۇر ياغقان كۈنلەردە ھالىمىزغا ۋاي!

— ئادالەت، تەڭلىك دېگەنلەر نەگە كەتتى؟

— ھۇشت!... ھۇشت!... ھۇشت!...

— ھا! ھا! ھا!...

— ھى! ھى! ھى!...

شۇ ئەسنادا گۇمبەزگە يېقىن بىر قەبرە يېرىلىپ، ئىچىدىن مەشئەل كۆتەرگەن ئېگىز بويلۇق، كەۋدىلىك بىر بەندە چىقىپ كەلدى. ئۇ، مەشئەل يورۇقىدا بوۋاي ياتقان ھېلىقى گۇمبەز ئالدىغا ئورنىتىلغان قەبرە تېشىغا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن ۋەزمىن ئاھاڭدا دېدى:

— ئۇ، ئالىم، تەتقىقاتچى ئىكەن!

— ئالىم دېگەن نېمە ئۇ؟

— ئالىم دېگەن ئاۋان - سارايمىكىن-يا؟

— تەتقىقاتچى دېگىنى يەيدىغان تاتلىق نەرسىمىدۇ ياكى كېيىدىغان تامبالدەك بىر نەرسىمىدۇ؟

— كىم بىلىدۇ؟ ئاڭلاپمۇ باقمىغان غەلىتە گەپ ئىكەن بۇ!

غۇلغۇلا قايتىدىن باشلاندى - دە، تالاش ئەۋجىگە چىققاندا ئورۇق، ۋىجىك، يۈزى مايمۇن ساغرىسىدەك قىپقىزىل، سەۋزە بۇرۇن بىر مەخلۇق قارا كۆسەي مەخلۇقنى بىر چەتكە تارتىپ، بېلىنى يادەك ئېگىپ، خۇشامەتكويلۇق بىلەن ھېجىيىپ، ئىنتايىن سىرلىق ئاھاڭدا دېدى:

— سىز دېگەن كارامەت ئادەمتىڭىز جۇمۇ! ھايات چېغىڭىزدا ھېچكىممۇ سىزگە تەڭ كېلەلمەپ قارىيالمايدىغان، بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق كۈنگە قالسىڭىز قانداق بولغىنى؟ بىزگىغۇ مەيلى، ئەسكى قەبرىدە يېتىۋېرىپ كۆنۈپمۇ قالدۇق، لېكىن سىزدەك ئېسىلزادىلەر ئورنىدىن قېلىشمايدىغان ھەشەمەتلىك گۇمبەزدە ياتمىسا بولامدۇ؟ بىز بۇنىڭغا قايىل ئەمەس. ماۋۇ قاقباشنى قوغلىۋېتىپ، گۇمبەزنى سىزگە ئېلىپ بەرسەك قانداق؟

— سەن - زە، يارايسەن جۇمۇ! - دېدى قاراكۆسەي مەخلۇق ئورۇق مەخلۇقنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ مەمنۇن بولغان ھالدا كۈلۈمسىرىدى، - ئىپادەڭ ياخشى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ماڭا مۇشۇنداق سادىق بولساڭ، دېگىنىڭنى ئەمەلدە كۆرسەتسەڭ مەرتىۋەڭنى ئۆستۈرىمەن.

— رەھمەت! سىز ئۈچۈن جېنىم پىدا!! سىزنىڭ سايىڭىزدا... - ئاۋازى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان ئورۇق مەخلۇق تەسىرلىنىپ كەتكەنلىكتىن مىشىلداپ يىغلىغاچ قارا كۆسەي مەخلۇقنىڭ ئايىغى ئاستىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنىڭ توڭرا بېسىپ قاتماللىشىپ كەتكەن تاپىنىنى تىلى بىلەن شالاپشىتىپ يالاشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا قاتمال بىر قول ئورۇق مەخلۇقنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ

يىراققا ئېتىلۋەتتى. قارىسام، شادا پاچاق، ئاراقول، شوتا بوي، غاز بويۇن، ياغاق يۈز، ئوراكۆز، تىكەن ساقال، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر مەخلۇق ئۆزىدىن تۆت - بەش ماگدام يىراقلىقتا ئاغرىپ كەتكەن بېقىنىنى سىلىغىنىچە ۋاي - ۋايلاپ ياتقان ئورۇق مەخلۇققا قاراپ غەزەپ بىلەن قول شىلتىپ ۋارقىراۋېتىپتۇ:

— ھەي چۈپرەندە، سەن ئەشۇ ئىتنىڭ تىلىدەك يىرىك تىلىڭ بىلەن بۇمۇھتەرەمنىڭ مۇبارەك تاپىنىنى يالاشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزەڭنىڭ ھالىغا بېقىپ ئىش قىل جۇمۇ! بولمىسا، تېرەڭنى تەتۈر شىلىمەن!

شادا پاچاق مەخلۇق نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالغان قارا كۆسەي مەخلۇق ئالدىدا تىزلاندى - دە، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ، خاۋاتىرلەنگەن ۋە ئەندىككەن ھالدا دېدى:

— ئاۋۇ گۇينىڭ نىيىتى بۇزۇق، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەڭ جۇمۇ! مېنىڭ تىلىم ئۇنىڭكىدىن يۇمشاق...

ھەش - پەش دېگۈچە ھېلىقى قارا كۆسەي «باشلىق» نىڭ ئەتراپىنى بىر توپ مەخلۇق ئوراۋالدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قىزغىنىشقان ھالدا تاپان يالاشنى تالىشىپ بىر - بىرىنى ئىتتىرىشەتتى، تىللىشاتتى، گال سىقىشاتتى، مۇشلىشاتتى، يەردە ئېغىناپ پومداقلىشاتتى. بۇنىڭدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى پەملىگەن، ئۇزايىدىن سىپايىلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان تولۇمدەك سېمىز بىر مەخلۇق ھېجايغان ھالدا قارا كۆسەي مەخلۇقنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بۇنداق ئۆرە تۇرۇۋەرسىڭىز چارچاپ كېتىسىز، - دېدى ئۇ قارا كۆسەي مەخلۇقنىڭ ئارقىسىدا دۈم يېتىۋېلىپ، - ئۈستۈمدە ئولتۇرۇپ بىردەم بولسىمۇ ئارام ئېلىۋېلىڭ. كاسسىڭىزنىڭ ئاغرىپ كەتمەسلىكىگە جېنىم بىلەن ھۆددە قىلىمەن!

قارا كۆسەي مەخلۇق مەمنۇن بولغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئولتۇرۇۋالدى، سېمىز مەخلۇقنىڭ ئومۇرتقىلىرى كونىراپ كەتكەن ئورۇندۇقتەك غىرسىلاپ كەتتى، لىغىرلاپ تۇرغان يوغان قورسىقى يەرگە چاپلىشىپ، ئوتتۇرىدىن بوغۇلغان خالتىدەك ئىككى تەرەپكە بۆلۈندى، نەپسى بوغۇلۇپ خىقىراپ قالدى. ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمەي، «ۋاي - ۋاي... ۋايجان!...» دەپ ئىڭراپ تاشلىدى - يۇ، «باشلىق» نىڭ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئوخشىتىپ قويۇلغان ھېسسىياتتەك ئاپئاق چىرايىغا كۈلكە يۈگەرتىپ، چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ سۆزىنى ئۆزگەرتتى:

— ۋاي، ۋاي، ۋاي!... پاھ، پاھ، پاھ!... نېمە دېگەن ھوزۇر، نېمە دېگەن راھەت - ھە! دۇنيادا ئادەم دېگەننىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بارمۇ؟!

سېمىز مەخلۇقنىڭ بۇ يېڭى ھۈنىرىدىن ئەقىل تاپقانلار ئەس - ھوشىنى يىغىپ، جېدەل - ماجىرانى دەرھال توختاتتى - دە، بەس - بەس بىلەن قارا كۆسەي مەخلۇقنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ كەلدى، بەزىلىرى ئۇنىڭ بېلىنى تۇتۇشقا، بەزىلىرى يوتىسىنى سىلاشقا، بەزىلىرى دۈمبىسىنى قاشلاشقا، بەزىلىرى ياغلىقى بىلەن قان ئۇيۇپ قالغان يېشىنى تېڭىشقا، بەزىلىرى چىمچىلاق بارمىقى بىلەن قۇلىقىنىڭ كىرىنى ئېلىشقا، يەنە بەزىلىرى ئۇگىلىرىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



— مېنىڭ قولۇم دېگەن پاختىدەك يۇمشاق جۇمۇ!

— ئەمچىلىك ماڭا ئاتا مىراس كەسىپ!

— سالجىدەك چاپلىشىۋالماي نېرىراق تۇرساڭچۇ، مەنمۇ كارامىتىمنى بىر كۆرسىتىپ باقاي!

— يەنە ئورۇن بوشاتمايدىغان بولساڭ ھېلى بىكا جۇمۇ!...

ئۇلار قايتىدىن ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ كەتتى. يەنە شۇ قىزغىنىش، تالىشىش، تىللىشىش، ئىتتىرىشىش، بوغۇشۇش...

— بولدى، بەس! — قارا كۆسەي مەخلۇق تېخىچە ئۆزىگە ئورۇندۇق بولۇپ دۈم ياتقان سېمىز مەخلۇقنىڭ دۈمبىسىگە سەكرەپ چىقىپ، ھەيۋە بىلەن ۋارقىرىدى، — ئەمەل دېگەن كۆپ نېمە، تالىشىۋەرمەڭلار! ئەمەل تەگمەي قالغانلارغا يۇقىرى ئۇنۋان بېرىمەن. قىسقىسى، قولۇمغا سۇبەرگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۆز نېسىۋىسىدىن قۇرۇق قالمايدۇ!

خوجىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن جىم بولۇپ قېلىشتى. ئورۇق مەخلۇق ئورنىدىن ئاران تۇرۇپ، بېقىنىنى سىلىغىنىچە توپ ئىچىگە سىغىدىلىپ كىرىپ ئالدىغا ئۆتتى. قارا كۆسەي مەخلۇق ئۇنىڭ ئۇشلۇق بېشىنى ئاتىلارچە سىلاپ قويىۋىدى، شادىپاچاق مەخلۇقنىڭ ئەرۋايى ئۇچتى. ئۇ، قىزىرىپ كەتكەن ئورا كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچىرىتىپ ئورۇق مەخلۇققا يەۋەتكىدەك ئالايدى. قارا كۆسەي مەخلۇق ئۇلارنىڭ چۆجە-خورازلاردەك بىر - بىرىگە ھۆرپۈيىشىپ تۇرغان ئەلپازىغا قاراپ بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلىدى.

— ساڭا، - دېدى ئۇ، ئاستىدا تىپىرلاپ ياتقان سېمىز مەخلۇققا ئېگىشىپ قاراپ، — ئورۇندۇقلۇق مەنسىۋىنى ئىنئام قىلدىم، داۋاملىق ئورۇندۇق بولۇۋەر!

سېمىز مەخلۇق ھەسرەتلىك ئىڭىرىۋەتتى. قارا كۆسەي مەخلۇق بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئورۇق مەخلۇق، شادىپاچاق مەخلۇق، پاكار مەخلۇق، سېرىق مەخلۇق، ئاق مەخلۇق قاتارلىقلارغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن ماختانچاق بول، سەن ياسانچۇق! سەن ياساۋۇل بول، سەن قاراۋۇل! سەن جىسەكچى بول، سەن تىزەكچى!...

ئەمەلگە ئېرىشكەنلەر قارا كۆسەي مەخلۇققا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى ۋە قىن - قېنىغا پاتمىغان ھالدا بىر - بىرىنى تەبرىكلەشتى.

يەنىلا ئورۇق مەخلۇقنىڭ كۆزى ئۆتكۈر بولسا كېرەك، تۇساتتىن ئۇ، بىر چەتتە ئۆزلىرىگە قاراپ باش چايقاشقىنىچە ئېغىر ئۇھ تارتىپ، سوغۇق كۈلۈپ تۇرغان ھاسا-ماياقلىق بوۋاي بىلەن ئېگىز بويلۇق بەندىنى كۆرۈپ قالدى - دە، چاققانلىق بىلەن گۇمبەز يېنىدىكى قەبرە ئۈستىگە لىككىدە سەكرەپ چىقىپ، ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ نۇتۇق سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇرادەرلەر، بۇ قاخشال قېرى ياتالىغان پادىشاھ ئوردىسىدەك ئېسىل گۇمبەزدە بىز نېمىشقا ياتالمايدىكەنمىز؟! ئەجەبا، ئۇنىڭدىن بىزنىڭ بىرەر يېرىمىز كەممىكەن؟ بۇ ئۆلۈمتۈك قېرىنى، ئۇنىڭ ئار - نومۇسىنى بىلمەيدىغان مۇنۇ يۈزسىز يالاقچىسىنى مۇقەددەس قەبرىستانلىقىمىزدىن قوغلاپ چىقىرايلى! گۇمبەز بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلىغان پاسىبانىمىز، ئاتىمىزدىن قەدىردان غەمگۇ-

زارىمىز نادانلىيغا مەنسۇپ، ئاندىن قالسا بىزگە!

— هۇررا! هۇررا!...

— ياشىسۇن! ياشىسۇن!...

— پادىشاھ هوزۇرىنى ئۇلارلا سۇرۇۋەرمىسۇن، بىزمۇ سۇرۇپ باقايلى!...

تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە بۇۋاينىڭ هاسىسى تارتىۋېلىنىپ سۇندۇرۇۋېتىلدى. ئېگىز بويلۇق بەدىنىنىڭ قولىدىكى مەشئەل يەرگە چۆرۈپ تاشلىنىپ ئۇچۇرۇۋېتىلدى. ئارقىدىن ئۇلار يەرگە يىقىتىلىپ، باش ـ كۆزلىرى يىرتىۋېتىلدى، هەش ـ پەش دېگىچە پۈتۈن ئەزايى غەرق قانغا مىلىنىدى. قارا كۆسەي مەخلۇق غادايغان پېتى ئۇيان، بۇيانغا مىڭىۋەتكەندىن كېيىن هېلىقى تۆشۈكتىن شۇڭغۇپ گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇرۇق مەخلۇق بىلەن شادا پاچاق مەخلۇق ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. قالغان مەخلۇقلارمۇ ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئۆزلىرىنى ئېتىۋىدى، گۈمبەز تۆشۈكىگە كەپلىشىپ قالدى. قىيا ـ چىيا سادالىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. تۇيۇقسىز «گولۇپپىدە!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ هەيۋەتلىك گۈمبەز ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئىڭراش، يىلىنىش، ۋايساش، قاغاش خىلمۇخىل داۋاملاشتى، ئەمدى بىلدىمىكى، قەبرىستانلىقمۇ تىنىچ، جىمجىت ئەمەس ئىكەن. ئۇنداقتا دۇنيانىڭ قانداق يېرى تىنىچ، جىمجىتكىن ـ تاڭ؟ بۇنى هېچ بىلەلمىدىم...

(بېشى 124 ـ بەتتە)

پادىشاھ نۇر چولپاننى تونۇپ، ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، نەچچە قېتىم هۇشىدىن كېتىپ، يەنە هۇشلىرىغا كەپتۇ. ۋاها پمۇ نۇر چولپاننى تونۇپ مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

شۇكرى ئاللا، غەمگۇزارىم كەلدىيا،
غەمگە سالغان گۇلئازارىم كەلدىيا.
هاياتنى تەقدىم قىلىپ ئەل ئۇچۇن،
ئىنتىزار ئەتكەن نىگارىم كەلدىيا.

نۇرچولپان ئابىهايات سۈيىنى پۈتۈن شەهەر خەلقىگە ئىچكۈزۈپتۇ ۋە ئۆزىمۇ ئىچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خەلق ياش قىز ـ يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. نۇرچولپان ئونسەككىز ياشلىق قىزغا، ۋاها پ يىگىرمە ياشلىق يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. ئابىهايات سۈيىنى چاچقان يەرلەرگە چادىرىگەرنىڭ قولىدا هالاك بولغان خەلقمۇ تىرىلىپتۇ. پادىشاھ قىزى نۇرچولپانغا زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەت ئاخىرىدا:

— ئەي يۈرەك ـ باغرىم قىزىم، بېشىڭدىن كۆچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىڭنى زىياپەت ئەهلىگە سۆزلەپ بەرگىن ـ دەپتۇ.

نۇرچولپان ئابىهايات دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئەپكەلگىچە بېشىدىن كۆچۈرگەن ئوتتۇز يىللىق سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ. هەممەيلەن ئۇنىڭ مەردانىلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

پادىشاھ قايتىدىن قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ، نۇرچولپاننى ۋاها پقا نىكاھلاپ بېرىپتۇ.

مۇھەممەت ئىمىن ئەخەت

## مەن نۇر ئەمدىم باھارلاردىن

### يۇرت قوشقى

مەن نۇر ئەمدىم باھارلاردىن،
باھار كۆڭۈل دىلدارلاردىن،
قەلبىدىن كۆي ئاقارلاردىن،
ئانا يۇرتۇم، ئېزىز — بارچۇقۇم①

ئەنبەر پۇراپ تۇپراقلاردىن،
كەۋسەر ئىچىپ بۇلاقلاردىن،
كۆڭلۈم يايراپ قوشاقلاردىن،
ئۆستۈم سەندە ئانام — بارچۇقۇم.

قامەت تاپتىم قامەتلىردىن،
ئامەت تاپتىم ئامەتلىردىن،
سائادەتلىك سائەتلىردىن،
ئانا يۇرتۇم، ئېزىز — بارچۇغۇم.

قۇۋۋەت تاپتىم دالالاردىن،
جۇرئەت تاپتىم سادالاردىن،
سۇرئەت تاپتىم سابالاردىن،
ئانا يۇرتۇم ئېزىز — بارچۇقۇم.

ئەقىل تاپتىم دانالاردىن،
سۆيگۈ تاپتىم رەنالاردىن،
تۇيغۇ تاپتىم دەريالاردىن،
ئانا يۇرتۇم، ئېزىز — بارچۇقۇم.

ئېزىز ئۆزۈڭ ئانا بارچۇقۇم،
ئېزىز — ئۆزۈڭ كۆزۈم — قاچۇقۇم!

## ئۇستاز دېگەن نۇر — قۇياش، نۇر بىردۇ ھەممىگە

ئۇستاز دېگەن قەدىرلىك، ئۇستاز دېگەن سۆيۈملۈك،
سەبى، ئوماق دىللارغا نۇر بەرگۈچى چىراغ ئۇ.
ئۇستاز دېگەن ھەممىگە مېھرىبان ھەم كۆيۈملۈك،
يېنىپ تۇرغان شام كەبى نام — شۆھرەتتىن يىراق ئۇ.

ئۇستاز دېگەن نۇر — قۇياش، نۇر بىردۇ ھەممىگە،
نۇرلىرىدىن شۇڭلاشقا ئوت ئالىدۇ يۇرەكلەر.
ئۇستاز دېگەن ئادەمنىڭ قۇت سالىدۇ قەلبىگە،
شۇ قۇت بىلەن كۈچ تېپىپ ياشناپ تۇرغان چېچەكلەر.

ئاق كۆڭۈللۈك بابىدا ئۇستاز دېگەن پىر گويا،
شۇ ئاقلىقتىن، پاكلىقتىن ئۇستاز داستان ياراتقان.
ۋىجدانى پاك ئۇستازنىڭ رەزىللىكتىن يىراق ئۇ،
شۇ سەممى ۋىجداندىن ئۇستاز نۇرلار تاراتقان.

① بارچۇق — مارالبېشىنىڭ قەدىمكى ئىسمى.

ئۇستاز دېگەن چاپاكەش، ئۇستاز دېگەن مېھنەتكەش،
شۇ مېھنەتنى، چاپانى بەخت بىلۇر ھەممىشە.
مىڭ سۇلايمان تەختىنى بىلمەس ئۇستاز ھېچقانچە،
دەرسخانىنى – مۇنبەرنى تەخت بىلۇر ھەممىشە.

ئۇستاز دېگەن ئېزىزدۇر، قۇت تىلەيدۇ ئەۋلادقا،
شۇڭا ئەۋلاد ئارمىنى يانار ئۇنىڭ ۋەسلىدە.
ئۇستاز سۆزى مېغىزدۇر، يەتكۈزىدۇ مۇرادقا،
(ھايا تلىقنى باي قىلغان ئۇستاز سۆزى ئەسلىدە!)

ئۇستاز دېگەن سۆيۈملۈك، ئۇستاز دېگەن ئېزىزدۇر،
ئۇستاز كۆڭلى كەڭ ئاسمان، ئۇنىڭ سۆزى مېغىزدۇر.

### ئانا

ئېزىزسەن، سۆيۈملۈك مېھرىبان ئانا،
ئۇلۇغلۇق تەختىدە ئۆزۈڭ بىباھا.
قۇت تىلەپ، قۇت بېرىپ چوڭ قىلىپ مېنى،
يولۇمدا يولباشچىم بولدۇڭ سەن يەنە.
ئاق ۋە پاك سۈتۈڭنىڭ قۇربىتى بىلەن،
ئېقىلدا كۈچ تېپىپ بولىمەن دەنا!

### ئون سەككىز ياش

ئون سەككىز ياش، ئاھ، ئۇز قەلەمقاش،
ئون سەككىز ياش ئۆمۈرگە ھۇل – تاش.
ئون سەككىز ياش يارلېۋى – لەۋزى،
ئون سەككىز ياش تاڭدىكى قۇياش!

### دوستۇمنىڭ قەبرە تېشىغا

(مەرھۇم دوستۇم M غا بېغىشلاپ)

يۇتۇپ كەتتى سېنى شۇم ئەجەل،
ئېلىپ كەتتى رەھىمسىز پەلەك.
بەرگەنىدىڭ ئىجاد قوينىدا،
ياش پىلەكتىن تېخى ئاز خەمەك.

دوستۇم سېنى ئېپ كەتتى ئەجەل،
ئارىمىزدىن – گۈلزارىمىزدىن.
ياق!
ھايا تسەن گاڭ ناخشاڭ بىلەن،
ئورۇن ئېلىپ قاتارىمىزدىن!

ئوبۇل ئەزىز دولانى

## شېئىرلار

### ئېزىدقان سۆيگۈ

تۇنەپ قالدى ھىلال ئاي بۇ كەچ،
سۈزۈك، ئېغىز تىنىقلىرىدا.
ئارمانلىرىم ئالدانماس (ئەمدى)،
گۈل بولۇپ ئاچقۇز بېلىقلىرىڭغا.

تېنەپ يۈرەر ئېزىدقان سۆيگۈم،
شاماللارغا ئالدىنىپ ئاخشام.

ئاي بويىنىغا ئېلىنىدى ئۇيقۇم،
ئۇنتۇلغانىدا قەدىمكى ناخشام...

ئېلىپ كەتتى ناخشامنى ساڭا،
ئۇيقۇغا ئۆچ بەكباش شامماللار.
باھارىڭنى ئەسلەتتى ماڭا،
قىشتا سۇرگەن شېرىن خىيالار.

ئۈزۈك، ئېغىر تىنار يۈرىكىم،
سېنى ئەسلەپ شېئىر يازغاندا.
ئاھ، بىتەلەي ئۆلگەن سۆيگۈمنى،
ئارمان بىلەن قالدۇرۇپ داغدا.

### ھەسرەت

تەكلىماكان ئېغىر نەپەستە،
ئۇخلار تاتلىق جەننەتنى چۈشەپ.
سايە تاشلاپ توغراقمۇ پەسكە،
مۈگدەك بېسىپ تۇرىدۇ ئەسنەپ.

شامalلارغا ئالدىنىپ ھوشسىز،
ئۇچۇپ يۈرەر چەشمە قۇملىرى.
لىغىلدايدۇ ئەنسىز يالىڭاچ،
شۇ بىچارە كۆك يۇلغۇنلىرى.

كۆز يېشىمنى سەپتىم ئاۋايلاپ،
ياشارسۇن دەپ توغراق تۆۋىنگە.
يۈز، كۆزۈمنى يۇدۇم نەچچەرەت،
سېرىق جانسىز ياپراق سۈيىدە...

### ھەيرانلىق

بوۋام سېلىپ قويغان قەبرەمگە،
ئورۇن تەگدى ئەمدى نەۋرەمگە.

### ئىلتىجا

يالىلىقىم يوقالدى ئاخشام،
نەدە سەن ئەي مۇساپىر ناخشام؟!

**پەرھات مۇھەممەت**

## سۆيگۈدىن تامغان مىسرالار

### ئۇپۇق يېرىپ چىققاندا قۇياش

ئۇپۇق لېۋى يارىنىڭ لېۋىدەك،
قىزىرىپتۇ قۇياش رەڭگىدە.
سۈزۈك شەبنەم ياقۇترەڭ بولۇپ،
جۇلالىنار گۈلنىڭ بەرگىدە.

ئۇپۇق تامان ئاقىدۇ دەريا،
قىرغاق سۆيۈپ ئالتۇن سۈيىدەك.
شاۋقۇنلىرى قاپلايدۇ كۆكنى،
قىز - يىگىتنىڭ بەخت كۈيىدەك.

قىز ئەگلىدەك ياپيېشىل باغدا،
قىز مەڭزىدەك قىپقىزىل ياپراق.
شەپەق نۇرى بىلەن قىزارغان،
ياپراق بىلەن رەڭلىنەر تۇپراق.

گۈلخان بولۇپ قىزارغان تاغلار،
ئۇندا ئالتۇن شەپەق جىلۋىسى.
گۈزەللىشىپ تۇرغان زېمىننىڭ،
بولۇپ قالدى ئۇپۇق قىبلىسى.

### سەن ئاھ ئۇرۇپ ئاققۇزغاندا ياش

يۈرىكىمگە چۈشتى دومىلاپ،
كۆزلىرىڭدىن ئاققان تۈنجى ياش.
تاغلار كېلىپ باسقاندەك مېنى،
بېرەلمىدىم زادىلا بەرداش.

ئاققۇزما ياش، ئاققۇزما زىنھار،
لەۋلىرىڭدە ئوينىسۇن كۈلكە.
سەن ئاھ ئۇرۇپ يىغلىساڭ دىلدار،
ئايلىنار كەن يۈرىكىم كۈلگە.

### تۈنجى مۇھەببەت

بويۇم ئۆسۈپ ئېڭەكلىرىمگە،
سانجىلغاندا ياشلىق بەلگىسى.
سەبى ھېسسىم بولغاندا مالىمان،
كەلدى شۇ چاغ خىيال ئەلچىسى.

**باللىقتا قونچاق ئوينىغان،**
قىزلار ئەمدى بىلمىندى سىرلىق.
سەبى چاغلار تەگەشكىندەك ئىش،
ماڭا ئەمدى تۇيۇلدى ئىللىق.

لەۋلىرىگە سۆيگەندە تۇنجى،
ھېسسىم بولدى ئۆركەشلىك قىيان.
سادا بەردى تىپىرلاپ يۈرەك،
«باللىقنى تاشلىغىن، ئويغان!»

بەخت دېگەن شۇ ئىدى ماڭا،
شۇ چاغ ئىددىم بەختلىك يىگىت.
خىيالىمدىن كەچمىگەن ئىدى،
«بەختسىزلىك، پۇشايمان، ئېسىت».

بىلدىم ئاخىر تاتلىق ۋىسالىنىڭ،
بار ئىكەندۇق ئاچچىق ھىجرانى.
بولغىنىدەك ھەيۋەت تاغلارنىڭ،
شاش قۇلاندەك كەلكۈن — قىيانى.

ئازاب قانچە ئاچچىق بولسىمۇ،
بېغىشلايدۇ ماڭا ئۇ لەززەت.
ھايا تلىقىم ئەرزاندۇر ئاڭا،
بولغاچقا ئۇ تۇنجى مۇھەببەت.

**خۇدابەردى ئابىخان**

# شېئىرلار

## بۇگۇنكەنغۇ ئەتىمۇ

سانجاق ـ سانجاق يۇلتۇز كەبى چاراقلاپ،
قەلبىم كۆكى تولۇپ كەتكەن ئىستەككە.
ئىستەكلىرىم يۇكسەكلىكتە قۇياشتەك،
سۆھبەت قۇرار ئايىنى ئېلىپ ئېتەككە.

ئۆمۇر بېغى چېچەكلىمەس تىلەكسىز،
چاقنار ئىقبال ئىستەكلەرنىڭ يۈزىدە.
مالال بولۇپ تاقەتلىرىم بۇگۇندىن،
قالدى ئەتە ئۇمىدلەرنىڭ كۆزىدە.

ۋىسال ئىزدەپ ئىستەك ئۇچۇن ئەتىدىن،
ئۆتتى شۇنداق ئەتىلەردىن نەچچىسى؟
تۇنۇگۇنمۇ كۇتكەن شۇنداق ئەتىنى،
لېكىن بۇگۇن تۇنۇگۇننىڭ ئەتىسى.

بىلدىم ئەمدى بۇگۇنكەنغۇ ئەتىمۇ؟
ئارمانلىرىم ئېسىل بۇگۇن بويىنغا.
شىجا ئىتىم ئۇمىدلەرگە قانات بەر،
بۇگۇن ئالسۇن ئىستەكلەرنى قويىنغا.

## گىرەلەشكەن كىرپىكلەردە سۆيگۇلەر

كۆرۈنگەندە نىگاھلىرىڭ ئىزناسى،
ئارمانلىرىم ئۇچقان ئەشۇ كەڭلىكتە.
كۆزلىرىمدە چاقنار ۋىسال سىماسى،
تىپىرچەكلەيدۇ بەگباش تۇيغۇ يۈرەكتە.

نىگاھىمغا نىگاھلىرىڭ چىرمىشىپ،
ئارمانلارغا ئارمان كېلىپ مىنگەشتى.
قاراقلىرىڭ قاراقلارنى شاد ئېتىپ،
ئوتلۇق كۆزلەر نىگاھلاردا جۇپلەشتى.

مۆلدۈرلىگەن قارچۇقلاردا بىتاقەت،
سۇكۇت بېرەر تىنىقلارغا سەزگۇلەر.
كۆرۈنمەيدۇ ھېچقا يىسىدىن قانائەت،
گىرەلەشكەن كىرپىكلەردە سۆيگۇلەر.

توساتتىنلا قاچتى ھۇركۈپ قارچۇقلار،
كېلىپ قالغاچ ھەيران قالغان ئېھزىتقۇ.
يۈرەكلەردىن كۆككە يەتتى چۇقانلار،
نەدىن كەلدى ۋىسال پەيتى تېزىتقۇ؟

### سەن ئويغاق، تەبىئەت ئويغاق

شوخ شامال كېزىدۇ لەرزان پەر قېقىپ،
جىمجىت تۈن باغرىدا سىلكىنەر سەھرا.
ھىلال ئاي نۇر سەپكەن چېچەك مەكزىدە،
گىرىمسەن ئېلكىدە تۇرىمەن تەنھا.

باغلاردا شامالنىڭ ئەركىلەشلىرى،
يىلىنەر ياپراقلار شىلدىرلىشىدىن.
كېلىدۇ شوخ كۈلۈپ ئۇيقۇ پەردىسى،
مېھرىبان ئانىنىڭ ئەللەيلىشىدىن.

ئۇيقۇمۇ تاتلىققۇ كېچە ئىنسانغا ؟
ۋە لېكىن بولمىسا ھىجرانى - پىراق.
چېچەكلەر بەرگىدە تۈنەر كېپىنەك،
مەن ئويغاق ۋە پەقەت تەبىئەت ئويغاق.

رۇجەكلەر ھىم ئېتىك، چىراغلار ئۆچۈك،
قارايمەن يىراقتىن ئاگا تەلمۈرۈپ.
مەن كۈتەي ھەر كېچە شېرىن تۇيغۇدا،
سەن ئۇخلا ئومىقىم، تاتلىق چۈش كۆرۈپ.

**ئابدۇكېرىم ھاپىز**

## شېئىرلار

### ئويغاق ئىلھاملار

تاغلار لەرزان ئوقۇيدۇ ناخشا،
چاتقاللىقلار بولىدۇ تەڭكەش.
شىلدىر - شىلدىر ئاققان سۈزۈك سۇ،
قىيالاردا ياسايدۇ ئۆركەش.

مەغرۇر ئورمان ئېگىپ قەددىنى،
تەبىئەتكە بېرىدۇ سالام.
گۈل دېڭىزى تەۋرىنىپ مەسخۇش،
شاماللارغا سىر تۆكەر ھامان.

نىلۇپەرىم، تاتلىق كەچمىشلەر،
ئاي نۇرىدا لەيلەيدۇ ئاران.
ئويغاق ھېسلار قىينايدۇ دىلنى،
سۆيگۈمىزدىن ئالەم بىئارام.

### سەن كېلىسەن، تېرىلەر ئارمان

ئاي ئۈزىدۇ كۆكتە بىغۇبار،
كۆڭۈللەرگە سالىدۇ ئىشىق.
ئايغا ئوخشاش ئاي يۈزلۈك جانان،
ئاي نۇرىدەك ئويناپ - كۈلۈپ چىق.

چېكەتكىلەر ياڭرىتىدۇ كۈي،
شۇنچە مۇڭلۇق لىرىكىغا باي.
قۇچاق ئاچار يەنە سىر تۆكۈپ،
بىز تونۇشقان ئاشۇ ئىللىق جاي.

كەل، كېلىۋەر، تېرىلەر سەندىن،
قەبرىلەرگە كۆمۈلگەن ئارمان.
كەچمىش ئاچچىق ئاققۇزسىمۇ ياش،
سۆيگۈ يەنە بىزگە قەدىردان.


### ئاققا بىر سىزما

ئاپئاق كېچە، ئاپئاق كۈمۈش يول،
ئاق نۇرلارغا پۈركەلگەن جاھان.
قارلار كېچىپ تۇتۇشقاندا قول،
ئۆركەشلىگەن تومۇرلاردا قان.

ئاق جاھانغا ئىگەر بويىنىنى،
بىز پىچىرلاپ ئويىنغان ئورمان.
ئاقنى سۆيگەچ سەنمۇ ھەم مەنمۇ،
ئاق سۆيگۈلەر كۈلگەن بىئارمان.

# مەشھۇر ئۇسسۇلچى قىزىمىز گۈلبهرام

## نىزامىدىن ھۈسەيىن



گۈلبهرام 1928 - يىلى قەشقەردە ئەمەت ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1936 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ، 1940 - يىلىغىچە ئوبدان نەتىجە بىلەن ئوقۇپ، شۇ يىلى ئۆزبېكىستان دۆلەت تاماراخانىم نامىدىكى ئۇسسۇل مەكتىپىگە ئوقۇشقا چىققان.

1942 - يىلىغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ ئۇسسۇل كەسپىنى مۇكەممەل ئىگىلەپ (كۆپ قېتىم تەقدىرلىنىپ، ئىككى قېتىم ئالاھىدە مۇكاپات ئېلىپ)، 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا چۆچەككە قايتىپ كېلىپ «چۆچەك رۇس گىمنازىيىسى»دە رۇسچە بىلىم ئاشۇرغان ھەم بۇ مەكتەپنىمۇ بىر توپ يىگىت - قىزلارنى ئۇسسۇل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ ئۇسسۇل ئۆگەتكەن. 1943 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك سانائىي نەفىسە (ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكى)گە ئۇسسۇل مۇئەللىملىك سالاھىيىتى بىلەن خىزمەتكە ئېلىنغان. ئۇ- ئۆز خىزمىتىدە بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ چاغلاردىكى ئۇيغۇر يېڭى زامان سەھنە ئۇسسۇلچىلىقىنى، ئۇسسۇل كىيىم - كېچەك فورما كۆزنەكلىرىنى، ئۇسسۇلچىلارنىڭ كەسىپ، ئەخلاق، زامانىۋىلىشىش ساپاسىنى ياخشىلاش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەم بۇ ساھەنى يەنىمۇ ئىلمىيلاشتۇرۇش توغرىسىدا كۆپلۈك تەرغىباتچىلىق قىلغان، لېكسىيىلەر سۆزلىگەن، مەخسۇس ئۇسسۇل كۇرۇژوكى تەشكىل قىلىپ جەمئىيەتتىن 20 نەچچە قىز، ئوغۇلنى بۇ كۇرۇژوكتا تەربىيىلەپ (ئۇسسۇل ئۆگىتىپ) چىققان. ئۆزى ئىشتىراك قىلغان بارلىق سەھنە - سورۇنلاردا ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ يېڭى زامان ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش (خوتۇن - قىزلارنىڭ سەنئەت ھاياتىغا دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان، سەنئەت ھاياتىنى بوغىدىغان خۇراپىي كونىلىق ئادەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش) تەشۋىقاتىنى داۋاملاشتۇرغان. 1945 - يىلى كۈزدىن ئېتىبارەن ئۈرۈمچى قىزلار گىمنازىيىسىدە قوشۇمچە (ئىشتىن سىرتقى) ئوقۇشقا كىرىپ، بىر تەرەپتىن مەدەنىيەت بىلىمىنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپنە ئۇسسۇل گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، بىر قىسىم قىزلارغا ئۇسسۇل دەرسى ئۆتكەن، ئۇسسۇل ئۆگەتكەن. ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك ساقچى مەكتىپى تېلېگرام كۇرسىدىكىلەرنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىمۇ ئۇسسۇل ئۆگىتىش، ئويۇن قويۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. 1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 19 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. مەرھۇم قىزىمىز گۈلبهرام- (گۈلبهرام)يېڭى زامان سەنئەت بىلىم يۇرتلىرىغا چىقىپ مەخسۇس ئۇسسۇل كەسپىدە تۇنجى قېتىم ئوقۇپ يېتىشىپ، ھازىرقى زامان ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىشى، يېڭىلىنىپ تەرەققىي قىلىشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقان ئۇنتۇلماس غۇنچە ئىدى. مەرھۇم رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى گۈلبهرامنىڭ دەپنە مۇراسىمى (تۇپراق بېشىدا)دا تەزىيە نۇتقى سۆزلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «... بۇ مۇھتەرەمە ھەمشىرىمىزدىن ئايرىلىقىمىز، گۈللىنىۋاتقان مىللىي سەنئىتىمىزدىن ئايرىلماق دېگەندىن ئانچە پەرق قىلمايدۇ...»

بىز ھازىرقى زامان ئۇسسۇل سەنئەت تارىخىمىزدىكى بۇ ئۇنتۇلماس تۆھپىكار قىزىمىزنى مەڭگۈ ئەسلەيمىز.

**بىزنىڭ سەنئەتكارلىرىمىز**

شىنجاڭنىڭ گېزىتىمىزنى تەمىنلىگەن مەخسۇس خەۋىرى. چېگرا بويلاپ ئېچىۋېتىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندۇردى. 1992 - يىلى چېگرىدىن كىرگەن چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپلۈكى ھەمدە قولغا كەلتۈرۈلگەن تاشقى پېرېۋوت تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى.

بۇلتۇر شىنجاڭغا كەلگەن چەت ئەللىك ساياھەتچى، مال سېتىۋالغۇچىلار 230 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئاشتى؛ قولغا كەلتۈرۈلگەن تاشقى پېرېۋوت 35 مىليون دوللاردىن ئېشىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئالتە ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. بۇ، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ياخشى ۋەزىيەت.

ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ بىر مەسئۇلى مۇنداق دېدى: چېگرا بويلاپ ئېچىۋېتىش شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىدىكى بىۋاسىتە سەۋەبى، يېقىندىن

پىرسەنتى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن.

1992 - يىلى، شىنجاڭ چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن «يىپەك يولى مەنزىرىسى»، «1992 - يىللىق جۇڭگو دوستلۇق مەنزىرىسى پائالىيىتى» ۋە تۈرلۈك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان «قەشقەر قۇربان ھېيت بايرىمى، بورتالا نادام يىغىلىشى، تۇرپان ئۈزۈم بايرىمى» قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزدى.

# ئاسىيادىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەر ... گۇرۇھى تەشكى...

ئۆز خەۋىرىمىز. مەبلەغ جەلپ قىلىش ۋە ئۆز ئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاسىيادىكى ئون مۇسۇلمان دۆلىتى يېقىندا «ئىقتىساد - سودا گۇرۇھى» قۇرۇپ، 1993 - يىلىدىن ئېتىبارەن ھەر قايسى ئەزا دۆلەتلەر تاموژنا بېجىنى % 10 چۈشۈرۈش، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن % 25 چۈشۈرۈشنى



لوپ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، يۇرۇڭقاش بازارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇسوپۇر ھاجىم ئۆز يېنىدىن 35 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، يۇرۇڭقاش بازىرىدا ياشانغانلار ساناتورىيىسى سېلىپ بەردى.
سۈرەتتە: ئابدۇسوپۇر ھاجىم (سولدىن ئالدىدىكى كىشى) ئۆز قولى بىلەن ساناتورىيە تېمىنى قوپۇرماقتا.
(سۈرەتنى لوپ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تەمىنلىگەن)

**مۇھەممەت ئەخمىدى**

## شېئىرلار

### ئارزۇ

مەيلى يەرگە كەتسەم كۆمۈلۈپ،
ھاياتلىقتىن قالسا تامغا ـ ئىز.
چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ،
قالمىسىكەن كۆزلىرىم نۇرسىز.

قەبرەمدىمۇ ئۈنسە رەيھانگۈل،
ھاياتىمدىن بىشارەت بېرىپ.
گۈل ئىشقىدا سايرايدۇ بۇلبۇل،
يار ۋەسلىگە يەتكەندەك غېرىپ.

### ۋاپاسىز

ئۇپۇق سۆيۈپ چىققاندا قۇياش،
زېمىن ئىللىپ بولدى خۇشچىراي.
قاش ئاتىدۇ سائەتنىڭ تىلى،
لىككىلداپ.

باشلاپ ماڭدى تۈن قاراڭغۇسىغا،
قىلچە توختىماي،
كەتتى قۇياش ئارقىسىدىن،
سوكۇلداپ.

### ئادەملەر

ھايات بۇ،
بىرى كۈلسە ئېچىلىپ گۈلدەك.
مامات ئۇ،
بىرى تۈگەر چېچىلىپ كۈلدەك.

### ئۈمىد

مەن بارىمەن يىراقنى كۆزلەپ،
ھەر قەدەمدە بىر قىسسە سۆزلەپ.

### بۇلبۇل

بۇلبۇل سايراپ قىلىدۇ نالە،
ئېچىلغاندا باغدا بىر لالە.

**كامىلجان ناسىر**

## شېئىرلار

### ئىجاد ئۈچۈن سۆيگۈم چەكسىز دىلىمدا

ئىجاد ئۈچۈن سۆيگۈم چەكسىز دىلىمدا،
نەسلىم بولغاچ ئىجادنىڭ ئەڭ شەيداسى.
ئىجاد بىلەن ئۆتمەك ئەبەت قارارىم،
قەلبىم مېنىڭ چەكسىز ئىلھام دەرياسى.

ئىجاد ئۈچۈن سۆيگۈم چەكسىز دىلىمدا،
ئەقىدەم زور ئاڭا ھەرگىز قانمايمەن.
ئەقىدىدىن يېنىش، تېنىش نومۇس ئىش،
ئەقىدە، دەپ جان تىكىمەن يانمايمەن.

ئىجاد ئۈچۈن سۆيگۈم چەكسىز دىلىمدا،
جانانىدىمۇ ئۇنى ئېزىز كۆرىمەن.
پەرۋاز قىلسام زەپەر قۇچسام ئىجادتىن،
مەن ئۆزۈمنى زور بەختلىك سېزىمەن.

### تامايىم يوق

ئوقۇغاندا داشۆدە بىرگە،
كۆڭلىمىزنى سىناشقاندۇق.
بىلىم ئالغاچ ياشلىق بېغىدا،
خۇشال سەيلە قىلىشقاندۇق،

بەك خۇشالمەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ،
بىر ئورۇنغا چىقتۇق خىزمەتكە.
خىزمەتتىمۇ تىرىشچان بولۇپ،
ئېرىشتۇق ھەم ئىززەت - ھۆرمەتكە.

ئەپسۇس ئاشۇ مۇناسىۋەتلەر،
بەك سۇسلاشتى يوقالدى ئىخلاس.
ھېچ بىلمىدىم، زادى بىلمىدىم،
يا چىقتىمۇ شۇمبۇيا ئىپلاس.

ئايلار ئۆتۈپ كەتتى ئارىدىن،
كۆرسەڭ سالام قىلمايلا ماڭدىڭ.
يىمچاق قاداپ قىلغان ۋەدىدىن،
ئەمدى دىلىڭدە نېمىشقا تاندىڭ؟

ئۇقسام داداڭ باشلىق بولۇپتۇ،
ماس كەلمەسمىش، دېھقانغا باشلىق.

دادام باشلىق، دېھقان ئوغلىسەن —
دەپ قىلىپسەن چوڭچىلىق - بەگباشلىق.

مەيلى مېنى تاشلىساڭ تاشلا،
تاما يىمىيوق باشلىق قىزىدىن.
دادام ئېزىز سەندىن بىلىپ قال،
گۈل ئۈنىدۇ چۈنكى ئىزىدىن.

### ياخشىلارنىڭ قۇدرىتى ئۇلۇغ

بىرسى ئېگىز، يەنە بىرسى پەس،
بىرسى ياخشى، يەنە بىرسى نەس.
ياخشى تاپار مۇرات بەختىنى،
يامان ئاخىر بولۇپ قالار خەس.
ياخشىلارنىڭ قۇدرىتى ئۇلۇغ،
يامان قاخشار سۆزلىمەيلى، بەس.

**ئابابەكرى توختى**

## ياشلىق سەۋدالىرى

### ئون يەتتىنچى لىرىكا

قەدىمىي ئورماندا تاتلىق پىچىرلاش،
قايىرىلغان شاخلارغا قالدى ئىلىنىپ.
نىگاھلار سېھرىدىن تۇغۇلسا قۇياش،
تىترەيتتى تېنىمسىز تۇرغاچ يۆلىنىپ.

ئاھ كۆز بۇلاقنىڭ شىلدىرلىشىدا،
ئاقاتتى بىر ناخشا تۇپراقنى سۆيۈپ.
ياپراقتىن ساقىغان تال - تال نۇرلاردا،
تۇراتتى چىرايىڭ شۇنچە نۇرلۇنۇپ.

شېرىدىن بىر تۇيغۇدىن مەست بولغان كۆڭۈل،
چىن بەخت كۈيىنى ئاڭلايتتى ئاستا.
قۇشلارمۇ تېنىمسىز ياڭرىتىپ مەرغۇل،
قۇتلايتتى گويا كى بىزنى شۇ تاپتا.

بۇ تۇنجى مۇھەببەت، تۇنجى ئېتىقاد،
ئەپكەلگەن يېڭىدىن ئون يەتتە باھار.
سۆيۈشنى ئۆگەتكەن جىلۋىگەر ھايات،
ۋە ئۇنىڭ تۈگىمەس ھارارىتى بار.

### چېچىلغان ھېسلار

(1)

ۋەدىلەر قېپقالدى ۋەدە پېتىچە،
مەن سېنى ئىزلىدىم تاپالمىدىم ھېچ.
چۈشەنمەي كەپتىمەن سېنى تېخىچە،
كۆتەردىڭ نېمىشقا سۆيگۈگە قىلىچ؟

شۇ ياقۇت لەۋلىرىڭ بال تۆكسە بىرچاغ،
تۆكتى ھەم ئەيمەنمەي تۇرۇپلا زەھەر.
بەزلەنگەن كۆڭلۈمنى باستى كېلىپ تاغ،
خىياللار چېكىدىن پۇرقىراتتى تەر.

كۆلمىگەن ئارقامدىن، كۆلسەڭمۇ مەيلى،
ھەممىسى بەربىر مەن ئۈچۈن ئىنكار.
ئۆلمەيمەن بۇ قىسمەت تەقدىر توپەيلى،
قارا قىش كەتكەندە كېلىدۇ باھار!

( 2 )

يۆلەنمە توغراققا نېرى كەت، نېرى،
بۇ يەردە كۆكلۈكنى قىلمىغىن ئىزھار.
جوراڭغا نامەلۇم بۇ ئىشنىڭ سىرى،
توغراقتا بىر ئاچچىق رىۋايەت، ئىز بار.

يۆلەنمە توغراققا نېرى كەت، نېرى،
بېردۇەر باشقا بىر جايغا، دالاغا.
بۇ يەردە سۆيگۈمنىڭ كۆز ياشلىرىنى،
ھارارەت پۈرقۇيدۇ پار قىپ ھاۋاغا.

( 3 )

ئۇزاق يىل كۆرمىدىم، كۆرمەيمەندە يىتتىم،
قاندىقمۇ قىلارتىم قالساق ئۈچرىشىپ؟
سالامدىن بى نىشان كېتەتتۇق بەلكىم،
سەن مەغرۇر گىدىيىپ، مەن ئاچچىق كۈلۈپ…

( 4 )

سارغايغان چىرايىڭ كۈزدىكى ياپراق،
كۆز يېشىڭ يامغۇرغا كەتتى قېتىلىپ.
يىراقتىن كۆردۈڭدە ئېچىپ كەڭ قۇچاق،
ئالدىمغا ئەسەبىي كەلدىڭ ئېتىلىپ.

سۆيۈشۈڭ لەززەتسىز سوغۇق ۋە ھالسىز،
ھەيرانلىق باققىنىم بولدى ساڭا دار.
ئۆزۈڭنى قىيىندىڭ بەلكى ھايالسىز،
ئويلىغان بولغىيتتىڭ ئېرىيدۇ دەپ قار!

( 5 )

كىم سېنى زورلىغان ساختا سۆيگۈگە،
كىم سېني بۇلغىغان چىۋىن بولۇپ ھەم.

ئادەمدىن ئۆزگىرىپ بولىسەن تۆگە،
ئادەمدەك ياشاشنى بىلمىگەندە سەن.

گۈزەللىك قەدرىنى بىلمىسەن كېيىن،
رەزىللىك قىلغاندا قەلبىڭنى سېسىق.
پۇشايمان، نادامەت ئەمدى بىر تىيىن،
ۋىجدانىڭ ئالدىدا سوتلىنىسەن جىق…

( 6 )

بولدى قوي، سۆزلىمە كونا كەچمىشنى،
ئاغرىتما تاتىلاپ كۆڭۈل يارامنى.
سۆيگۈمگە بىلمىمە قايتىدىن چىشنى،
كۆتەرسەم بولمايدۇ سەن تۇتقان جامنى.

قېرىدىڭ سەنمۇ ھەم كەتتى ئۇ، چاغلار،
قۇندۇزدەك چېچىڭغا سانجىلىپتۇ ئاق.
يۇساڭمۇ سوپۇنداپ چىقمايدۇ داغلار،
ئەمدى بىز ھاياتقا قىلمايلى چاقچاق..

**ئابلەت ھەسەن**

## خىياللىرىم

خىياللىرىم مىنگىشىدۇ يۇلتۇزغا،
سامان يولى تۇتاشقاندەك چىرمىشىپ.
ئىستەك ـ ئارزۇ خىيالىمنىڭ بىر يولى،
تەپەككۇرىم كەلگۈسىنىڭ چىڭ ھولى،
يول سالىمەن يەتمەك ئۈچۈن تىرمىشىپ.

خىياللىرىم ئۈزۈپ يۈرگەن بىر قولۋاق،
كۆز ئالدىمدا لەھەڭلەرنىڭ سىماسى.
دېڭىز ئۈستى كۈنلۈك كەبى كۆك ئاسمان،
كۆمتۈرۈلگەن يۇپ-يۇمىلاق بىر قاسقان،
كەزگىن ئۇنى دەيدۇ باغرىم فىداسى.

خىياللىرىم ئۇخلاتمايدۇ ئۇيقۇنى،
چاتقاللاردىن گۈلەنپشىنى ئۈزگىن دەپ.
چىمەن قىرغاق گۈلتەكچىدەك يەلپۈنسە،

ئاستىدىكى زەرلەر نۇرغا تەلپۈنسە،
قۇم ئاستىغا چۆشۈپ ئۇنى سۆزگىن دەپ.
خىيال لىرىم زەڭگەر ئاسمان زەر قۇياش،
بىر ئويۇمدا مىڭ قۇياشنىڭ تەپتى بار.

مۇز ئوكيانىنىڭ مۇزلىرىنى ئېرىتىمەن،
بايلىقىنى قولۇاقلارغا سۆرىتىمەن،
قىلغۇم كېلەر ئىنسانلارنى بەختىيار.

**تۆمۈر قادىرى**

## شېئىرلار

### شادلىقىڭنى باسالمايسەن نېمىشقا؟...

غەمكىن ئىدىڭ، سەن بۈگۈن ئويناپ كەتتىڭ بۆلەكچە،
ھېسلىرىڭنى ئاغدۇردۇڭ ھەۋەس قىلىپ بۇ ئىشقا.
ئېيتقىن سىرىڭ، ياكى ئۇت سالدىمۇ يۈرەككە،
شادلىقىڭنى — كۈلكەڭنى باسالمايسەن نېمىشقا؟!

### ئىلھام قىزى «چىن سۆيگۈنى يازا!» دېدى

ئولتۇراتتىم خىياللار بۆشۈكىگە بۆلىنىپ،
بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان بىر توپ گۈللىنىڭ تۈۋىدە.
كەلدى قايەردىن قېشىمغا ئىلھام قىزى شوخ كۈلۈپ،
دېدى: «ئۇچسۇن ئىلھامىڭ ئىشىق — مۇھەببەت كۆكىدە!...»

## مۇساۋىيات تەرەپەيىن

بۇ يۈك،
يۈكسەكتۇر
ئىلىم
مەرىپەت

يۈكسەكتۇر
شۇنچە
قۇدرىتى
بىلەن

ئىلىم
قۇدرىتى
ئەلنى
كۆللەيدۇ

مەرىپەت،
بىلەن.
كۆللەيدۇ،
ۋەتەن.

**ئەسقەرجان ئوسمان**

## ئىككى شېئىر

### شېئىر ھەققىدە شېئىر

شېئىردۇر كۆڭۈلنىڭ رەڭدار سۈرىتى،
شېئىردۇر نۇرلانغان سۆيگۈ ساماسى.
شېئىردۇر شائىرنىڭ يۈرەك ئۇچقۇنى،
شېئىردۇر گۈزەل ھېس – تۇيغۇ ناۋاسى.

شېئىردۇر كۆكتىكى چاقنىغان قۇياش،
شېئىردۇر بەرگۈچى دىللارغا ئاپتاپ.
شېئىردۇر ئەجدادنىڭ ئەۋلادقا سۆزى،
شېئىردۇر دەۋرگە قىلىنغان خىتاب.

شېئىردۇر ئەماغا يول كۆرسەتكۈچى،
شېئىردۇر كۆزلەردىن چاقنىغان نەپرەت.
شېئىردۇر ئاشىقنىڭ سېغىنىش كۈيى،
شېئىردۇر پاك سۆيگۈ، ئوتلۇق مۇھەببەت.

### گوگۇم لىرىكىسى

گوگۇمدا باشلىنار ئىزگۈ بىر ھايات،
گوگۇمدا ئۇلغۇيار يۈرەك كۆيۈشلەر.
گوگۇمدا تۇغۇلار تالاي لىرىكا،
گوگۇمغا مۇكەررەر ئوتلۇق كۆيۈشلەر.

گوگۇمدا پادىچى ھەيدەپ پادىنى،
ناخشىسىنى ياڭرىتىپ قايتار ئۆيىگە.
ئويىنىسا بالىلار مۆكۈ-مۆكىلەك،
چۈمۈلەر يۇلتۇزلار بۇلاق سۈيىگە.

گوگۇمدا قوشۇلسا ئوتلۇق نەپەسلەر،
ياغىدۇ كۆڭۈلدىن - كۆڭۈلگە شەپقەت.
ھەر جايدا ھۆكۈمران ئەسىر - ئەسىرلەپ،
گوگۇمغا شۇ ئۇلۇغ سۆيگۈ - مۇھەببەت.

**ماخمۇتجان ھېزىم**

## شېئىرلار

### قەلب تۆرىدە لەپىلدىگەن تۇغ

غادايغانلارغا خۇشامىتىم يوق،
پەقىرلەر ئۈچۈن مېنىڭدىكى غەم.
قانائەت بىلەن روزىخار تولۇق،
يېتىملار ئۈچۈن كۆزۈمدىكى نەم.
ئانا دىيارىم مۇقەددەس، ئۇلۇغ،
نەگە بۇيرىسا ھازىر بۇ قەدەم.
غالىپ كېلەلمەس نىيىتى بۇزۇق،
خەلق پاناھىم، پاسىبانىم ھەم.
تىلىكىم ئەبەد بۇزۇلماس دوستلۇق،
باراۋەرلىكنى بەردى زامانەم.
يېزىش سېپىدە شۇئارىم بۇيۈك،
ئىجاد، كەشپىيات: ئۈمىد، ئىرادەم،
سەپەر يولۇمدا ئۇچرىسا توسۇق،
بۆسۈپ يۈكسىلىش قەتئىي نىشانەم،
قەلب تۆرىدە لەپىلدىگەن تۇغ،
دەۋر روھىدا شەرتى مۇجەسسەم،
شېئىرلىرىمدا يېتەكلىگەن روھ،
مەنزىلىم تامان ئۇزاق مۇساپەم.
غۇرۇر ۋەسلىدە دائىم كۆڭۈل توق،
ئىپتىخارىمدىن تەۋرىگەن قەلەم.

### دوستلۇق

كۆڭۈلنىڭ تۆرىدە سۆيگۈ - ئەقىدە ساقلىغان دوستلۇق،
ئەقىدە ئەھدىنى راھەت - جاپادا ئاقلىغان دوستلۇق.
سەپەرگە بىر چىقىپ يولدا ئەگەر مۈشكۈلگە دۇچ كەلسەڭ،
بارار مەنزىل قارارىدىن دەقىقە يانمىغان دوستلۇق.
پەزىلەت خىسلىتى تەھقىق ئالار ھەر جايدا مىڭ ئالقىش،
تىلەك مەقسەتتە جۈپ ناخشا جاھانغا ياڭرىغان دوستلۇق.
رەقىبتىن كەلسىمۇ گەرچە ئاراغا ئايرىلىش، ھىجران،
جۇدالىق پەيتىمۇ ئەھدى - ۋاپادىن تانمىغان دوستلۇق.
بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ، ھەر يان ئۈمىد - ئارزۇدا تەلمۈرسەڭ،
يۆلەكداشلىق مىزانىدا سېنىڭدىن چانمىغان دوستلۇق.

### پارچىلار

نامەردتىن تىلىكىم پۈتەر دېمىگىن،
نامەردنى زېمىندىن يۈتەر دېمىگىن.

× ×

نامەردكە مەردلىكتىن بەرسەڭ بىشارەت،
نامەردكە كۆز قىسىپ قىلار ئىشارەت.

× ×

ساداقەت بولمىسا - دوستلۇق يوق نېمە،
بى بەھرى دوستلۇقنىڭ غېمىنى يېمە.

× ×

شائىرلىق ھەۋەستىن ئالغاندا قەلەم،
بەزىدە چېكىمسەن پىراق،دەرد-ئەلەم.
سۆيگۈدە تاۋلىنار ئەلنىڭ غەيرىتى،
شۇ سۆيگۈ ئەھدىدە كۈتىدۇ سەنەم.
× ×

سائادەت ئىلكىدە ئۇخچىسا قېنىڭ،
سائادەت يولىغا كىرگىنىڭ سېنىڭ.
ھاماقەت يولىدىن تارتمىساڭ قەدەم،
نامەردلىك كويىغا چۈشكىنىڭ سېنىڭ.

غولامجان قادىر

# شېئىرلار

## تۈندىكى ھېسلار

ياز كۈنىنىڭ ئايدىڭ ئاخشىمى،
ئۇيقۇم قېچىپ چىقتىم تالاغا.
سەيلە قىلغاچ ئۆستەڭ بويىنى،
خىيال بىلەن باقتىم ساماغا.

باققىنىمدا كۆككە-ساماغا،
كۆردۈم شۇندا تولۇن ئاينى مەن.
قەلبىم تولدى ھېس-ھاياجانغا،
خىيالىمدىن كەچتىڭ جانان سەن.

يۇلتۇزلارنىڭ چىمىرلىشىنى،
ئوخشاتتىم مەن كۆز قىسىشىڭغا.
بۇلاقلارنىڭ شىلدىرلىشىنى،
قۇلىقىمغا پىچىرلىشىڭغا.

قىزىلگۈلگە كۆزۈم چۈشكەندە،
خىيال قىلدىم غۇنچە لېۋىڭنى.
مەجنۇن تالغا يېقىن كەلگەندە،
ئەسكە ئالدىم نازۇك بېلىڭنى.

ئالمىزارغا قالغاندا كېلىپ،
ئالما ئۈزدۈم جانان ئۈزۈڭگە.
قىزارغاندىن بىر تالنى ئېلىپ،
ئوخشاتتىم مەن سېنىڭ يۈزۈڭگە.

ئوخشاتتىم مەن ئاھۇ كۆزۈڭگە،
تاڭغا يېقىن چولپاننى كۆرۈپ.
مىسال ئەتتىم كىرپىكلىرىڭگە،
قويۇق ئۆسكەن ئورماننى كۆرۈپ.

تاڭ ئاتقىچە يۈردۈم ئاشۇنداق،
خىيال بولدى ھەمراھىم مېنىڭ.
خىيالىمدىن كەتمەيسەن ھەر ۋاخ،
جىسمىم مېنىڭ، ھېسلىرىم سېنىڭ.

## چۈشۈمگە كىرىپتۇ بىر ساھىپجامال

كىرىپتۇ چۈشۈمگە بىر ساھىپجامال،
قاشلىرى قىيا قىتەك كۆزلىرى شەھلا.
تېگىمىر قاپ قالدىمەن قېتىپلا ئەل-ھال،
كىرپىكى يۈرەككە قادالغان ئوقيا.

كىرىپتۇ چۈشۈمگە بىر ساھىپجامال،
ئۇ ماڭا ئۈز كۆڭلىن ئەيلىدى ئىزھار.
ئۇلاپلا سورىدى شۇندا بىر سوئال،
«مېنى چىن دىلىڭدىن سۆيەمسەن زىنھار؟»

كىرىپتۇ چۈشۈمگە بىر ساھىپجامال،
مېنى كۆپ ئىنتىزار قىلغان شۇ نىگار.
سەزدىمەن قەلبىمدە شېرىن بىر خىيال،
بۇ كېچە بولدۇمەن ئۇيقۇدىن بىدار.

## شوتا

ھەممە بىلىدۇ
شوتا ئۇ،
ئەزەلدىن
شۇنداق خاسلىققا ئىگە:

يۇقىرىغا چىقسالڭ ھەم
تۆۋەنگە چۈشسەڭ ھەم
ئىشلىتىشكە كېلەر بەكمۇ ئەپ.
ھەيرانمەن،
بىز نىڭكى بىر باشلىق،
ئەشۇ شوتىغا ئوخشايدۇ ئەجەب.
بىراق،
ئوخشىماس بىر يېرى:
قىلماق بولسا سېنىڭچۈن خىزمەت،
دەرھال سەندىن تەلەپ قىلار نەپ.
بەرمىسەڭ سەن ئەگەر شۇ نەپنى،
ئىشلىرىڭ شۇ دەم بولىدۇ بىئەپ،
«قۇلاققا ياقماس ھەرگىز قۇرۇق گەپ».

**ئەبەيدۇللا ئابدۇلۋارى**

## غەزەل

كۆڭلى پەس، زەھرى چايان پاخپاقىنى دوراپ سۆزلىمە،
ئۆز ـ ئۆزىنى ماختىغان ئەخمەقنى دوراپ سۆزلىمە.

گەر سېنى ئالداپ ـ سىلاپ ئۇ «ۋاي ئاداش» دەپ يۈرسىمۇ،
دوستىدىن يۈز ئۆرىگەن يانغاقنى دوراپ سۆزلىمە.

لەۋزىدىن تامغانىنى بال دەپ ئويلىما، بەلكى زەھەر،
كۆرسىتىپ گۆش، ئۆپكە ساتار قاسساپنى دوراپ سۆزلىمە.

كۈندە بىر نەغمە بىلەن دەسسەپ بۆلەكچە پەدىگە،
دوست قەدرىنى بىلمەيدىغان تاختاقنى دوراپ سۆزلىمە.

«ئاھ، ئەجەب ياقتى سۆزۈڭ» دەپ ماختىسا، قۇۋ تۈلكىلەر،
ئەبەيدۇللا، ئالدىنىپ قوۋناقنى دوراپ سۆزلىمە.

**ئەركىنجان زېرىپ**

## مەكتەپ

ئەي ئېزىز مەكتەپ سېنىڭ قوينۇڭ گۈزەل باغدۇر ماڭا،
سەندە ئۆتكەن ھەر دىمىم پەسلى باھار چاغدۇر ماڭا.

مېھرى ئىللىق باغۋەنىمنىڭ پەرۋىشى، ئەجرى بىلەن،
پەن ـ بىلىمنىڭ شەربىتى بەردى قۇۋۋەت ـ ماغدۇر ماڭا.

كۈنسېرى ئەقلىم كۆزى نۇرلاندى سەندە، مەكتىپىم،
ھۆرمىتىڭ قەلبىم قېتىدا ئەڭ بۈيۈك تاغدۇر ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

روزى سايىت

# «چاقچاق» ئىزىدىن چاقچاق

— تۇرسۇن نىيازنىڭ «قەشقەر ئەدەبىياتى» دىكى
قەلەمداشلارغا يازغان چاقچىقىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

## مۇقەددىمە

سالام، كېپى چۈچۈك، ئەقلى شاش ئاكا،
تېنى ئاجىز، ئەمما كۆڭلى ياش ئاكا.
بىر چاقچاقتىن تالاي كۈلكە تۇغدۇرۇپ،
سىرىمىزنى قىلمىسىزغۇ پاش، ئاكا.

تۈز گەپ قىلاي: چاقچىقىڭىز ياردى،
ياراش نېمە، دىلغا پەيزى تاردى.
دەپتىكەنسىز «چاۋابىغا تەشنا مەن...»
شۇڭا پەقىر ئىزىڭىزنى ماردى.

ماڭا تالىق قۇرغا تىكسەم كۆزۈمنى،
ياز نېمىتى سىپاپ ئۆتتى يۈزۈمنى.
ئەنجۈر، ئانار تۆكمە ئىكەن — تويۇندۇم،
كۆردۈم قەشقەر جەننىتىدە ئۆزۈمنى.

«ئەنجۈر، ئانار» — شۇمىدى دىل ئارمىنى،
«يە!» دېمەيسىز نىچۈن قىز دىل ئالمىنى؟
مەرد چاغلىسام بېخىلكەنسىز جان ئاكا،
ئىزتىراپقا سالدى مۇشۇ ھال مېنى.

قەشقەر، خوتەن بىر شاختىكى جۈپ لەيلى،
ئەلمىسا قىتىن بىر ـ بىرسىگە بار مەيلى.
شۇڭا يۈرەك سۆزلىرىمنى دەۋېرەي:
ئۈزۈم بىزدىن، ئالما سىزدىن — تەڭ يەيلى!...

×

«چاقچاق» بايان قىپتۇ نۇرغۇن كەچمىشنى،
(ئۈمىد، تىلەك، شادلىق يەنە تەشۋىشنى).
ئارتۇق كەتمەس، دېدىم، دوستلار ئېلىشسا،
بىرى باھانە بىلەن مەندىن تەگمىشنى.

شۇڭا سىزنىڭ يازمىڭىزغا ياندىشىم،
پىكرىڭىزگە شېرىك بولۇپ مۇڭداشتىم.
سىز چىقارغان «يىپ ئۇچى» نى تۇرمەللەپ،
چاقچاقلارنىڭ خادىسىغا ياماشتىم.

يوللاپ بېرىڭ قەلەمداشقا نەزمەمنى،
ئايان قىلىڭ ئەلگە كۆڭۈل خەزنەمنى.
قىڭشاپ باقسۇن، نېمە دەپتۇ روزاخۇن،
گەپنى باشلاي ئىزدىپ يۈرمەي ئەزمەمنى.

×

— ئەلقەم ئەختەم ئامراق ئىدى تۇخۇمغا،
تېگىشتىمۇ ئەمدى ئۇنى توقۇمغا؟
ھەي، بولماپتۇ، توقۇم تاڭغان «ئاق ئېشەك»
يارىماپتى «دەۋرىش موللام» ـ سوپۇمغا!

×

— تۇرغۇن ئالماس ئۇرۇس قىزى ئىننانى —
كۆرۈپ دېگەن: «دېسسىۋالدىم مىننانى...».
بولدى، بۈگۈن قايتا ئەسكە سالمايلى،
ئۇ سېغىنغان ياپون قىزى رەنانى.

×

— ئۆتكۈر ئاكام ئىستەپ «قەشقەر قىزى» نى،
ئوتتۇز يىلدا ئاران تاپتى «ئىز» ىنى.
«ئويغانغان»دا ئۇنىڭ كۆڭۈل «زېمىن»ى،
رۇخسەت دەيلى ئېيتىۋالسۇن سۆزىنى.



×

— بىلمەي قاپسىز ئىمىن تۇرسۇن پەممىنى،
ئۇ تېتىقلىق « ئىپارخان » نىڭ تەممىنى.
مازا قوپۇپ « لەيلى قازاق » تەگلىسە،
شىلتىشىدا گەپ يوق ئاياغ چەممىنى.

×

— شۇكۇر يالقۇن «يالغۇز قىز» نىڭ ئۈزىگە،
شاراب تۆكۈپ گەپ تاپقانتى ئۆزىگە ①.
ئامال قانچە ئاشىنا تۇتسا «تارىم» نى،
( ئۇ يالقۇندەك كۆرۈنگەندۇ كۆزىگە؟).

×

— قۇربان ئىمىن «مەكتۇپ» يېزىپ يارىغا،
ئايلاندىمۇ ئەمدى سۆيگۈ خارىغا؟
ياشلىقىنى ئويلامدۇ يا « شوخ ئەركىن »،
بەس، قېرىدى شۈكرى قىلسۇن بارىغا.

×

— تۇردى سامساق«قەشقەردىكى گۈزەل» نى—
رەنجىتىپتۇ، ئاڭلىدۇق بۇ غەزەلنى.
بولامدىكەن رۇپاشلارغا چېقىلسا،
پەرق ئەتسىچۇ خاكىيۇ بىلەن ھەسەلنى؟!

×

— ئە. تاتلىق راست تاشلاپ«خالتاكوچا» نى،
بوغۇپتىمۇ خالتىسىنىڭ ئۇچىنى؟
قاملاشماپتۇ « قىش كېچىسى » بەكسوغۇق،
قوپۇپ كەتسۇن تىڭشاپ ياتماي ئىچىنى.

×

— ئابلا تالىپ «چالا تەگكەن ئوق» بىلەن،
پەخىرلىنىپ ياتماپتۇ - دە،زوق بىلەن.
« لالە قۇربان » تولۇقلىسۇن « چالا » نى،
يۈرمەيلى بىز قورساق گوللاپ يوق بىلەن.

×

—خېۋىر تۆمۈر بەك ئالدىراش ئوخشايدۇ،
دەگا، قولى ئىشتىن قاچان بوشايدۇ؟
ئېيتىپ قويۇڭ، يېڭى قىسسە يازمىسا،
سەلەي چاققان چاقچىقىدا قورشايدۇ!

×

— يول قويايلى رەھمىتۇللا جارىغا،
ئۇ ئېسىغلىق تەرجىمىنىڭ دارىغا.
قىستىمايلى « رۇبائىي » دەپ، ھالى يوق،
كۆيۈپ قالغاچ دونلۇق كازاك يارىغا.

×

— م. رەھىموپ دوستتى چىكىت، پەش بىلەن،
ئەمدى دەپسىز: ئۆيدە ئەسرار مەش بىلەن...
مەن ئاڭلىدىم، باشقىلارغا دەپ يۈرمەك،
بىر قويمىسۇن بىزنى سوكسىز كەش بىلەن.

×

كۆمۈش يىگىنە سانجىلمىغاچ پەللىگە،
چاپپار ئەمەت رەنجىپ ئەشۇ دەللىگە.
ئولانبايغا چىقىۋاپتۇ دەيدىغۇ،
ئېيتىڭ، يېنىپ كىرسۇن ئۆيگە — مەلىگە.

×

— سىز سوراپسىز مۇھەممەتجان سادىقنى،
ئۇ ئالارمىش ئىلىخودا ھاردۇقنى.
گەر ھاردۇقى چىقىپ بولسا كەلگىدەك،
قەشقەر تامان ھەيدەپ شېئىرىي خادىكنى.

×

— قەييۇم تۇردى زەرەپشاندىن زەر سۈزۈپ،
ئۇچقانتىغۇ ئىجادىغا پەر تۈزۈپ.
ئەمدى « سادىق، لەيلىگۈل» نى ئۇنۇتسا،
ئېيتىپ قويۇڭ، قۇتلىماس ئەل گۈل ئۈزۈپ.

×

— زوردۇنغا « روزەك بەز » نىڭ ئەرزىنى—
تولۇق ئېيتىڭ، تۆلۈۋەتسۇن قەرزىنى.
ئاشىقنى گۈل مەشۇقتىن ئايرىسا،
تۇتالامدۇ ھاجىلىقنىڭ پەرزىنى؟

---

① 1981- يىل ئەتىيازدا، ئاپتور نىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، « يالغۇز قىز » ناملىق سەھنە ئەسىرىنىڭ ئورىگىنالى ئۈستىگە ھاراق تۆكۈلۈپ بۇلغانغان...

×

— ئابدۇشۇكۇر يازغان بىلەن « پارچە» نى،
كۆمۈۋەتتى نەزمە بىلەن بارچىنى.
چوك ئەسەردىن ۋايىم يېمەك، باغلىشاي،
« مە! » دەيدۇ ئۇ قىزىپ بولسا ئارچىنى①

×

— مەخمۇت زەيدى تۇرغان بىلەن بىر ئىزدا،
يىغدى تارقاپ يۈرگەنلەرنى ئىغىزدا.
« قوغۇنلۇقنىڭ يوللىرى » دا شېئىر ئاز،
چىللاك، كېلىپ لەۋ نەمدىسۇن قېمىزدا.

×

— مەندىن سوراڭ ئابدۇراخمان قاھارنى،
ھېكايىدا لىقلىدى ئۇ تاغارنى.
ئامان ـ ئېسەن چىقىۋالسا بۇ قىشتىن،
قاراپ تۇرۇڭ، ئىگىلەيدۇ بازارنى.

×

— ئا. ئەخمىدى «يىللار» بىلەن بەسلىشىپ،
يالمۇغلاندى، ئەمما ئۆتتى قەسلىشىپ.
«دېيەلمىگەن سۆزى» زاھىر ئاكىنىڭ —
نېمىكىنا، بىز بېرەيلى ئەسلىشىپ؟

×

— سىيىت زۇنۇن قۇمغا كۆمۈپ «جەسەت» نى،
«غاپىللار» غا قىلدى قاچان ھەسەتنى؟
تانىسا ئۇيناپ كۆچ يىغقىنى نېمىسى،
مەنزىل يىراق، قەدرلىسۇن پۇرسەتنى!

×

— ئا. ھاجىنىڭ بىلىپ قويدۇق سىرىنى،
سۆيۈپتىكەن «يۇلتۇزلارنىڭ بىرى» نى.
بولسا مېنىڭ يارىم «قەمبەرنىسا» دەك،
سالماس ئىدىم خەققە كۆزنىڭ قىرىنى!

×

— ئەخەت تۇردى«ئۇنتۇلغان» نى ئەسلىتىپ،
توققۇز كۈندە تەختىگاھنى پەسلىتىپ،
سىزدى تالاي سۈرەتلەرنى زەپ بەلەن،
قويىدىكىزمۇ ئۇكا رامكا راسلىتىپ؟

×

— مەمتىلى زۇنۇننى سىز بىلەمسىز،
ئەتە ـ ئاخشام پاراڭلىشىپ كېلەمسىز.
«چىلىم»،«قاپقان» يېتەر، ئەمدى زورلىماڭ،
قۇۋ «ئوۋچى» لار چىشلىۋالسا تۆلەمسىز؟

×

— مىرزاھىدنىڭ «ساندۇقتىكى بوۋاقى»
تۇنجۇقمىدى ئىچىلغاچقا تۇۋاقى.
«پەرىزات» نىڭ «جۇدالىقى» يامانمىش،
ئېيتىپ قويۇڭ گەپ ئاڭلىسۇن قۇلىقى!

×

— ھاجى ئەخمەت مەينى تالاق ئەتكەنمۇ؟
ئۆزى ئىچمەي بىزنى «قالاق» ئەتكەنمۇ؟
ئىشەنمەيمەن، چۈشتىن كېيىن نەدە ئۇ،
(كىم بىلىدۇ قاۋاق ئىستەپ كەتكەنمۇ؟)

×

— تۇرسۇنئايىنىڭ مۇگىدەپتىمۇ بۇلبۇلى،
شۇڭا ئازلاپ قاپتىكەن كۈي ـ مەرغۇلى؟
تاج قادالغان باشتا ئىلھام ئاز ئەمەس،
پەيتى كەلسە ئوخچىيدۇ ئۇ بىر يولى!

×

— «سۆيۈلمىگەن يىل» دا ئىمىن ئەخمىدى،
جانان ئىسمى، ئىلھامىڭىز نەخمىدى؟
ئالەم ئۇزۇن، سۆيمىگەننى سۆيمىسىز،
يار دېگەن يا تاشلىغىلى خەقمىدى!

×

— راس ئېيتىمسىز، ماھمۇت زايىت ئامەدلىك،
«غەزەل» لىرى ئۆزىدىنمۇ قامەتلىك.
كەلمەيدىكەن ئامەت، دېگەن ھەمىشە،
قىلمىدىكەن «گۈلسىمروي» دەك نامەرتلىك.

① ئاپتور يېقىندا ئاتۇش جاغىلىرىدا ئارخېئولوگ-يىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سەل، كەلكۈن ئاستىدا قالغان قەدىمكى ئارخىزارلىقنى ئۇچراتقان...

×

— ئا. سابىرغا دەيلى، «ئۇنىڭ ماكانى»
يولاتمىسۇن «ئىسسىق شامال» ـ ھاۋانى.
«دەرۋازىۋەن» بولسا ھورۇن، ئۇيقۇچان،
كۆزەتمەك تەس «يېشىل ياپراق» ـ دالانى.

×

— مەخمۇتجانغا «قەشقەر يولى» تونۇشلۇق،
ئۇ، بۇ يولدىن مېڭىپ بولغان تۇرمۇشلۇق.
سىزمۇ دەپسىز، مەنمۇ ھەيران، نېمىشقا،
ئىلھام قىزى ئەمەسكىنا تۇغۇشلۇق؟

×

— ئا. مەخسۇتنىڭ بۇلبۇللىرى «چولپان»دا،
كۆكنى قۇچتى ئۇنى ياڭراق چۇقاندا.
پەسكە تاشلار چوقۇپ «ياقۇت يۇلتۇز» نى،
مەيلى بولغاچ ناخشا ئېيتقاق چوكاندا.

×

— سەلەي قاسىم يىگىت بېشى بوپتىمۇ؟
سورۇنلاردا ياشنىڭ يېشى بوپتىمۇ؟
«قىران گۈلى»، دەپسىز، ئۇنى قىسقان كىم،
قېرىغاندا كۆڭۈل خۇشى بوپتىمۇ؟

×

— ئېزىز ساۋۇت ئورنىنى ئاق قويدىمۇ؟
«شوپۇر» لارنى يىگانە ـ تاق قويدىمۇ؟
قاملاشماپتۇ، تۈگمەيدۇ ئىش دېگەن،
پەيدا بولسۇن يىغىن، مەشرەپ، تويدىمۇ!

×

— تەگسە «كاچات» بەش مىنۇتتا تەستەككە،
«توزىماس گۈل» ھامىي بولسا دەستەككە،
يۇنۇس ئاكام تۇرسۇنئايغا نېمە دەر،
جاۋاب بېرىش چۈشەرمىكىن تەسرەككە؟!

×

— «تاڭلار بىلەن سۆز» لىشىدۇ ئوسمانجان،
نەگە بارسا ئۆزلىشىدۇ ئوسمانجان.
دادىسىنىڭ «ئارمان» لىرى «نان» دېسەك،
قايىل بولماي يۈزلىشىدۇ ئوسمانجان.

×

— ئە. ئىبراھىم قەشقەر دېسە جان بېرەر،
جانغا قېتىپ «ئۇچتال بولكا» نان بېرەر.
سوراقلىماق «نېمە بەردىڭ بىزگە؟» دەپ،
«كاسىپ» دېگەن سۇدا ئاقسا ئان① بېرەر.

×

— نۇر روزىغا قاچاندىراق «جىن تەگكەن»
«مۆمىن» تىغۇ مومىلارنى راس ئەگكەن؟
دارىتمىلاش مەندىن بولسۇن ـ ساقايسۇن،
دېسە مەيلى نەزمە قېتىپ دىل چەككەن…

×

— ئابلىز ھوشۇر كۆزلەمدىكىن پايدىنى،
ئالقىنىدا شۇڭا «ئېلى ئايدىنى» ②
غۇنچە تاللاپ يۈرسە يۈرگەي باغچىدا،
ئەمما، بەلگە چىگىكلىك مەي چايدىنى.

×

— ئۇچقۇنجانغا ئەسكەرتىشىڭىز قەرزدىنى،
دەيدۇ بەرھەق: «مەن ئىلھامىنىڭ پەرزدىنى③
‹چەشمىلەر› نىڭ كۆزى تىنىدى يۇمۇردا،
ئاۋۋال سوراڭ لەتىپەمنىڭ ئەرزدىنى…»

×

— قاتتىق تەگمەك «ئالىمچى» دوستباغراشقا،
ئۇرغۇن ئىشلار قاراشلىق بۇ ئاداشقا.
ئالىمسىغا خېرىدار كۆپ، راس دەيسىز،
ئۇنى ئۆزۈم ئالسام قانداق باغاشقا؟

×

— مەتتىمىن «جۇڭگيانىڭ» غۇ سىز، دەۋاتقان،
پاكار ئىدى، بوپتۇ خېلى بويى تارتقان.
«تەخسە» چاقسا ئاشنى يەيدۇ نېمىدە،
ئۇنۇتمىسۇن باشلىق ئاكا ئەسقاتقان!

---

① ئان — ئاندىن، ئۇندىن كېيىن مەنىسىدە.
② «ئېلى دەرياسى» ژۇرنىلى.
③ پەرزىن — شاھمات ئۇرۇقلىرى ئىچىدىكى «ۋەزىر» نىڭ نامى.

×

— شېئىر تەلەپ قىلماق ماخمۇت مەمەتتىن،
ئۇ ئايرىلغان «ئۈچ كىشى» لىك جەمەتتىن.
ھېكايىدىن ۋاقتى ئاشسا چاپىدۇ،
ئۆسمۈرلۈكنى تەمە قىلىپ سەمەتتىن.①

×

— ئا. سۇلايمان يورۇڭقاشنىڭ بويىدا،
ئولتۇرسىمۇ قەشقەر ھامان ئويىدا.
«تاغدىن - باغدىن» گەپ قىلسىمۇ قىلغانىدۇ،
ئەمما، چانىماس ئىجاد، ئىلھام تويىدا.

×

— دىلبەر قېيىيۇم «نورۇز بۇلاق» كۆنلىرى،
نەسىر ئوقۇپ جاراڭلىغان ئۈنلىرى.
پەسلى قىشتا تىترەپتىمۇ يۈرىكى،
تىترىگەككە نەدە باھار گۈللىرى؟

×

— ئابلا ساۋۇت بېرىدۇ بىلىپ يىراققا،
پىچىرلارمىش قاراپ «قازلىق قىرغاق» قا.

«تەڭرىتاغ» قا «پەيدائى» لىق كۆرسەتسە،
ئېيتىپ قويۇڭ، چېقىلمىدۇ «چاقماق» قا!

×

— ماھىگۈلنى ئۇرمىسىكەن ئانىسى،
ئۇرغىدەك يوق ئۇنىڭ كۆڭۈل ئالىسى.
«قىزىل شارپا» ئارتىۋالسا گۇناھمۇ،
ياخشى ئىشقۇ تولۇقلىمىسا كاللىسى؟

### خاتىمە

يولسىز جايدىن چىغىر ئاچتى ئىز دىگەنمىز،
تىنچ كۆڭۈلنى غىدىقلىدى سۆز دىگەنمىز.
دەپتىكەنسىز «ئاپتور تەشنا جاۋابقا»
جاۋاب كەتتى، قاراپ بېقىڭ ئۆز دىگەنمىز.

1990 - يىل 15- يانۋار، خوتەن

① سەمەت — مەمەت پەمتىلى. ئۇ «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنىڭ مەسئۇلى.

ئەنۋەر تۇرسۇن

## شېئىرلار

### نە ھال بۇ؟

سابا كېلەر قىزىلگۈلنىڭ ھىدىنى ئېلىپ،
قارشى ئالار بۇلبۇل ئۇنى نالە - زار قىلىپ.

### ئۈمىد

سارغىيىپ تىترەپ تۇرار شاختا ياپراق.
شۇندىمۇ شاختىن ئۈمىد ئۈزمەس يىراق.

### بوران

پايانسىز قۇملۇقنى تەۋرەتكەن بوران،
ئۆيۈلتاش ئالدىدا ئامالسىز ھامان.

### باشقىچە

ئۇ سېنى ئايىم دېگەي،
كۆكتىكى ئايغا يەتكىچە.
يەتسە ئايغا كۆكتىكى،
ئۇ چاغدا ئەھۋال باشقىچە.

### چېكەتكىلەرگە

چىرىلدىما ئەي چېكەتكىلەر،
كىرىۋېلىپ بۇلۇڭ - پۇچقاققا.
تاپقان بولساڭ ئىشىمدىن ئەۋەن،
كۆرسىتىپ قوي چىقىپ بۇ ياققا.

### قەلب ۋە ھېس

قەلبىم دېڭىز، ھېسلىرىم دولقۇن،
ئۇرۇلار ئۇ خادا تاشلارغا.
قەلبىم ئوتۇن، ھېسلىرىم ئۇچقۇن،
ئايلىنار ئۇ ئۇلۇغ ئوتلارغا.

ئەكرەم ھېزىم

# ھاجەتمەن

(ھېكايە)

بۇ ئايالنى قەلەندەر، دېمىشكە زادىلا تىلىم بارمايتتى، ئۇ، ناھايىتى مۇلايىم، شۈكرە چاق مەزلۇم بولۇپ، كوچا دوقمۇشىدىكى ئازنا مەسچىتنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا سەدىقە تىلەپ، جان بېقىپ كېلىۋاتقىنىغا ئالاھىزەل بەش - ئالتە يىلچە بولغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، تا بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ ئىسمىنى ھېچكىم سوراپ باقمىغان ئەمەس. ئۇ، ھەر كۈنى سۈبھىدىن تارتىپ شامغىچە شۇ ئورۇندا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. چۈشى بۇزۇلۇپ قالغان، بىرەر پىشكەللىكنىڭ شەپىسىنى سەزگەن، ياكى رەھىمى كەلگەن ئادەملەر ئۇنىڭغا ئازدۇر-كۆپتۇر سەدىقە بېرەتتى. ئۇ، مەينەت ئۇستىباش ئىچىدىكى پاكىز قەلبىدىن چىقىرىپ، ئۇلارغا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن دۇئا قىلاتتى... مەن بۈگۈنمۇ كوچىدىن چىقىپلا شۇ موماينى يولۇقتۇم، پەرۋاسىز ئۆتۈپ كەتسەممۇ بولاتتى، بىراق، كۆڭلۇم يول قويمىدى. نېمىشقىدۇر، بىر يىلدىن بۇيان ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا قەرزدار ھېسابلايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. تەقدىر تەرىپىدىن بەختىيار، باياشات ئىنسانلار تۈپەيدىن شاللىۋېتىلگەن بۇ بىچارە، ئاجىز مەزلۇمغا رەھىمسىزلىك قىلمىشنى سادىدا قەلبىم راۋا كۆرمەيتتى. ئۇ، قەلەندەر بولسىمۇ، بەرىبىر ئىنسان-دە! شۇلارنى ئويلاپ قەدە-

مىمنى توختاتتىم، ئۇنىڭغا ئون فۇڭ سەدىقە بەردىم، موماي ئادىتى بويىچە دۇئاغا قول كۆتەردى... كوچا ئېغىزىدىن ئەمدىلا چىقىپ تۇرۇشىمغا، مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان، قاردەك ئاق ساقاللىرى كۆكسىگە يېيىلغان يەتمىش ياشلار چامىسىدىكى سالاپەتلىك، خېزىر سۈپەت بىر بوۋاي بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. «ئەجەب پاكىز قېرىغان كىشىكەن بۇ، تېمە نىلىكىچۇ؟» دېدىم كۆڭلۈمدە مەسلىكىم كېلىپ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بالام!

بوۋاي جاۋاب سالام بىلەن سۇنغان قوللىرىمنى ئىسسىق ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالدى، «نېمە دېگەن مېھرى ئىللىق ئادەم بۇ» دېدىم ئىچىمدە ھۆرمىتىم قوزغىلىپ،

— بالام پوچتىخانا نەدە؟

شۇ سوئال بىلەن تەڭ ئۇنىڭ چېھرىدىكى باياتقى يېقىملىق تەبەسسۇم يوقىلىپ، ئورنىنى بىر خىل قايغۇ ۋە جىددىيلىك ئالامەتلىرى ئىگىلىدى.

— مۇشۇ يولنى بويلاپ ئۇدۇل ماڭسىلا، پوچتىخانىغا يېتىپ بارىلا، - دېدىم قولۇم بىلەن كۆرسىتىپ:

— ھەي... ئوغلۇمنى دوختۇرخانىدا ئەكىلىۋېدىم، - دېدى ئۇ يىغلامسىراپ، - كېسىلى

ئېغىر، بۇ پۇلىڭىزغا يەنە 30 سوم قوشۇڭ، ياتاقتا ئالىمىز، دەيدۇ، 30 سومنى ئەكەلگىچە بالام نېمە بولىدۇ؟ ئۇلارغا ئەتە ئەكەلدۇرۇپ بېرەي، دەپ ھەر قانچە يېلىنسامۇ ئۇنىمىدى، ھازىرقى دوختۇرلاردا ئىنساپ قالماپتۇ، ئۇلارغا جاندىن پۇل ئەتىۋاركەن... بۇ شەھەردە يا تۇغقانلىرىم، يا بىرەرمۇ تونۇش كىشىم يوق، ئامالسىز قېلىپ، ئۆيگە تېلېفون بېرەي دېۋىدىم... بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. كۆزلىرىگە ئەلەملىك يىغا يامىشىپ، چىرايى كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرغىدەك قايغۇلۇق تۈس ئالدى. بۇ بوۋاينىڭ ھالى شۇئان رەھىمىمنى قوزغىدى.

— يۈرسىلە ئاتا، پوچتىخانىغا باشلاپ باراي، — دېدىم نېمە دەپ تەسەللى ئېيتىشىمنى بىلەلمەي، ھېسداشلىق قىلغان ھالدا.

— ياق، ئاۋارە بولما بالام، — بوۋاي كۆز چاناقلىرىدىكى ياشنى يېڭى بىلەن سۈرتىۋېتىپ، تېخىمۇ مىسكىن ھالدا ئېيتتى، — ئۇ يەرنى تېپىشىمغۇ تاپىمەن، لېكىن ئەمدى... شۇ تېلېفون بېرىشكىمۇ پۇل... ئۇنىڭ بۇ ئاخىرقى سۆزى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالدى. بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئەتكەن زور قايغۇ تەلمۈرۈشلىرى كىچىك بالىدەك قورۇنۇشلىرى ۋە ئوڭايسىزلىنىپ يەرگە قاراشلىرى بوۋايدىن ئۆتە مېنى قىينىدى، شۇنچە سالاپەتلىك چوڭ بىر ئادەمنىڭ مەندەك بىر بالا ئالدىدا ياش تۆكۈش، ئۆز مۇھتاجلىقىنى ئىزھار قىلىش ئاسانمۇ؟ بەلكىم بۇ، ئەڭ ئاخىرقى ئامالسىزلىقىنىڭ زورىدىن بولۇۋاتقان ئىشتۇ. مەن بوۋايغا ئىچىم ئاغرىپ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن دەرھال يانچۇقۇمدىكى ئون سومدىن بەش سومنى ئايرىپ، ئەدەب بىلەن سۇندۇم. ئۇنىڭ چىرايىغا شۇئان سۈس كۈلكە يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىپ چاقناپ كەتتى. غايىپ خەزىنىگە دۇچ كەلگەن ئادەم ھاياجاندىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغاندەك، بوۋايمۇ خۇشاللىقتىن بىردەم گاڭگىرىدى-دە، قولىدىكى پۇلنى دەرھال قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ، چەكسىز تەشەككۈر بىلەن دۇئاغا قول كۆتەردى:

— رەھمەت، بالام! مىڭ مەرتىۋە رەھمەت! مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار، خۇدا ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن، دۆلىتىڭنى زىيادە قىلغاي، ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا خار بولمىغايسەن...

مەن بۇ خىل ماختاشلاردىن ئوڭايسىزلىنىپ، بوۋاي بىلەن دەرھال خوشلاشتىم. ئۇ، دۇئاغا قول كۆتەرگىنىچە مېنى ئارقامدىن چېھرى بىلەن ئۇزىتىپ قالدى. مەن گويا ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيالىق بەختكە مۇيەسسەر بولغاندەك، ئۆزۈمنى شۇ قەدەر خۇشال ۋە يەڭگىل ھېس قىلدىم، بىراق، بەش سومنىڭ ئورنىنى قانداق تولدۇرۇش مەسىلىسى خىيالىمغا كەلگەندە، تىت-تىت بولۇپ كەتتىم. بۇ پۇلنى دادام مەكتەپكە تۆلەيدىغان بەدەل ھەققى ئۈچۈن بەرگەنىدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ بېشىم قاتتى، دادامدىن يەنە پۇل تەلەپ قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس، ئەينى ئەھۋالنى ئېيتقان بىلەنمۇ پايدىسىز، دادام ماڭا بىر مۇنچە چىچىلىدۇ. چۈنكى، بۇ — دادامنىڭ ئىككى كۈنلۈك ئىش ھەققىگە توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام باشقىلارنىڭ دەردىنى چۈشەنگىدەك ئادەم ئەمەس...

...ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر يەكشەنبە كۈنى كىتابخانىغا كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە ھېلىقى بوۋاي بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدىم، بوۋاي ئۇدۇل مېنى نىشانلاپ كەلدى. كۆڭلۈمدە: «ئۇ، ئۆتكەنكى ياخشىلىقىم ئۈچۈن رەھمەتلەر ئېيتىدۇ، ھېلىقى بەش سومنى قايتۇرۇپ بېرىشىمۇ مۇمكىن، شۇنداق بولغاندا يېڭى چىققان كىتابلاردىن بىرنەچچىنى سېتىۋالالايدىغان بولدۇم...» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بالام!

ئۇ، ئىلگىرىكىدەكلا قىزغىن سالام قىلىپ، قوللىرىمنى مۇجىدى. بىراق، ئەمدى ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سوراي دەپ تۇرۇشۇمغا، كۈتۈلمىگەن يەردىن ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەسرەت تۇمانلىرى قاپلىدى، كۆزلىرىگە ياش ئولاشتى. ئەلەم بىلەن قاتتىق بىر ئۇھ تارتىپ، مەندىن بۇرۇن ئېغىز ئاچتى:

— بالام، پوچتىخانا نەدە؟

بۇ ئادەم يەنە بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇققانمىدۇ؟ ئوغلى قازا قىلىپ كەتكەنمىدۇ — يا؟

— ئەنە، يولنىڭ ئاۋۇ قاسنىقىدىكى كۆك سىرلىق بىنا شۇ! — دېدىم ئىشارەت بىلەن.

— ھەي... ئوغلۇمنى دوختۇرخانىغا ئەكىلىۋېدىم، — دېدى بوۋاي بوغۇق ئاۋازدا سۆزلەپ، — كېسەلى ئېغىر، بۇ پۇلغا يەنە 50 سوم قوشمىساڭ ياتاققا ئالمايمىز دەيدۇ، شۇڭا ئۆيگە تېلېفون بېرەي دېۋىدىم، شۇنىڭغىمۇ...

ئۇنىڭ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىدىم. ئۇنىڭ ھالى تولىمۇ «يامان» ئىدى.

— مەن باشلاپ باراي، — دېدىم ئۇنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، بوۋاي كۆڭلۈمدىكى سۆزنى ئېيتتى.

— بېرىشىڭغۇ بارىمەن بالام، شۇ... تېلېفون بېرىشكىمۇ پۇل يوق. ھەي... ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن، ئەستا... مەن ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلدىم، ئىچ-ئىچىمدىن نەپرەتلەندىم. ئەينى چاغدا كۆزلىرىمگە خېيرىسىپەت كۆرۈنگەن بۇ ئادەم، ماڭا ئەمدى بىردىنلا ئەسلى قىياپىتىنى يوقىتىپ، بەتبەشىرە بىر مەخلۇق قىياپىتىگە كىرىپ قالدى. شۇئان «يوقىتىپ قويغان» بەش سوم ئۈچۈن ئاتامدىن ئىشىتكەن ئاھانەتلىرىم، بۇنى ئاز دەپ يەنە تېخى مۇشۇ ئالدامچى، كازززاپنىڭ «كېسەل ئوغلى» نىڭ ھالىدىن غەم يەپ، ئەندىشە قىلىپ بىر كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگىنىم يادىمغا يەتتى-دە، ۋۇجۇدۇمنى كۈچلۈك يىرگىنىش، ئىدارە قىلغۇسىز غەزەپ ئۆرتىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ تاشلاشتىن ئۆزۈمنى زورىغا بېسىۋېلىپ، تەنە بىلەن دېدىم:

— ئۆزلىرىنىڭ پوچتىخانىنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكلىرىگە ئۈچ ئاي بولدىغۇ دەيمەن، ئۆيلىرىگە تېخىچە تېلېفون بېرەلمىدىلىمۇ؟ بۇ چاققىچە ھېلىقى «ئوغۇل» لىرى ئۆلۈپ كەتكەندۇر؟! ئۇ، كۆزۈمگە ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى-دە، قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك ئەندىكىپ، ئالدىراش بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمىدىن چىققان ئاۋاز گويا زېمىننىڭ غەزەپلىك نالىسىدەك ئاڭلىناتتى.

نىياز ئىمىن قۇربانى

# خىسلەت

(ھېكايە)

ماشىنا ئاقسۇنىڭ ھەيۋەتلىك بىنالىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. يول بويىدىكى سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ كۆكۈشرەڭ ياپراقلىرى ۋە تاغ باغرىدىكى قىزىل يۇلغۇنلار ئۇزۇن يولغا ئاتلانغان بۇ سىرداشلىرىنىڭ قۇتلۇق سەپىرىگە خەيرلىك تىلىگەندەك سالقىن شامالدا يەڭگىل تەۋرىنىمەكتە ئىدى.

مەن بۇ دىيارنىڭ كۆز يەتكۈسىز مۇنبەت زېمىنلىرىغا ھوزۇرلىنىپ قاراپ ئولتۇرغىنىمدا، بىرەيلەننىڭ پۇتۇمنىڭ باشمالتىقىغا ناھايىتى ئۆتكۈر بىلەن قاتتىق دەسسىشى خىيالىمدىكى تۈرلۈك ئارزۇ ھەۋەسلەرنى بىراقلا چىداپ بولمايدىغان ئاچچىق ھەسرەتكە ئالماشتۇردى. مەن دېرىزىدىن كۆزۈمنى ئۈزۈپ يېنىمغا قارىدىم. ئاقسۇ ساچىغىزىغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر كىشىلىك ئورۇندا تۇرغان سومكام ھېلىقى كىشى تەرىپىدىن ئورۇندۇق ئاستىغا تىقىۋېتىلگىنىنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۇ كىشىنىڭ تېخى پۇتۇمغا قاتتىق دەسسىشىنى دېمەمدىغان؟! مەن شۇ ھامان لېۋىمنى چىشلىگىنىمچە: «بەلكىم باشمالتىقىمنىڭ تىرنىقىنى چىقىرىۋەتكەن بولسا كېرەك» دەپ پۇتۇمدىكى ياغلىق شىبلىتنى سېلىپ كۆردۈم. ئەمما تىرنىقىم ئۈزۈپ پېتىچە تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ، «ئەمدى گەپ قىلماي بولمايدۇ-دە! قاراپ تۇرۇپ پۇتۇمغا دەسسەۋەتسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئېغىزمۇ كەچۈرۈم سورىمىسا، بۇ زادى قانداق بولغىنى؟!» دەپ ئويلاپ، غەزەپ بىلەن ھېلىقى كىشىگە قارىدىم-دە، تەپتارتماي، يا ھېچبولمىسا مەندىن يېنىمدىكى ئورۇننى سورىمايلا ئولتۇرغان بۇ كىشىنىڭ دولىسىنى تارتىپ:

— ھوي، قانداق قائىدە بىلمەيدىغان سەھرالىقسەن؟ — دەپ سىلكىپ ئالدىمغا تارتتىم، ھەتتا ئاغزىمنىمۇ بۇزۇپ تىللىدىم. ئوتتۇرا بوي، چىرايى ساغۇچ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈزلىرىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان، يازنىڭ كۈنىدىمۇ ئۈچىسىغا پاختىلىق چاپان كېيىپ، بېلىنى باغلىۋالغان بۇ دېھقان سۈپەت كىشى ھە دەپ ئارقىغا داجىغىنىچە:

— ئوغلۇم، ئەسلىدىغۇ بۇ يەردە ئولتۇرغۇم يوق ئىدى. بىراق… — دېگىنىچە ئاۋۋال ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇنغا كۆزىنى تىكتى.

مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ نەزەرىمنى ئورۇندۇق تەرەپكە ئاغدۇردۇم. ئۈچ كىشىلىك ئورۇندۇقتا بىر كىشى ئۈزۈلۈپ ياتقان بولۇپ، بىر ئايال ئۇنىڭ چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇ كىشىنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلىنىڭ بارلىقىنى بىلدىم. شۇ ئەسنادا ئالدى-ئارقىدىكى كىشىلەر مېنىڭ تەرسالىقىمغا ھەيران قالغان بولسا كېرەك، ئالدىمدىكى كەككە ساقاللىق يولۇچى:

— ئوكا، سەن بۇنىدىن بۇرۇنمۇ سەپەر قىلغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دېدىم تەرەپكە قارىۋالدىم.

— ئۇكا، سەپەر دېگەندە بۇنچىلىك ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭغىمۇ شۇنچە چېچىلىپ كېتەمسەن؟! بولدى قىل، — دېدى. مەن ئاخىرى، ئادەمنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيدىغان ۋە ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بۇنداق قۇرۇق گەپلەرنى ئاڭلاشتىن زېرىكىپ كۆزۈمنى مەجبۇرى يۇمۇۋالدىم. خىيالىم ئاللىقاياقلارغا پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. ھەي، مۇشۇنداق سەپەرگە چىققىنىمدا ئۆزۈمنىڭ خاراكتېر-مىجەزىمگە ماس كېلىدىغان بىرەر ئوك سېپىدا يولۇچى قېشىمدا بولمىسا، سەپىرىمنىڭ كۆڭۈلسىز بولغىنى شۇ! ئەگەر ئۇ كىشى ئىلگىرىكىن بىر ئۇيغۇرپەرەس بولسىچۇ؟! سېنىڭ مۇرەككىڭنىڭ ئۇنىڭغا ياستۇق بولغىنى بولغان!...

— ھوي ئوغلۇم، كۆزۈڭنى ئاچ، كەپقالدۇق، — ھېلىقى كەككە ساقاللىق يولۇچىنىڭ بوم ئاۋازى مېنى شېرىن ئۇيقۇمدىن ئويغىتىۋەتتى. مەن كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ قارىسام، راست دېگەندەك ماشىنا قەشقەر بېكىتىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ بولۇپتۇ. مەن شۇئان باشقىلارنىڭ ماشىنا ئۈستىدىكى يۈك-تاقلىرىمنى ئېلىۋالماسلىقى ئۈچۈن، ماشىنا توختاشتىن بۇرۇن ئورنۇمدىن تۇرۇۋالدىم-دە، ماشىنا توختىشى بىلەنلا يېنىمدىكى ئادەمنىڭ پۇتلىرىغا دەسسەپ، ئالدىمدىكى ئادەملەرنى ئىتتىرىپ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدىم. «كىشىلەر نېمە دېسە دېسۇن، بۇنداق چاغلاردا چاققان بولمىساق بولمايدۇ-دە! ئاز پۇلغا كەلگەن ماللارمۇ ئۇ؟...»

مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئادەمنىڭ بېشىنى قوچۇۋېتىدىغان بۇ پاتىپاراقچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، يۈك-تاقلىرىمنى كىرا ھارۋىسىغا سۆرىتىپ بېكەت دەرۋازىسىدىن چىقىپ تۇراتتىم، كىراكەش بالا:

— ئاكا، خاپا بولماي كىرا پۇلىنى تۆلىۋەتسىلىرى بوپتىكەن. «باشتا گەپ بولسا، ئاياغدا سۆز يوق، كېيىن تالاش-تارتىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە» — دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزۇن باھا تالىشىپ ئاخىرى ئونى تەستە بىر يۈەن ئەللىك پۇڭغا توختىتىپ، يانچۇقۇمغا قولۇمنى سالسام پۇل قاپچۇقى يوق، شۇئان بېشىم قېيىپ، كۆزۈم تورلىشىپ كەتتى. گويا زېمىن چۆگىلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۆزۈمنىڭ گۆشىنى ئۆزۈم يېگۈدەك تىت-تىت بولۇپ كېتىۋاتىمەن. ئاغزىمدىن «ئەستا» دېگەن سۆز چىقىشى بىلەنتەك ئىككى قولۇم يۈزۈمنى كاچاتلاپ بولىدۇ. شۇ ئەسنادا ئۆتكەن-كەچكەنلەر يېنىمغا ئولاشقىلى تۇردى. بېكەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ باشقىلاردىن سۈرۈشتە قىلاي دېسەم، بۇ جان باقالماس كىراكەشكە شۇنچىلا مالنى تاشلاپ كەتسەم...

شۇ ئەسنادا بىرسىنىڭ تونۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىسام، بېكەت دەرۋازىسى ئالدىدا ھېلىقى دېھقان سۈپەت ئادەم مەن تەرەپكە قاراپ تەبەسسۇم بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ دەرەخ قوۋزىقىدەك يېرىك قولىدا ھېلىقى پۇل قاپچۇقۇم تۇراتتى. مەن يەرگە قارىۋالدىم. پۇتۇم تىترەپ سېغىراشقا، بېشىم تېخىمۇ قېيىشقا، قەلبىم يارىغا تۇز سەپكەندەك ئېچىشىشقا باشلىدى.

ۋۇجۇدۇمنى ئازاب، نومۇس ۋە خىجىللىق مەھكەم چىرمىۋالدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۇرسۇنجان سىدىق

# سىرلىق تەڭگە

(ھېكايە)

كېچە سائەت بىردىن ئاشقان چاغ، پۈتكۈل شەھەر ئېغىر ئۇيقۇغا چۆككەن، ئەتراپ جىمجىت، كوچىلاردىمۇ بىرەر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

بىر چاغدا قاراڭغۇ كوچىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۈچ ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار باشلىرىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ نېمىنىدۇر پىچىرلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئىككىسى مېلىچ ماللار دۇكىنىنىڭ ئەتراپىدا كۆزدىن يوقالدى. يەنە بىرى ئاسان كۆزگە چېلىقمىدىغان ئاسفالت يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، خۇددى ساراڭدەك بىر دائىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ يەردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، قارىغاندا، بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. بەزىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپ قويغاندىن كېيىن، يەنە ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇراتتى.

تۇيۇقسىز ئىككى ساقچى قايتىدىن پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— ھوي، نېمە ئادەمسەن؟ بۇ كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟

ھېلىقى ئادەم ئاستا بۇرۇلۇپ، ئۇلارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى-دە، بىچارە قىياپەتتە دېدى:

— ھەي... مۇشۇ ئەتراپقا بىر دانە كۈمۈش تەڭگەم چۈشۈپ قالغانىدى. خېلىدىن بېرى ئىزدەپ تاپالمايۋاتىمەن. كەچۈرۈڭلار، قول چىرىغىڭلارنى بېرىپ تۇرساڭلاركەن.

ساقچىلار بىر-بىرىگە ئۈنسىز قارىشىۋالغاندىن كېيىن، ئېگىز بويى، ئورۇقراق كەلگەن، كۆزلىرى چانىقىغا پاتقان، قارىماققا چىرايىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرغان بۇ ئادەمگە سىنچىلاپ قارىغىنىچە بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كەلدى-دە، ئۇلارنىڭ بىرى قول چىرىغىنى ھېلىقى ئادەمگە ئۇزاتتى.

ئۇ، قول چىرىغىنىڭ كۈچلۈك يورۇقىدا ئەتراپنى ئىزدەشكە باشلىدى. ساقچىلارمۇ ئىزدىشىپ بەردى، ھېلىقى ئادەم تەڭگىسىنى ئىزدەۋاتقاچ زارلىناتتى:

— ھەي، خۇدا ئۇردى دېگەن شۇ-دە! ئۇ تەڭگىنى نۇرغۇن جاپالار بەدىلىگە تاپقانىدىم. ئانام بىلەن دادامنىڭ بىر ئىش قىلغۇدەك ھالى يوق، ئۇلار ماڭىلا قاراشلىق. مەن بولسام بىر ئىشسىز، ئۇلارنى بېقىش ئۈچۈن جېنىمنىڭ كۆكىنى سېتىپ ئىشلەيمەن. تېخى ئۇ تەڭگىنى قۇرۇلۇشتا بىر ئاي ئىشلەپ ئالغانىدىم. ئەمدى قانداق قىلارمەن، پالاكەت بىزدەك يوقسۇللارغىلا كېلىدىكەن. مەنغۇ مەيلى، ھېچ بولمىغاندا خۇدانىڭ ئەشۇ قېرىلارغا بولسىمۇ ئىچى ئاغرىسىكەن دەيمەن.

ساقچىلار بۇ ئادەمگە ئىچ ئاغرىتىشىپ، ئۇنىڭ غېمىنى خالاس قىلىش ئۈچۈن، تېخىمۇ بەكرەك ئىزدەشكە چۈشتى. ئۇلار يېرىم سائەتتەك ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەمگە تەسەللى بەردى:

— بۇرادەر قايغۇرما، يەنە خۇدايىم بېرەر، بۇ ئەتراپنى شۇنچە ئىزدەپمۇ تەڭگەڭنى زادىلا تاپالمىدۇق. باشقا يەردە چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ. بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ئۆيۈڭگە قايتىپ كەت. ئەڭ ياخشىسى بىرەر ئىشنىڭ ئېپىنى تاپقىنىڭ تۈزۈك.

ساقچىلار شۇنداق دەپلا كېتىپ قالدى. ھېلىقى ئادەم ساقچىلارنىڭ قارىسى يۈتكەن ھامان، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ مۇغەمبەرلىك بىلەن خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى.

«مەن ۋە شېرىكلىرىم ئۈچۈنمۇ خۇداغا شۈكرى!» دېدى ئۇ، ساقچىلارنىڭ دىققىتىنى «سىرلىق تەڭگە»گە قارىتالىغانلىقىدىن، ئۇلارنى ئالدىيالىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ.

رەھىم يۈسۈپ

## ئىلھام بۇلاقلىرىدىن ئۈنچىلەر

كەمتەرلىك:

مەن تۇرمۇش دېڭىزىدىكى مەڭگۈ چۆكمەس كېمە.

ئەيكەش:

باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن، بېلىم ھەر قانچە ئېگىلىپ كەتسىمۇ رازىمەن.

ئەينەك:

مەن گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرەلەيمەن، ئەمما ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيمەن، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا گەپ قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن، ئەمما، ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلمايمەن.

تاغاق:

قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش — مېنىڭ مۇقەددەس بۇرچۇم.

ۋېلسىپىت:

مەن قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە توختايدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، چۈنكى مېنىڭ تەقدىرىم باشقىلارنىڭ قولىدا — دە!

دەزمال:

كاللام قىزىغىچە ھېچ ئىش قىلىشنى خالىمايمەن. مېنىڭ ئۈمۈرلۈك بۇرچۇم — كۆيۈش ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ئەگرى — توقايلىقنى تۈزلەش.

قان تومۇر:

مەن ھاياتلىقنىڭ مېڭىش يولى.

قازان:

ئوتتىن ئايرىلغىنىم — قايناق ھاياتتىن ئايرىلغانلىقىم بولىدۇ.

دوستلۇق:

مەن قەلب بىلەن قەلبنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك، كىشىلەر دېڭىزدىن سۇزۇۋېلىشىدىغان «مەرۋايىت».

تەجرىبە — ساۋاق:

مەن كىشىلەر قەلبىدىكى ئۆچمەس چىراغ.

قەلب:

كىشىلەر دېڭىزنى چوڭقۇر دەيدۇ، ئوكيانىنىمۇ چوڭقۇر دەيدۇ، ئەمەلىيەتتەدۇنيادا مەندىنمۇ چوڭقۇر جاي بارمىدۇ؟

ۋىجدان:

مېنىڭ باھايىم يوق، ئەمما ئۆلچىمىم بار.

(ئاخىرى 96 — بەتتە)

ئابدۇكېرىم سەلەي

# دوستلۇق

(نەسىر)

مەن دوست – بۇرادەرلىك، ئائىلىدارچىلىق توغرىسىدىكى پىكىرلەر قايىنىمىدا ئۈزۈۋېتىپ، مۇتەپەككۇر ئالىملار، پەيلاسوپ، يازغۇچى، شائىرلار تەرىپىدىن ئەلمىساقتىن تاكى مۇشۇ دەقىقىغىچە بۈيۈك، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلىنىپ كەلگەن «دوستلۇق» توغرىسىدا مېنىڭمۇ ئۆزەمگە خاس تەجرىبە – يەكۈنلىرىم، چۈشەنچە-پىكىرلىرىمنىڭ بارلىقى ۋە ئۇنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلىشىش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلىپ قالدىم – دە، قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

قەلبىم پاك ۋە ساپ، چۈنكى ساپلىق، پاكلىق — ئۇلۇغلۇقنىڭ ئۇلى. يازغىنىمدىن ئۇلۇغ ۋە مۇكەممەل پىكىر چىقىشىنى ھۆددە قىلالمايمەن. «ياخشى نىيەت — يېرىم ئىش»، ئۇلۇغ نىيەت — ئۇلۇغ پەزىلەتلەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.

دوستلۇق — ئۇلۇغ، دوستلۇق — بۈيۈك، دوستلۇق — مۇقەددەس، دوستلۇق — ئېزىز، دوستلۇق — تۇرمۇش قۇياشى، دوستلۇقسىز تۇرمۇش — قۇياش بولۇت ئارقىسىغا مۆكۈنگەن تۇتۇق كۈندەك كۆڭۈلسىز.

دوستلۇق — ئورتاق غايە، ئورتاق ئىرادە، ئورتاق ھېسسىيات رىشتىسى بىلەن بىر – بىرىگە چىڭ باغلانغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل ئەڭ قىممەتلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت:

دوستلۇق — ئىنسانلارنىڭ ھايات سەپىرىدە قەدىرلىك ھەمراھ، يار – يۆلەك، تەسەللىي، ئارامگاھ، ئۇسسۇزلۇق. شۇڭا پەيلاسوپ باكون: «دوستلۇق — خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ، ئازاب – ئوقۇبەتنى يەڭگىللەشتۈرىدۇ» دېگەنىدى. تۇرمۇش ھامان دوستلۇققا مۇھتاج، چۈنكى دوستلۇق تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچنى ئاشۇرىدۇ.

لېكىن مۇرەككەپ تۇرمۇش مۇساپىسىدا بۇنداق مۇكەممەل ۋە ھەقىقىي دوستلۇققا ئېرىشىش ئۇنچىلا ئاسان ئەمەس. ھەقىقىي دوستلۇقنى ساداقەت ئۇرۇقى بىلەن تېرىپ، ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن سۇغۇرۇپ، ئالىيجانابلىق بىلەن پەرۋىش قىلىپ، ئۆز ئارا ئەپۇ قىلىش، يول قويۇش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش بىلەن ئاسراپ، سەمىمىي – ساداقەتلىك قالقىنى بىلەن قوغداپ ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىگەندىلا ئۇنىڭغا نائىل بولغىلى بولىدۇ.

ھەقىقىي دوستلۇق — قاغجىرىغان ھايات بېغىنى ياشنىتىپ، سىزگە زېرىكىشلىك ھېس قىلغىنىڭىزدا شادلىق كۈيى تەقدىم قىلغۇچى خۇشناۋا بۇلبۇل؛ سىز بېلىق بولسىڭىز، ھەقىقىي دوستلۇق سىز ئۈچۈن سۈزۈك سۇ؛ سىز يەلكەنلىك كېمە بولسىڭىز، ھەقىقىي دوستلۇق شۇ كېمىنى ئالغا ئىتتىرگۈچى شامالدۇر.

ھەقىقىي دوستىسىز ئۆتكەن ئۆمۈر — خۇددى كېپەنلەنگەن مۇردىغا ئوخشايدۇ، شۇڭا كىشىلەر ئۆز ئارا دوست بولۇشنى، بۇ دوستلۇقنىڭ سەمىمىي ۋە ھەقىقىي بولۇشنى، ئۆز تۇرمۇشنى دوستلۇق شەربىتى بىلەن قاندۇرۇپ، دوستلۇق مېغىزى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشنى ئەڭ ئەۋزەل بىلىدۇ.

بىراق، كىشىلىك تۇرمۇشتا دوستلۇق ۋە دوستلارمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ھايات قامۇسىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، بەزىلەر باركى، ئۇلار دوست بولۇشتا مەلۇم بىر غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، مەنپەئەت ـ نەپكە ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەگەر غەرىزى ئىشقا ئاشسا گۈلقەھقەلىرى ئېچىلىپ، ئالەمگە پاتماي قالىدۇ، دوستىنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرىدۇ، شۆلگەيلىرى ئاقىدۇ؛ ناۋادا غەرىزى رېئاللىققا ئايلانماي مۇددىئاسى كۆپۈككە ئايلانسا، كۆزىنى ياشلاپ ھەممىدىن، جۈملىدىن دوستلۇقتىن، دوستىدىنمۇ ۋاز كېچىدۇ.

مەنسەپدارلاردىن دوست ئىزدەيدىغانلارنىڭ غەرىزى يەنە باشقىچىرەك: ئۇلارنىڭ «ئەڭ يۈكسەك غايىسى» دوستىنىڭ ئەمەل ـ ھوقۇق سايىسىدا ياشاش. لېكىن ئۇلار دوستى مەنسەپتىن چۈشكەندە، ئەمەل قالپىقىدىن ئايرىلغاندا، ئەينى چاغدا ھوقۇقدار دوستىنىڭ مۈشۈكى ئۆلگەندە ھەپتە ـ ھەپتىلەپ ھازىدار بولغان بولسا، ھوقۇقتىن مەھرۇم قالغاندا ئۆلۈمىگىمۇ كەلمەيدۇ.

بەزىلەر خۇشال بەزمىگە، داستىخىنىڭدىكى مەمۇرچىلىقىڭغا دوست بولىدۇ. لېكىن بەزمەڭ تۈگەپ، داستىخىنىڭ يىغىلغاندا، سېنى تونۇماس بولۇۋالىدۇ. يەنە تۈگمە بېرىپ تۆگە ئېلىش كويىدا دوست بولىدىغانلارمۇ بار. تۈگمە تۆگىگە ئايلانغاندا سېنى ئۇنتۇيدۇ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپلا كۆۋرۈكنى چۇۋۇشنى باشلايدۇ. بەزىسى ھەتتا ئاستىرتتىن ئورا كولاپ، شەكلەن دوستلۇقنى ئەمەلىي دۈشمەنلىككە ئايلاندۇرىدۇ، تىلىدا خوشامەت قىلغىنى بىلەن دىلىدا خەنجەر ساقلايدۇ، ئالدىڭدا مىڭ قېتىم تازىم قىلغان بولۇپ، ئارقاڭدا مىڭبىر پىتنە ـ پاسات، تۆھمەت توقۇيدۇ. بۇنداق ئادەملەرنى دوست دېگىلى بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار دوستلۇق نىقابىنى تارتىۋالغان ھەقىقىي دۈشمەندۇر. دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىماق ئۇرۇش ـ فرونتتا ئاسان بولغىنى بىلەن تۇرمۇش فرونتىدا ئۇنچە ئاسان ئەمەس. «پادا باققاندا دوست بولۇپ، ياڭاق چاققاندا ئايرىلىش» ـــ ساختا دوستلۇقنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى. شۇڭلاشقا نامەردلەر دوستلۇققا يارىمايدۇ.

ئورتاق غايە، ئورتاق ئىرادە، ۋىجدان، مىجەز ـ خاراكتېر ئاساسىدا، ئۇزاق مۇددەتلىك سىناق ئۆتكۈلىدىن ئۆتكەن ھەقىقىي دوستلارنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولىدۇ. ئالتۇننىڭ ساپ ياكى ساپ ئەمەسلىكىنى ئوت ياللۇنىدا بىلگىنىدەك، ھەقىقىي دوستلار پەقەت بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە، مەرتىۋەڭدىن ئايرىلغىنىڭدا، يوقسۇز ـــ پەقىر بولۇپ قالغىنىڭدا ئاندىن ئايرىلىدۇ.

ھەقىقىي دوست ئەڭ يامان ئەھۋالدىمۇ سېنى تاشلىمايدۇ، نازۇك دوستلۇق رېشتىسىنى قوپاللىق بىلەن ئۈزۈپ قويمايدۇ، گۆش كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتمايدۇ. ئۆزىنىڭ بىر پۇڭلۇق مەنپەئىتى ئۈچۈن سېنىڭ بىر تىللارىڭنى قۇربان قىلمايدۇ، سېنىڭ نام ـ شەرىپىڭنى ساتمايدۇ، شەنىڭنى بۇلغىمايدۇ. ھەقىقىي دوست سەندىن سىر يوشۇرمايدۇ، كۆز قارىشى ئېنىق، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇپ، شامالغا قاراپ يۆنىلىش ئۆزگەرتمەيدۇ.

ھەقىقىي دوست ـــ سېنىڭ ئۆرلىشىڭگە پەللەمپەي بولىدۇ، سەن غەلىبە مۇنبىرىگە چىققاندا سەممىي ئالقىش ياڭرىتىدۇ؛ خېيىم ـ خەتەر ۋە دوقاللاردا سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. «لىق»، «لىك» نىڭ قارا بايرىقىنى لەپىلدەتمەي، «دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىمۇ بىزنىڭ دوستلىرىمىز بار» كۈيىنى پەلەككە ياڭرىتىدۇ. ھەقىقىي دوستلۇق ـــ جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق كۈرەش ئۆتكەللىرىدە ئارامبەخش گۈلخان، پەرۋازىڭدا قانات، ھارغىنىڭدا ماغدۇر، تالغىنىڭدا كۈچ ـ قۇۋۋەت. ئۇ ساڭا دوستلۇقنى ۋە ئۆزىنى نامايىش قىلىپ تۇرمىسىمۇ ھامان ئۇنىڭ دوستلۇقى قەلبىڭدە، ئۆزىنى بولسا يېنىڭدا ھېس قىلىسەن.

ئەخمەت تۇردى

# « تاختا كۆۋرۈك » بويىدا تۇغۇلغان ئويلار

— تۇرسۇنجان سادىقنىڭ «تاختا كۆۋرۈك» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

«يازغۇچى ئۆزى تەسۋىرلىگەن ھەممە نەرسىنى، يەنى مەنزىرە، ئوبراز، تەقى-تۇرۇق ۋە چىراي، خاراكتېر قاتارلىقلارنى كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئېنىق گەۋدىلەندۇرۇپ، كىتابخانلارنىڭ ئۇلارنى ھەر خىل - ھەر ياكزا ( تەسەۋۋۇر ) قىلىشى، شۇنداقلا كىتابخانلارنىڭ ئۆز تەجرىبىسى، تەسىراتى ھەمدە بىلىم جۇغلانمىسى ئارقىلىق ئۇلارنى تولۇقلىشى ۋە بېيىتىشىغا ئىمكان بېرەلىگەن چاغدىلا، يازغۇچىنىڭ ئەسىرى كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى خېلى كۈچلۈك تەسىرلەندۈرەلەيدۇ. يازغۇچىنىڭ تەجرىبىسى بىلەن كىتابخانلارنىڭ تەجرىبىسىنىڭ بىرلىشىشى ۋە بىردەك بولۇشىدىن بەدىئىي ھەقىقەت، يەنى سۆز سەنئىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە قايىل قىلىش كۈچى بارلىققا كېلىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ئادەملەرگە تەسىر قىلىش كۈچىمۇ ئەنە شۇنىڭدا.»

بۇ، گوركىينىڭ سۆزى. ئۇلۇغ يازغۇچى ماكسىم گوركىي بۇ بىر ئابزاس سۆزىدە، يازغۇچى قانداق قىلغاندا ئۆز كىتابخانلىرىنى زوقلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلالايدۇ، دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. دېمىسىمۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت پەقەت زوقلىنىش ئارقىلىقلا مۇئەييەن ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلالايدۇ. زوقلىنىش بولمىغاندا، ھەر قانداق ياخشى ئەسەرلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى جارىي قىلدۇرالمايدۇ.

مەن 1990- يىلى 3- ئاينىڭ 18- كۈنى ئەتىگەندە، تاسادىپىي ھالدا ئەنە شۇنداق زوقلىنىش ئىلكىدە ھاياجانغا چۆمدۈم. بۇ ھاياجان شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇز ئەتراپىدا، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئاڭلاتقان « تاختا كۆۋرۈك » ناملىق ھېكايىنى ئاڭلاش بىلەن باشلاندى. ھېكايە باشلىنىش بىلەنلا مېنى ئۆزىگە تارتتى، ئاخىرىغىچە زېھىن قويۇپ ئاڭلىدىم. ئاڭلاپ بولۇپ، بىر نەچچە مىنۇتقىچە چوڭقۇر تەسىرات ئىچىدە خىيالغا پاتتىم ...




شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى قانداقتۇر بىر سېھىر كۈچ بىلەن « تاختا كۆۋرۈك » مەھەللىسىدە كېزىپ يۈرگەندەك، ھېلىقى ۋەيران بولغان كۆۋرۈك بېشىدا مۆكۈنۈپ ئولتۇرغان ئىسلام ئاخۇن ئاكا بىلەن سىردىشىپ، دەردلىشىپ تۇرغاندەك، ئابلا لەگچۈك بىلەن ئالىنىپمەلەر

توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىۋاتقاندەك، كۆۋرۈك بويىدىكى ئۈجمە، ياڭاقلارنى ئارىلاپ سەيلە قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم.

قىسقىسى، ماڭا «تاختا كۆۋرۈك» ھېكايىسىدا يارىتىلغان ئوبرازلار بىلەن ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە خېلى جانلىق ۋە يېڭى تۇيۇلدى، شۇنداقلا، ھېكايە ئاپتورى «تۇرسۇنجان سادىق» دېگەن ئىسىممۇ يېڭى بىلىندى.

تارىخ ئالغا باسماقتا، دەۋر ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلماقتا. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەنە شۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنى يېڭى تېما، يېڭى ئوبيېكت ۋە يېڭى تۇرمۇش مەزمۇنى بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ مەزمۇنىنى كۈندىن-كۈنگە بېيىتىۋاتىدۇ. «تاختا كۆۋرۈك» ھېكايىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەل ئەنە شۇ يېڭى تېما ۋە يېڭى تۇرمۇش رېئاللىقىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى بىر قەدەر توغرا ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە!

ھەممىگە مەلۇمكى، ئون يىللىق ئىسلاھات ئارقىلىق، جۇڭگو گۈللىنىش يولىغا قاراپ ماڭدى، ئون يىللىق ئىسلاھات ئارقىلىق، ۋەتىنىمىزنىڭ قىياپىتى نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆتكەنكى 30 يىلدىكىدىن ئېشىپ كەتتى، ئىسلاھات جۇڭگونىڭ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان قەدەم ئارقىلىق گۈللىنىش، ئاۋاتلىنىش، مەدەنىيلىشىش، باي، قۇدرەتلىك بولۇش يولىغا مېڭىشىنى ئىلگىرى سۈردى. قىسقىسى، ئىسلاھات جۇڭگو تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يازدى. بىراق، ئىسلاھات جەريانىدا يوللارنىڭ ھەممىسى تۈپتۈز، ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ. كونا زىددىيەتلەر ھەل قىلىنسا، يېڭى زىددىيەتلەر يەنە ئۈزلۈكسىز چىقىپ تۇرىدۇ. ماددىي جەھەتتىكى بېيىش بىلەن مەنىۋى جەھەتتىكى گادايلىق، كوللېكتىپىزىملىق روھ بىلەن شەخسىيەتچىلىك، مەردلىك بىلەن بېخىللىق، ئىنسانىي خىسلەت بىلەن ھايۋانىي نەپسانىيەتچىلىك قاتارلىقلار ھازىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت بولغان خېلى ئۆتكۈر زىددىيەتلەردۇر.

«تاختا كۆۋرۈك» ھېكايىسى تۇرمۇشىمىزدىكى مانا شۇ رېئال زىددىيەتلەرنى بىر كۆۋرۈك ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، كۆۋرۈكنىڭ ياسىلىشى ھەم ۋەيران بولۇش جەريانى ئارقىلىق، «تاختا كۆۋرۈك» مەھەللىسىدىكى كىشىلەرنىڭ بىر پۈتۈن تۇرمۇش كارتىنىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئادەملەر دائىم بەلگىلىك ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي شارائىت ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىياتتا ئۇلارنىڭ ھايات كەچۈرۈۋاتقان شارائىتلىرى، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى، ئۆزلىرىگە خاس قىياپەت – چىرايلىرى، تىلى، پىكىر قىلىشى، ئىدىيىسى، مەسىلىلەرگە تۇتقان مەيدانى، ئىچكى ھېسسىياتى، ئارزۇ ئۈمىدلىرى، كەسپىي ۋە قىزىقىشى قاتارلىقلار سۈرەتلىنىش ئارقىلىق گۈزەل ۋە جانلىق بەدىئىي ئوبراز بارلىققا كېلىدۇ. ئەنە شۇ بەدىئىي ئوبرازنىڭ يادروسى بولغان ئادەم ۋە ئادەملەرنىڭ پائالىيەتلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى تونۇشى ھەم ئۇنى ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىدۇ.

مېنىڭچە، «تاختا كۆۋرۈك» ھېكايىسى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇشۇ مەقسەتكە خېلى
يېقىنلاشقان. ئاپتور ھېكايىسىنىڭ بېشىدىلا كىتابخانلارنى بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇن ياسالغان
ئاددىي بىر تاختا كۆۋرۈكنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى ھەم ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر
بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. بىز بۇ ئاددىي كۆۋرۈك توغرىسىدىكى تەسۋىرلەردىن ئۇن نەچچە ئائىـ
لىلىك بىر مەھەللىنىڭ كۆۋرۈك بىلەن بولغان چەمبەرچەس مۇناسىۋىتىنى — ئۇلارنىڭ خۇـ
شاللىقى – قايغۇسى، پايدا – زىيىنى، ھۇنەر – ئوقىتى، خەۋەر – ئۇچۇرى··· مۇشۇ كۆۋرۈك
ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى، لېكىن شۇنداق تۇرۇقلۇق، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولـ
مايدىغانلىقىنى، پەقەت كىشىلەر تەرىپىدىن «ئىسلام ساراڭ» دەپ ئاتىلىدىغان يەتمىش ياشـ
لىق بىر بوۋاينىڭ كېچە - كۈندۈز مۇشۇ كۆۋرۈكنىڭ غېمىدە ياشايـ
دىغانلىقىنى بىلىمىز. ھېكايىدە مانا مۇشۇ توپ ئىچىدىكى ۋە مۇددىئانى
يېپ ئۇچى قىلىپ، بارا - بارا كېڭىيىدۇ ۋە چوڭقۇرلىشىدۇ. ئەمدى كىتابخاننىڭ كۆز
ئالدىدا «ياپما قاپاقلىق، كۆزلىرى نۇرسىز، كۆكۈش لەۋلىرى تىلىم - تىلىم يېرىلغان،
قوللىرى دىر - دىر تىترەۋاتقان» كۆرۈمسىز «ئىسلام ساراڭ» نىڭ گۈزەل ئىچكى دۇنياسى
بىلەن ئالىيجاناب روھىي پەزىلىتى نامايەن بولۇشقا باشلايدۇ. ئۇ كۆۋرۈك بېشىدا غەمگە
پېتىپ، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، يولدىن ئۆتۈۋاتقان ئادەملەرنى چاقىرىپ:
— «ھوي قاراخۇن، بۇ ياققا كېلىڭا، ھە، مانا بۇ يەرگە قاراڭ، بۇ يەردىكى
كۆۋرۈك قانداق بولەن ئىدى - ھە؟ بۇندىن 30 يىل بۇرۇن ياسالغان. بىلەمسىز، ئۇ دېگەن
قانداق چاغ ئىدى؟ ··· ‹ پولات - تۆمۈر › ۋاقتى، يەي دېسەڭ يوق، كىيەي دېسەڭ يوق،
تاغاردىن تامبال كەيگىنىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئەنە شۇنداق ئېغىر، قاتتىق كۈنلەردە ياسالـ
غان، ياغاچچىلىقىنى مانا مەن قىلغان، ئەمدىچۇ؟ خەجلەي دېسەڭ پۇلۇڭ، كىيەي دېسەڭ
كىيىمىڭ بار، ھېچنېمىدىن قىسىنچىلىق، غېمىڭ يوق، ئەمما لېكىن ··· ھەي كىشىلەر!
ئىنسابىڭىز، قىزىلكۆز نامەردلەر! ···» دەپ قايىنىغاندا، كىتابخانلارنىڭمۇ ئۇنىڭغا قوشۇـ
لۇپ خۇرسىنغۇسى، ئاھ چەككىسى كېلىدۇ ھەم «تاختا كۆۋرۈك» مەھەللىسىدىكى كىشىلەرـ
نىڭ بۇرۇن تۇرمۇشتا گادايي ۋاقىتتا مەنىۋى جەھەتتە باي،
ئالىيجاناب ئىكەنلىكىنى؛ بۈگۈنكى كۈندە تۇرمۇشتا باي بولۇپ، مەنىۋى جەھەتتە گادايلىشىپ
كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىسلام بوۋاي بىلەن بىللە ئېچىنغۇسى، ئەپسۇسلانغۇسى كېلىدۇ···
ھازىر يېزىلاردىمۇ، شەھەرلەردىمۇ ئابىلا لەكچۇكغا ئوخشاش پۇل تېپىپ كۆزى قىزارغان،
رەڭمۇ رەڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت بازىرى ئالدىدا ئەسلى زاتىنى ئۇنتۇپ، ۋىجدان، غۇرۇـ
رىنى ساتقان، شەخسىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك، بېخىللىق پاتقىقىغا پېتىپ، باشقىلارنىڭ ۋە
ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى بىلەن قىلچە كارى بولمايدىغان بىر قىسىم نەپسانىيەتچى ئادەملەر
بار. شۇنداقلا، ئىسلام بوۋايغا ئوخشاش ئەل غېمىنى ئۆز ئىنىڭ خۇشاللىقى دەپ بىلىدىغان،
يېنىدا بىر پۇڭ پۇلى بولمىسىمۇ، ھاياتىنى قاقشىماي، ھەمىشە مەنىۋى باي بىلەن مەرـ
دانە ئۆتىدىغان، گۈزەل غايىلىك، ئالىيجاناب ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. يازغۇچى ئىجتىمائىي
تۇرمۇشىمىزدىكى مانا مۇشۇ رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى
مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى، ئادەملەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە ئەخلاقىي قىياپىتىنى توغرا ئىپاـ

دىلەپ بېرىشى كېرەك. بىر پارچە ياخشى ئەسەردىكى كونكرېت ئوبرازلار كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، گۈزەل، ئالىيجاناب نەرسىلەرگە ھېسسىداشلىق ئويغاتسا، خۇنۈك - رەزىل نەرسىلەردىن يىرگەندۈرىدۇ. مانا بۇ بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئىستېتىك ئەھمىيىتى.

« تاختا كۆۋرۈك » ھېكايىسىدىكى بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئىسلام ئاخۇن بىلەن ئابلا لەگىپۇڭ ئوبرازى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بولۇپ، ئىسلام ئاخۇننىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈلگەن يۈكسەك غايە، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل خىسلەتلەر كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ، ئۇلارغا ئىستېتىك ھوزۇر بېغىشلايدۇ، ئەمدى ئابلا لەگىپۇڭنىڭ خاراكتېرىدىكى شەخسىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك، رەزىللىكلەر بولسا، كىشىلەرنى يىرگەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا نەپرەت يېشى ياغدۇرىدۇ. پىرسوناژ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات مەنتىقىسى — ۋەقەلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە مۇقەررەر ئاقىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە بەلگىلەيدۇ. ھېكايىدىكى بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى ئوبرازنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى دەل ئەنە شۇ مۇقەررەرلىك بويىچە بولىدۇ. يەنى، «ئىسلام ساراڭ» ئاخىر ئۆز غايىسى، خاھىشى، ۋىجدانى ۋە ئەقىدىسى بويىچە، بۇرۇنقى تاختا كۆۋرۈكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىگە تەئەللۇق ئاخىرقى بىر ئېغىز ئۆيىنى چۇۋۇپ، ئۇنىڭ ياغاچلىرىنى توشۇۋاتقان ۋاقتىدا قازا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا تولىمۇ سۆيۈملۈك، لېكىن بىچارە ئادەم سۈپىتىدە قەد كۆتۈرىدۇ. ئابلا لەگىپۇڭ بولسا، ئاچكۆزلىكى، شەخسىيەتچىلىكى ۋە ھارامزىيەتلىكى بويىچە، ئىككى تال ياغاچ بىلەن ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىغا ئۆزىگە خاس كۆۋرۈك ياساپ، ئاخىرىدا، ئىسلام بوۋاي قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆۋرۈك سېلىشى ئۈچۈن تەييارلىغان ياغاچلىرىنى ئوغرىلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كىتابخانلارنىڭ نەزەرىدە، رەزىل ۋە نەپرەتلىك بىر مەخلۇق بولۇپ قالىدۇ.

ھەقىقىي بىر ئەدەبىي ئەسەر — چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتنىڭ بىرپۈتۈن گەۋدىسى بولۇشى كېرەك. چىنلىق — تۈپ ئاساس. پەقەت«چىن» نەرسىلا«ياخشى» نەرسە بولىدۇ. پەقەت«چىن» ۋە«ياخشى» نەرسىلا «گۈزەل» نەرسە بولىدۇ. فىرانسىيىنىڭ مەشھۇر دراماتورگى دېنى دىدرونىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: « چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك ئۆز ئارا چىڭ بىرلەشكەندۇر. چىنلىق بىلەن ياخشىلىققا يەنە بىر خىل كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان پارلاق - نۇرلۇق كۆرۈنۈش قوشۇلسا، چىنلىق بىلەن ياخشىلىق گۈزەللىككە ئايلىنىدۇ.» بۇ يەردە ئېيتىلغان« كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان پارلاق- نۇرلۇق كۆرۈنۈش»، چىنلىق بىلەن ياخشىلىقنىڭ ھېسسىي گەۋدىلىنىشى بولۇپ، ئۇ بەدىئىي ئوبرازدۇر.

بىز ھېكايىدىكى ئىسلام بوۋاي ئوبرازىدىن ئەنە شۇنداق«كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان پارلاق- نۇرلۇق كۆرۈنۈش»نىڭ ئايرىم ئىپادىلىرىنى كۆرەلەيمىز. ئۇ چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ سىماسى سۈپىتىدە بىزنى ھاياجانلاندۇرىدۇ، ھۆرمىتىمىزنى ئاشۇرىدۇ. گەرچە ئون نەچچە ئائىلىلىك تاختا كۆۋرۈك مەھەللىسىدە ئىسلام بوۋايدىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوخشىمىغان دەرىجىدە پۇل تېپىش، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش، ئومۇمنى

ئۇنتۇپ، شەخسىيەتچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىش قاتارلىق ئىللەتلەردىن خالىي بولماي، پەقەت ئىسلام بوۋاي دىيانەت يولىدا يەككە-يېگانە قالغانىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بىر چىمدىم تۇز بىر قاچا سۇغا تەتىيدىغانىدەك، ئۇنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى، گۈزەل روھىي دۇنياسى ئابلا لەگۈپۈك، قېيىمزخان سەيچى، سۇلايمان باققال، غوجاخۇن مەزىنگە ئوخشاش روھى زەئىپ، ئىرادىسى بوش، نىيىتى ئالا ئادەملەرنىڭ ھەۋىسىنى بېسىپ چۈشىدۇ، خۇددى بىر تال قىزىل ياقۇتتەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يالتىراپ، نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئابلاخان بىلەن بولغان مۇنۇ سۆھبىتى بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ:

— « قايغۇرغىدەك ئىش يوق، ئىسلامىكا. بۇ چوڭ كۆۋرۈكقۇ نابۇت بولدى، ئەمما قارىمامسىز، ھەر بىر دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا بىردىن ‹ كۆۋرۈك › تۇرمامدۇ؟

— ياق ئۇكام، بۇ دېگەن چېچىلاڭغۇلۇق، قىز دىلكۆزلۈك!

— قېرىدىغاندا يەنە ئالجىدىڭىزمۇ نېمە، ئىسلامىكا؟

— ياق، مەن ئالجىمىدىم ئۇكام. بىز ئەسلىدە ئاتىسىنىڭ بالىلىرى ئىدۇق، تەكتىمىز قېرىنداش، قان پۈشتىمىز بىر، ھەممىمىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرى تۇرۇغلۇق، ھالا بۈگۈنكى كۈندە خۇددى تېرىقتەك چېچىلىپ، يالماۋۇزدەك بولۇپ كېتىۋاتىمىز، باشقىلارنىمۇ، ئۆزىمىزنىمۇ ئالداۋاتىمىز. بۇنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ، ‹ ئىناق ئەلدە بالا يوق › دەپتىكەن كونىلار. ئۇكام، ئارىمىزدىن ئىناقلىق، ئىنساپ، مېھرى - شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، ھامىنى بىر كۈنى ئۆزىمىزنىمۇ، يۇرتىمىزنىمۇ ۋەيران قىلىمىز. قېنى ئېيتىڭا ئۇكام، مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا، قەۋم - قېرىنداشلىرىمىزغا قانداق يۈز كېلىمىز؟ ئاندىن... يەنە كېيىنكىلەرگىچۇ؟!... »

ھېكايىنىڭ يەنە بىر ئۇتۇقلۇق چىققان يېرى، سىمۋوللىستىك ۋاسىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئالغا سۈرمەكچى بولغان ئىدىيىنى تېخىمۇ كونكرېت ۋە جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. تۆۋەندىكى تەسۋىرگە قاراڭ:

« قېيىمزخان سەيچى نېمىنى ئويلىدى، ئەيتاۋۇر ئەتىسىلا دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىغا ئىككى تال ياغاچ قويۇپ، ئەپچىللىگىنە بىر ‹ كۆۋرۈك › ياسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەھەللىدە يېڭى ‹ كەشپىيات › بارلىققا كەلدى! ئۆستەڭ بويلاپ قاتىرىسىغا ياسالغان ئون نەچچە دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا بىردىن ‹ كۆۋرۈك › پەيدا بولدى... »

بۇ قۇرلارنى ئوقۇغان كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىغا خۇددى ئۆستەڭنىڭ يۈزىگە ياماق سالغاندەك قاتار سوزۇلۇپ ياتقان « شەخسىي كۆۋرۈك » لارنىڭ كۈلكىلىك كۆرۈنۈشى كېلىدۇ ۋە بۇ قۇرلارنى ئوقۇغان ئادەم كىچىككىنە بىر مەھەللىدە، كۆپچىلىك ئۈچۈن 30 يىل خىزمەت قىلغان چوڭ كۆۋرۈكنى ۋەيران قىلىپ، ئۇنىڭ ھېسابىغا ئون نەچچە يەردە پەيدا بولغان كىچىك « كۆۋرۈك » لارنىڭ غەلىتە ھالىتىدىن غەزەپلەنمەي، نەپرەتلەنمەي تۇرالمايدۇ. ئاپتور بۇ يەردە، ئابلا لەگۈپۈك، قېيىمزخان سەيچى قاتارلىق كىشىلەردىكى شەخسىيەتچىلىكنىڭ، بەدنىيەتلىكىنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئەنە شۇ ئون نەچچە

كىچىك «كۆۋرۈك» ئارقىلىق جانلىق، كونكرېت ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ نەرسە ئۆز نۆۋىتىدە، ئىسلام بوۋاينىڭ «ئىناق ئەلدە بالا يوق» دەپ قارايدىغان پاك روھىي دۇنياسىغا تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تاختا كۆۋرۈكنى قايتا ياساش ئىرادىسىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام بوۋاينىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ!

نۆۋىتى كەلگەندە، ھېكايىنىڭ تىلى ھەققىدىمۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆزلىگىم كېلىۋاتىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى. ئۇ ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۇرمۇش باي، خىلمۇ خىل ۋە رەڭگارەڭ، شۇنداقلا، ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشنى بىلىش، ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ۋاسىتىسى بولغان تىلمۇ بىپايان دېڭىزغا ئوخشاش مول ۋە ئۆزگىرىشچان بولۇپ، سانسىزلىغان ۋەقەلەر ۋە شەيئىلەرنى ئىپادىلىمەيدىغان چەكسىز يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. ئۇمۇ خۇددى تۇرمۇشقا ئوخشاش باي ۋە رەڭگارەڭ بولىدۇ. تىل سەنئەتكارى بولغان يازغۇچى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىلمۇ خىل تىل بايلىقىدىن، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ مىللىي تىل بايلىقىدىن ياخشى ئوزۇقلىنىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى «خەيمىيەن سۇنى سۈمۈرۈۋالغاندەك زور تىرىكلىكىدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە سۆزلۈكلەرنى قوبۇل قىلىش؛ فونتاندىن ئېتىلىپ چىققان سۇ تۈۋرۈكىدەك كۆركەم ۋە يېقىملىق تىل بىلەن سۆزلەشكە ماھىر بولۇشى؛ خۇددى ئۇستا مەرگەندەك ئۆزىنىڭ تىل ئوقىنى ‹مەنا نىشانى›غا دەل تەگكۈزۈشى؛ نازۇك تارازىدەك مەنىسى ئوخشاش تۇيۇلىدىغان ھەر بىر سۆزنىڭ ئىنچىكە پەرقىنى ئۆلچىيەلىشى...» كېرەك. دېمەك: تىل — ئاپتور بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش، ئوبراز يارىتىش ۋە ھېس-تۇيغۇنى ئىپادىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ۋاسىتە. بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە:

«ئوقۇش كۆركى تىل ئول، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈز ئول، بۇ يۈز كۆركى كۆز.»

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق، تىلنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى تولىمۇ ئىخچام ۋە چوڭقۇر بايان قىلىپ بەرگەن.

«تاختا كۆۋرۈك» ھېكايىسىدا، ئاپتور تىل ئىشلىتىشتە خېلى ئەجىر قىلغان. ھېكايىنىڭ تىلى راۋان، ئوبرازلىق ھەم ئىخچام دېيىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ، ئاپتور تىلى بىلەن پېرسوناژ تىلى خېلى پەرقلىق ھالدا ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە. ئاپتور تىلىدا سۆرەلمىلىك، ئېنىقسىزلىق ھەم قاتمۇ قات ئىزاھلىق جۈملىلەر يوق دېيەرلىك. ئاپتور پېرسوناژلار ئوبرازىنى سۈرەتلەش، مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەش ۋە ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە، ئۆزىنىڭ ھېس-تۇيغۇسىنى، مۇھاكىمىسىنى ھەم لىرىكىسىنى مۇمكىن قەدەر راۋان ۋە توغرا ئىپادىلەشكە تىرىشقان. پېرسوناژلار تىلىدا بولسا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، سەرگۈزەشتىسى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئىدىيىۋى خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئۆزلىرىگە خاس تىلدا سۆزلىتىشكە ئورۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى ئېچىشقا تىرىشقان. مەسىلەن: ئىسلام بوۋاي ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، سەرگۈزەشتىسى، مىجەز-خۇلقى

www.uyghurkitap.com



بويىچە، گەپنى توپتــوغرا ، كېسىپ ئېيتىمىز، ئۇ نىڭ سۆزلىرىدە مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئېنىق. ئابلا لەڭپۇڭ بولسا، ئۆز مىجەز - خۇلقىغا كۆرە، كىشىلەر بــىلەن ئەگىتىپ دارىتا - مىلاپ سۆزلىشىشنى، ھېجىيىپ تۇرۇپ، زەھەردەك چېقىۋېلىــشنى ۋە يالغان گــەپ قىــلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ نىڭ ئىسلام بوۋايغا قىلغان تۆۋەندىكى سۆزىدىن بىر ئاز بولسىمۇ ئۇ نىڭ نەپسانىيەتچىلىك خاراكتېرىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ:

ــ « ساراڭدە ئاكا، سىز! بوپتۇ، يەڭگۈشلەپ قويۇڭ، جەننەت سىزگە يــار بولــسۇن، ماڭا مەيخانا ··· ھاھ ــ ھاھ ــ ھاھ ··· شۇنداق ئەمەسمۇ ئىسلامكا، ھە؟!»

ياخشى يېزىلغان پىرسۇناژ تىلى پىرسۇناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپلا قالماي، بەلكى كىتابخانلارغا ئــۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتقاندەك، ئۇ نىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈۋاتقانــدەك، چىراي ــ شەكلى بىلەنمۇ تونۇشتەك ھېس قىلدۇرىدۇ. ھېكايىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىــسلام بوۋاينىڭ دەردلىك مونولوگى كىتابخانلارنىڭ قەلبىدە خېلى چوڭقۇر تەسىرات قوزغايــدۇ:

«ئاھ، قۇدرەتلىك ئىگەم، سەن كــىشــلەرگە ئىنســاب ــ تــەۋپــىق ئــاتــا قــىــل، دىــلــىــنــى يــورۇت، ئــەقــىل ئــەمــالــىــرىــغــا ســەدىــقــە بــەر، ئــۇلارغــا ئــادەمــدەك ياشاشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەت. ســەن ماڭا مادجــال بەر، مەن بۇ كۆۋرۈكنى قايتىدىن ياــساتىمەن، ئەمما بۇ نىڭ ساۋابىغا ماڭا جەننەت بېــرىمەن دېمــە ، كېــرىكــى يوق ، پەقەت كىشىلەرگە ئىنساب ، ئىناقلىق ھەم ئۆملۈك بەر . مېنىڭ ئاخــىرقى تەلىپىمنى بىجا كەلتۈر، كىشىلەرنىڭ مال ـ دۇنيا ۋەسۋەسىدە داتلاشقان قەلبىگە نۇر بەر . قەلبــى يــورۇپ ، كۆزى ئېچىلسۇن ، بولمىسا ، بۇ مىللەت ، بۇ ئــەل ، بــۇ يۇرتــنىــڭ مەۋجــۇت تۇرۇشى كىشــىگــە گۇمانىدۇر ··· »

بىز بۇ مونولوگدىن ئىسلام بوۋاينىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتــېرىنى ئەلگــە ، ۋەتەنگە سادىق سەمىمىي قەلبىنى ، شەخسىيەتسىز پاك روھىي دۇنياسىنى ، يۈكسەك ئارزۇ ئــىســتــەكلىرىنى يەنە بىر قېتىم روشەن كۆرۈپ ئالالايــمىز ۋە بــوۋاي بىلەن بىللە ئەشۇ « پاپا نىسىز ئاسمان بوشلۇقىنى توپ ـ توپ قارا بۇلۇتلار قاپلىغان قاراڭغۇ كېچە » دە ؛ « گۆرۈستانــلىقتەك تىنچ ھەم سۈرلۈك ئۆستەڭ بويى » دا ئولتۇرۇپ ، ئاللاغا نالە قىلغاندەك ، ئــابــلا لــەڭــپــۇڭ، قېمىزخان سەيچەدەك كــۆزى قىزىرىپ ، قەلبى خىرەلىــشىپ قالغان كىشــىلەرگە ئىنساب ـ دىيانەت تىلىگەندەك ھېســسىياتتا بولىمىز !

فرانسىيىنىــڭ مەشھۇر يازغۇچىسى مۇپاسسان: « مەيلى باشقــلار دېمەكــچى بولغىنى قانداق ئىش بولسۇن ، ئۇنى پەقەت بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ ، بىر پېئىل ئۇنى جانلاندۇرالايدۇ ، بىر سۈپەت ئۇ نىڭ خاراكتېرىنى بېكىتەلەيدۇ . شۇڭا ، بىز شۇ سۆز ، شۇ پېئىل ۋە شۇ سۈپەتنى تاپقىچە ئىزلىنىشىمىز كېرەك ، ھەرگىــزمۇ ‹ ئاسان بولىدۇ › بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماسلىقىمىز كېرەك » دېگەنىدى . بۇ جەھەتتە ، ئاتا قىلىق سۆز سەنئەتكارــلىرى بىزگە تەسىرلىك ، ئۆچمەس نەمۇنىلەرنى تىكلەپ بەرگەن . تولستوي بــەزى ئەسەرــلىرىدە ئون بەش ، ھەتتا يىگىرمە كۇپىيە قالدۇرغــان ، ئۇ نىڭ ئەشۇ كۇپــىيلــەردىن تــىل ئۈستىدە قانداق قېتىرقىنىپ ، جاپالىق ئىشلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . تاڭ دەۋرىدە

ئۆتكەن شائىر لوپەنسۇن بىر سۆزنى ئۆز جايىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، بىر نەچچە تال ساقاللىنىڭ يۇلۇنۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمىگەن.

دېمەك: ئەسەر تىلى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئەجىر قىلىش، تىلنى قېتىقىنىپ ئۆگىنىش ۋە بېيىتىش — ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. يېڭىدىن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ھەۋەسكارلار ئۈچۈن بولسا، تېخىمۇ مۇھىم ۋە زۆرۈر. مەن ياش ئاپتورلىرىمىزدىن ئەسەر يازغاندا، تىل ئۈستىدە ئوبدان باش قاتۇرۇشنى، تاللاش ۋە تاۋلاش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشنى، ھەرگىزمۇ قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ، قاتمال، شىرىنسىز، سۆرەلمە تىللار بىلەن ئەسەر يازماسلىقنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

مەن ئوبزورچى ئەمەس، بىرەر كونكرېت ئەسەر ئۈستىدە يازغان ماقالەمنىڭ تۇنجىسىمۇ مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن. باشتا ئېيتقاندەك، قەلەمدىشىم تۇرسۇنجان سادىقنىڭ «تاختا كۆۋرۈك» ھېكايىسىنى تاسادىپىي رادىئودا ئاڭلاپ تەسىرلەندىم، كېيىن، شۇ تەسىراتىنىڭ كۈچى بىلەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 6 - سانىنى تېپىپ، ھېكايىنى قايتا ئوقۇپ چىقتىم. ئاڭلاش ۋە ئوقۇش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان تەسىرات ۋە ھاياجاندىن ئاخىر مۇشۇنداق بىر ئەرزىمەس ماقالە پۈتتى. بەلكى يازغانلىرىمنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن يەرلىرى ياكى كەمتۈك قالغان تەرەپلىرى باردۇر. بۇ ھەرگىزمۇ ھېكايە ئۈستىدىكى باھا ۋە تەھلىلى ئوبزور ئەمەس، پەقەت ئاددىيلا تەسىرات خالاس! شۇڭا مەن ھېكايىنىڭ ئايرىم پىشمىغان، يېتەرسىز تەرەپلىرى ئۈستىدە توختالمىدىم.

مېنىڭ كۆڭلۈمدە بىر خۇشاللىق ۋە ئىپتىخار بار. ئۇ بولسىمۇ، ئىجادىيەت قوشۇنىمىزنىڭ كۈندىن - كۈنگە زورىيىپ، جۇشقۇن، ياش كۈچلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتقانلىقى، ئۇلاردا ھەقىقەتەنمۇ بىر يوشۇرۇن سېھىرىي كۈچ باردەك قىلىدۇ.

لۇشۈن ئەپەندى: «پىچاقنىڭ شولىسىدەك نۇردىن تاڭنىڭ سۈزۈلۈۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ» دېگەنىدى. مەن يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەيدانغا كەلگەن بىر قىسىم ياش يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن، ئىجادىي مېۋىسىدىن ئەنە شۇ سۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان تاڭنىڭ شولىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. بۇ تاڭ جەزمەن ئاتىدۇ ۋە ئۇنىڭ قۇياشلىرى كۆك قەرىدە نۇر چېچىپ، جاھاننى يورۇتۇش ۋە ئىللىتىشقا تېگىشلىك ھەسسە قوشىدۇ!

ماقالەمنىڭ ئاخىرىنى پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن چۈشۈرىمەن: «... ئەي ئوغۇل، ھېچ قاچان دىل ئازار بولما، دىل ئازارلىق بىر كۈنى پالاكەت كەلتۈرىدۇ. تەكەببۇر بولۇشتىن ساقلان. تەكەببۇرلۇق جاھىللارنىڭ ئادىتى، ئەقىللىق كىشىلەر تەكەببۇر بولمايدۇ!»

1990 - يىل، 29 - مارت، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇھەممەتجان مەتتىمىن

# مەنىۋى دۇنيانىڭ ساداسى

شېئىر — ماددىي دۇنيانىڭ مەنىۋى دۇنيانى تەسىرلەندۈرۈشى بىلەن ھېسسىياتنىڭ قەلبكە پاتماي ئۇخچۇپ چىققان ۋاقىتتىكى ساداسىدىن ئىبارەت. ھازىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتى كۈچلۈك تەپەككۇر، قايناق ھېسسىيات، چوڭقۇر پىكىرگە ئىگە سەكرەتمە ئوبرازلارنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى بىر يۈزلىنىشنى شەكىللەندۈردى. بىز بۇنىڭدىن شائىرلىرىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ ماددىي دۇنيانىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىگە ماس ھالدا، سەھەردە كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشتەك يۈكسىلىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا شائىرلارنىڭ ئېڭىدا كونا بىلەن يېڭىنىڭ ئورۇن ئالمىشىۋاتقانلىقىنى ھەم كىشىلەر ئىستىتىك تەلىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماققا ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

شائىر مىرزاھىد كېرىمىنىڭ «شاماللار، غۇرۇلداپ سوققىن توختىماي» («قەشقەر ئەدەبىياتى» 1989- يىل 5- سان) شېئىرىدا يۇقىرىقى نۇقتىلار ئېنىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شائىر بۇ شېئىرىدا مول شېئىرىي تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، شېئىرىي ئوبرازغا ئۆزىنىڭ لىرىك تۇيغۇ ھېسسىياتىنى چەمبەرچەس باغلاش ئارقىلىق، كىشىلەر دېڭىزدەك تەلپۈنۈۋاتقان ۋە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بېكىنمىلىكنى، قىتماللىقنى قويۇپ، زامانىۋى سانائەت، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشتەك بۈيۈك ئىستەكنى تەبىئىي ھالدا گەۋدىلەندۈرگەن. ھەممىمىزگە مەلۇم، ھازىر ئېلىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان بۇ بۈرۈلۈش ۋەتىنىمىز بۈگۈنى ۋە يىراق كەلگۈسى ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئېچىۋېتىش ۋە ئىزدىنىش يولى بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئىلغار سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنگەن شائىر:

سەن تاڭ پەرىشتىسى تۇتقان سۈپۈرگە،
سۈپۈرگىن، قالمىسۇن دىلدا قارىلىق.
سۈپۈرگىن، كەڭ يولنى سۈپۈرگەنسىمان،
خۇشاللىق جاي ئالسۇن، تۈگەپ خاپىلىق.
سەن مەردلەر قامچىسى، چاڭلىدا تىنماي،
تۇلپارلار بەس - بەستە ئۆتسۇن ئالدىغا.
سۈپۈرۈپ تاشلانسۇن مەردلەر بېشىدىن،
قاچۇرۇپ ئۆزىنى ئالغان دالدىغا.
تۇز كورنى، نامەردنى زادى ئايىما،
شامماللار، غۇرۇلداپ سوققىن، توختىما، —

دەپ يېزىش ئارقىلىق بىر مەزگىل ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن نامەردلىك، تۈز-كورلۇقنىڭ سۈپۈرۈلۈپ تاشلىنىپ، مەردلەر ئۈچۈن كەڭرى سورۇن تۈزۈلۈپ، ئوخچۇپ تۇرغان تولپارغا ماھارەت كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەقىقەت مەيدانى زۆرۈر بولۇۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ.

شائىر ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشتا كاسا تىلىشىپ كەتكەن ئىبارىلەردىن ئەمەس، ئۆز ئىرادىسىگە ئۇيغۇن بولغان «سەن تاڭ پەرىشتىسى تۇتقان سۈپۈرگە» دېگەنگە ئوخشاش پىكىر-تۇيغۇنى كونكرېتنى ئوبرازلارغا سىڭدۈرۈپ، ئىسلاھاتنىڭ پاك پەرىشتە (پەرىشتە ھەر قاچان پاكلىقنىڭ سىمۋولى) دەك بولۇشنى، زەئىپلىك، چىرىكلىك، پەسكەشلىك ۋە قىتىمالىقنىڭ شۇ بۈيۈك شامالنىڭ كۈچى بىلەن سۈپۈرۈلۈپ كېتىشىگە بولغان ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئارزۇ ئەسەرگە تېخىمۇ جان ئاتا قىلغان. دۇنيادا ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ مەلۇم غايە — ئارزۇسى بولىدۇ. ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاپتورنىڭ غايىسى تېپىكلىككە ئىگە بولۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ غايىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىرەر ئارزۇ غايىنى مەقسەت قىلمىغان ئەسەرنىڭ تېخىمۇ قىممىتى بولمايدۇ. ئۇزۇن مۇددەت ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز پىرىماس ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن شېئىرىيەت گۈلزارىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن ھەر خىل گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇۋاتقان قەيسەر ئىرادىلىك شائىر ئىمىر مىرزاھىد كېرىمى ئۆزىنىڭ پىشقان بەدىئىي ماھارىتىنى ھەم سەزگۈرلۈكىنى بۇ يارقىن لىرىكىلىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. بىز شېئىرنىڭ ھەر بىر مىسراسىدىن كۈچلۈك ئىدىيىۋى بىلىكنى ھەم مۇكەممەل ئوبرازچانلىقنى كۆرۈۋالالايمىز.

شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ غەزەلخانى، كۈيچىسى بولۇپلا قالماستىن، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن ئەقىل كۆرسەتكۈچى ۋە ئۇلارغا توغرا يول باشلىغۇچى سەركەردىدۇر. ھەربىي سەركەردە جەڭدە قىلىچ تۇتۇپ قوشۇنغا يول باشلىسا، شائىر قىسمەتنىڭ تۇتقۇزغان ئالماس قەلىمى ئارقىلىق كىشىلەرگە مەنىۋى جەھەتتىن يول باشلايدۇ. شائىرنىڭ ھېسسىياتى خەلقنىڭ ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشسىلا ئۆزلىرىنىڭ رەڭدار لىرىكىلىرىغا ئوخشاش خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. مىرزاھىد كېرىمى ئەنە شۇ خىسلەتلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن ھەم خەلققە بولغان مېھرىنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىۋاتقان شائىر. ئۇ، خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان، يەپ ئىچىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، مۇستەقىل مەيدانى يوق كىشىلەرنى مۇنداق يازىدۇ:

بەزىلەر ئاغرىنار سەندىن ھەي ... بىراق،
باغرىنى تۇتىدۇ شامالدۇرغۇچقا؟
دېرىزە — ئىشىكنى چىڭ ئېتىپ ھەر ۋاق،
تۇنجۇقۇپ ياشاشنى كۆرۈشەر ئەلا.
يازدىمۇ غەم يەپ سوغ شامال تېگمىشتىن،
يەپ يېتىپ، ھېچ ئىشنى چىقارماس باشقا،

www.uyghurkitap.com



ئۇلاردا نەچچە بار، نە پىكىر — ھېسسىيات،
ئايلانغان يۈرىكى ئۈچ قىرلىق تاشقا.
ئۇلار چاك — توزاننىڭ قالسۇن ئاستىدا،
شامماللار، غۇرۇلداپ سوقىدۇن، توختىما!

شائىر پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئۆز ھېسسىيا تىنى توغرىدىن — توغرا ياڭلىغاچ ئوتتۇرىغا قويمايدۇ. چۈنكى شائىر ئۇنداق تەپەككۇرى تېيىز مىسرالار، شاكال سۆزلەردىن كەتابخانلارنىڭ ھېچقانداق ئېستېتىك زوق ئالالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا «شامالدۇرغۇچ»، «ئېشىك»، «دېرىزە» دېگەنگە ئوخشاش ئوبرازلىق ئۇقۇملار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ يەردىكى «تاقاقلىق ئېشىك»، «دېرىزە» بېكىنمىچىلىك ۋە قىمىتاللىقنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىسى بولۇپ، شائىرنىڭ سىياسىي غايىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شائىرنىڭ سىياسىي غايىسى بولسا خەلقنى قۇرۇق شۇئار — تەشۋىقات بىلەن ئالدايدىغان ئىسلاھات ئەمەس، ھەقىقىي مەنىسى بىلەن خەلققە بەخت ئېلىپ كېلىدىغان بۈيۈك ئىسلاھات بولۇشىنىڭ لازىملىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ يولنىڭ ياخشى — يامان بولۇشى مۇشۇ زېمىندا ياشاۋاتقان مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ ھايات يولى ۋە ئىجتىمائىي تىنىڭ ياخشى — يامان بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، پۈتكۈل خەلقئارالىق مۇھىتقىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي بار ۋەتىنىمىزدە پۈتمەس — تۈگىمەس ئازاب — ئوقۇبەت ۋە مالىمانچىلىقنى بېشىدىن كۆچۈرگەن خەلقنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشى، بەختلىك، باياشات ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش — ئاشماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

بىر چاغدا ئېيتىلىپ كىرگەن ئەزىمەت،
ئۇنى دەس كۆتەردى، ئىرغاتتى يىراق.
.................................................

مانا بۇ مىسرالار شائىرنىڭ يەر يۈزىدىكى ئىپلاسلىقنىڭ «ئەزىمەت» بوران بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلانسا دېگەن ئارزۇسىنىڭ روشەن ئىپادىسى. شائىر بۇ يەردە ھېسسىياتىنى باتۇرلۇق ھەم قەيسەرلىكنىڭ سىمۋولى بولغان «ئەزىمەت» كە سىمۋوللاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، شائىر بۇ شېئىرى بىلەن كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىقنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن.

شائىرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان بۇ لىرىكىلار دراماتىك قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ، جەمئىي ئون يەتتە پارچىدىن تەشكىل تاپقان. گەرچە ھەر بىر پارچىدا ئۆزگىچە ئوبراز ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، ھېسسىيات قۇرۇلمىسى جەھەتتىن گارمونىك باغلىنىشقا ئىگە قىلىنىپ، سەكرەتمە ئوبرازلار بىلەن بىر — بىرىگە ناھايىتى يىراق بولغان تارىخ بىلەن رېئاللىقنى گىرەلەشتۈرۈپ، بىر پۈتۈن ئاجرالماس مەزمۇن بىر لىكىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئومۇمەن، شائىر مىرزاھىد كېرىمىنىڭ «شامماللار غۇرۇلداپ سوقىدۇن، توختىما» سەرلەۋھىلىك لىرىكىلىرى ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، پىكرىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، رېئاللىق قىممىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن بىزگە ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىدۇ.

تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن

# يەتتە ـ سەككىز ياش چاغلىرىمدا

( ھېكايە )

يەتتە ـ سەككىز ياش چاغلىرىمدا قىشتا شەھەردىكى ئۆيىمىزدە تۇراتتۇق، ماڭا يازلىق تەتىل بولغان ھامان بەشكېرەمدىكى ئۆيىمىزگە چىقىپ كېتەتتۇق. بەشكېرەم باغلىق يېزا بولۇپ، جېنى بار ئادەمنىڭ كەم دېگەندە بىرەر بېغى بولاتتى. بىزنىڭدۇ ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ئوتتۇراھال بىر بېغىمىز بار ئىدى، باغدا ئۆرۈك، گىلاس، شاپتۇل، توغاچ قاتارلىق مېۋىلەر بار ئىدى. دادامنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئىمىن تاغامنىڭ قۇملۇقتىكى توغاچلىق بېغىغا، ھاشەم ھاممامنىڭ كۆلچەك بېشىدىكى ئۆرۈكلۈك بېغىغا ۋە توغاچلىق بېغىغا، ھەجەر ھاممامنىڭ تۈگمەن بېشىدىكى توغاچلىق باغلىرىغا خالىغانچە خوجا ـ يىنلىق قىلاتتىم. چۈنكى مەن بىر يىلدا بىر قېتىم چىقىدىغان شەھەرلىك ئەتىۋارلىق مېھمان ئىدىم ـ دە، باغ ساقلايمىز دەپ ئاداشلىرىمنى باشلاپ كىرىپ باغنى ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلاتتۇق. چوڭ دادامlارنىڭ بېغى جەننەتتەك چىرايلىق ئىدى، بۇ ياقتا ئۈزۈم بارىڭى، باراڭنىڭ ئارقىسى تىللاگۈل، مىيىزگۈل، ئالمۇتاگۈل، رەيھانگۈل قاتارلىق گۈللەر بىلەن ئورالغان گۈلزارلىق ئىدى. خەلچىخان چوڭ ئانام گۈلخۇمار بولسا كېرەك، بېغىغا ھەر يىلى گۈل تېرىيتتى، ھەر يىلى پەقەت ئەشۇ بىر نەچچە خىل گۈللەرنىلا تېرىيتتى. ئۇ ئىگىدىن باشقا تۇغقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردىن ـ ئىككىدىن بېغى بولۇپ، مېۋە ـ چېۋىلەر ناھايىتى ئىسراپ ئىدى.

ئۇ چاغلاردا مەن شوخ قىز بولسام كېرەك، دۆڭدىكى مەمەت تاغامنىڭ قىزى خەيرۇن، تۇخاچا مىنىڭ قىزى گۈلنىسا بىلەن ۋە يەنە باشقا قىزلار بىلەن باغدىن ـ باغقا يۈگرەپ، كىرمىگەن باغ، چىقمىغان دۆڭمىز قالمايتتى. بالا دېگەن شۇنداق بولىدىكەندە. نېمىشقىدۇر ئۆزىمىزنىڭ بېغىمىزدىكى توغاچلاردىن باشقىلارنىڭ بېغىدىكىسى قىزىلراقتەك، ئۆزىمىزنىڭ بېغىدىكى گىلاستىن باشقىلارنىڭ تاتلىقراقتەك تۇيۇلاتتىمكىن، ئوغۇل ـ قىز بولۇپ بىر توپ بالا تازا چىڭقى چۈشتە، باغ ساقلىغانلار كېتىپ ئۆيىدە چۈشلۈك ئۇيقۇسىغا كەتكەن چاغلاردا، باغدىن ـ باغقا كىرەتتۇق. بىرەر يېرىم ئېتەك نەرسە يۇتىۋالساقۇ كارى چاغلىق ئىدى، ئۇنى ئۈزۈپ، بۇنى يۇتاپ، پىششىقىنى يەپ، تۈگىنى تاشلاپ رەسۋا قىلاتتۇق. باغ ئىگىلىرى كەلدى دېگۈچە قاچاتتۇق. بىر كۈنى بىزنىڭ باغدا بىر توپ قىز بالا ئۆرۈكنىڭ ياپرىقىغا ئوسما سىقىپ قويۇۋاتساق مەمەت



تاغامنىڭ قىزى خەيرۇن كىرىپ كەلدى، ئۇ سىمىز، دوغىلاققىنا، غەمسىزگىنە قىز ئىدى، ئۇ: «ۋاي باللا، رۇسۇل چوڭنىڭ بېغىدىكى گىلاسلار پىشىپ كېتىپتۇ، تازا تېرىپ كەلمەمدۇق» دەپ قالدى. بىزنىڭ باغدىكى گىلاسلارنى ئەتىگەندىن بېرى پۇتاپ بولغان بولغاچقا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قويۇۋاتقان ئۇسسىمىزنى تاشلاپ يۈگەردۇق، رۇسۇل چوڭلارنىڭ بېغى بىلەن بىزنىڭ ۋە تاغامنىڭ بېغىنى بىر كىچىك ئېرىق ۋە چىغىر يول ئايرىپ تۇراتتى، بىز ئۆزىمىزنىڭ بېغىدىن ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ بېغىنىڭ تېمىغا ياماشتۇق، پۇتا يېدىغاننى پۇتاپ، تاشلايدىغاننى تاشلاپ ئىلگىرى-كېيىن قالايمىقان قىلدۇق. بىر چاغدا بالىلاردىن بىرسى: «ۋاي، ئىگىسى كەلدى» دەپ ۋارقىرىغان پېتى قاچتى. يېزىدا دائىم تۇرغان بالىلار چاققان ئىدى، ئۇلار مايمۇندەك ئەپچىللىك بىلەن شاخلارغا يامىشىپ تامدىن ئېشىپ چىقىپ كېتىشتى، مەن شەھەردە ئۆسكەچكە دەرەخ، تاملارغا يامىشىشتا يەنىلا دوستلىرىمنىڭ ياردىمىگە — پۇتۇمدىن يۆلەپ قويۇشىغا موھتاج ئىدىم. شۇڭا ھەر قانچە قىلىپمۇ دەرەخكە يامىشالمىدىم، قورققىنىمدىن پۇتلىرىم كالۋالىشىپ بىر قەدەممۇ ئالالمىدىم ۋە تامنىڭ تۈۋىدىكى بۆك دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ قالدىم، باغنىڭ ئىگىسى مەرەمنىساخان كېلىشكەن ياش چوكان بولۇپ، ئۇستىدە چوغدەك تاۋار كۆينەك، مايسىرەك تاۋار ئىشتان بولۇپ، كىيىم-كېچەكلىرى قامىتىگە يارىشىپ تۇراتتى، باي ئادەمنىڭ قىزى بولۇشىغا قارىماي مۈرىسىدىن كەتمەن ئاجرىمايتتى، چېكە چېچىغا دائىم قىزىل گۈل قىسىپ ئالاتتى ۋە چوكان تۇرۇقلۇق چېچىنى بىر قۇچاق قىلىپ ئۇششاق ئۆرگۈزۈپ ئالاتتى. ئۇ بىز ۋەيران قىلغان گىلاس دەرەخلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ «خەپ شۇملار، قولۇمغا چۈشەرسىلەر، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەتمىسەم» دەپ غۇدۇڭشىدى، مېنى كۆرمىدى ئەتىمالىم كېتىپ قالدى، بىر چاغدا تامدىن خەيرۇننىڭ بېشى كۆرۈندى، ئۇ، ماڭا قولىنى ئۇزىتىپ مېنىڭ تامدىن چىقىشىمغا ياردەملەشتى. لېكىن مەن بايا قانداق چۈشۈۋىدىمكىن، ئەمدى ھەر قانچە تىرمىشىپمۇ تامغا چىقالمىدىم. خەيرۇن مېنىڭ سۆڭگۈچتىن چىقىشىمنى ئېيتتى. بىراق مەن قورققىنىمدىن سۆڭگۈچنىڭ نەدىلىكىنى ئېسىمگە ئالالمىدىم، ئۇ باغنىڭ بىر بۇلۇڭىنى كۆرسىتىپ قويدى، مەن سۆڭگۈچنىڭ نەدىلىكىنى كۆردۈم-دە، ئېڭىشىپ سۆڭگۈچتىن چىقىپ كەتتىم.

كەچقۇرۇن ھويلىمىزدىكى باراڭ ئاستىدا تاماق يەپ ئولتۇراتتۇق، يىراقتىن مەرەمنىساخاننىڭ ناخشىسى ئاڭلاندى، بىردەمدە بىر قولىدا سېۋەت، دولىسىدا كەتمەن سېلىپ ئۆزىمۇ كۆرۈندى. ئۇنى كۆرۈپ بەدەر قاچتىم-دە، ئۆيگە كىرىپ مۆكۈۋالدىم. ئۇ ئانام بىلەن سالاملاشتى ۋە گەپ ئارىسىدا «سىڭلىمنىڭ قىزلىرى ئەدەبلىك ئوبدان بالا بولۇپتۇ، شەھەردە ئۆسكەن، بولۇپمۇ مەكتەپتە ئوقۇغان بالا دېگەن شۇنداق ئوبدان بولىدىكەن، ماۋۇ گىلاسنى قىزلىرىغا بېرىپ قويسىلا» دەپ بىر دوپپا گىلاس ئۇزاتتى. ئۇنىڭ باياقى باغقا چۈشكىنىمنى كۆرگەن-كۆرمىگەنلىكىنى بىلەلمىدىم، لېكىن «ئەدەبلىك بالا بوپتۇ» دېگىنىدىن ناھايىتى ئىزا تارتىپ كەتتىم. ئويلىسام ھازىرغىچە ئىزا تارتىمەن. چۈنكى ئۆزۈمنىڭ چۈشتىن بۇرۇن قانداق ئەدەبلىك بالا بولغىنىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى-دە. شۇنىڭدىن كېيىن ئاداشلىرىمنىڭ قىچقىرغانلىرىغىمۇ ئۇنىماي باغ سەيلىسىگە بارمىدىم.

1986 - يىل

**ئابلىمىت قۇربان ( ساباھى )**

# شېئىرلار



يىللاردىن بۇيان، بالىلار ئەدەبىياتى ساھەسىدە ئۆزىنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە روھىي ئوزۇق بېغىشلايدىغان ئىخچام، چۈچۈك ھېكايە ۋە شېئىرلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلۇپ كېلىۋاتقان شائىر ئابلىمىت قۇربان ( ساباھى ) 1945 - يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ يېڭى مەھەللە يېزىسىدىكى قۇدۇقلۇق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، ھازىر «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلمەكتە.

شائىر ئابلىمىت قۇربان ( ساباھى ) 1961 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «بوستان بولدى چۆللۈكلەر» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئۆزىنىڭ 300 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، شېئىر ۋە ماقالىلىرىنى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى؛ 1986 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇنىڭ بالىلارغا ئائىت «خۇشناۋازلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى (زۇنۇن ئېلى بىلەن بىرلىكتە)؛ 1989 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى بالىلارغا ئائىت «ھورۇنجان بىلەن تىرىشچان» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنى ( ئادىل ئابدۇراخمان بىلەن بىللە ) نەشر قىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا، شائىرنىڭ بىر تۈركۈم شېئىر، ھېكايە، ماقالىلىرى «ئەيىب كىمدە»، «تۆگە بىلەن ئۆشكە»، « ئۈمىد چېچەكلىرى»، « يۈز ھېكايە »... قاتارلىق بىرلەشمە توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. شائىر يەنە «مۇھەببەت كۈيلىرى » ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا؛ « ساباھ ئىماملىرى » ناملىق ھېكايە ۋە شېئىرلار توپلىمىنى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا يوللىدى.

شائىر ئابلىمىت قۇربان ( ساباھى ) ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## نۇر چاچقۇسى « قۇتادغۇبىلىك »

ئالىم، شائىر، پەيلاسوپ،
بۇۋىمىز - مەرھۇم يۇسۇپ؛
نەزمە پۈتەي شەنىگە،
ھۆرمىتىمنى بىلدۈرۈپ.

ئونبىرىنچى ئەسىردە،
ئۆتتۈڭ چاقناپ چولپاندەك.
كۆيدۈڭ ئەلنىڭ ئىشقىدا،
ئۆچمەس لاۋا - گۈلخاندەك.

ئەجىر قىلىپ بىر ئۆمۈر،
«تاش» ئۈستىگە «گۈل» ئۈيدۈڭ.
پاراستىڭ - ئەقلىڭدىن،
ئەل بەختىگە ھۇل قويدۇڭ.

كۈلۈمسىرەپ يۇمدۇڭ كۆز،
شانلىق مىراس قالدۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com



بىز ئەۋلادلار يولىغا،
نۇرلۇق مەشئەل ياندۇرۇپ.

نامى ئەشۇ مىراسنىڭ،
مەشھۇر «قۇتادغۇبىلىك».
قىممەت ـ قەدرى ئالەمچە،
دەستۇر «قۇتادغۇبىلىك».

ئەشۇ دەستۇر تونۇتار،
بىزگە ياخشى ـ ياماننى.
ئايرىشتا ھەق مىزان ئۇ،
«بۇغداي» بىلەن «سامان» نى.

مىللىتىمىز داڭقىنى،
جاھانغا ئۇ تاراتقان.
يەتتە ئىقلىم ئەھلىنى،
ھۆرمەت بىلەن قاراتقان.

دېمەك، بىزگە شۇ مىراس،
پۈتمەس بەخت بولىقى:
يۈسۈپ بوۋا، شۇ سەۋەب،
سەن ئۇلۇغلار ئۇلۇغى.

## قەبرەڭ بىزگە تاۋابگاھ

(مەرھۇم يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ يېڭىباشتىن ياسالغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

زامان ئالىم، ئىلىمسىز—
قۇت ئاتمايدۇ، كۈلمەيدۇ.
دەيمىز شۇڭا جاراڭلىق:
«ئالىم مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ!»

يۈسۈپ بوۋا، شۇ سەۋەب،
ياشىدىڭ ئەل قەلبىدە.
خۇشپۇراقلىق ئەتىرگۈل،
ياشىنىغانىدەك بەرگىدە.

قەدىم شەھەر — قەشقەردە،
قەد كۆتۈرۈپ مەقبەرەڭ؛
تاۋاب قىلغان خەلقىمىز،
گۈللەپ سېنى رەڭگا ـ رەڭ...

ئەپسۇس، ئەلدە بىر مەھەل،
قۇتراپ مۇدھىش شۇم بوران؛
ئىبلىس قولدا مەرىپەت،
چەيلىنىپ بولدى خازان.

پىلىكىنى قوغۇنىنىڭ،
قۇرۇتقانىدەك شۇمبۇيا؛
ئۆچلەشكەنىدەك باھارغا،
زىمىستان قىش ـ جۇت گويا؛

چىقتى ناكەس تەلۋىلەر،
مەرىپەتكە تىغ سىلىپ.
ئالىم، ئەدىب، شائىرنى...
كۆزلىرىگە «مىخ» بىلىپ.

ۋەيران قىلدى قەبرەڭنى،
قارا قوللار تىلغىنىشىپ.
ئىلىم، ئالىم سۆيەرلەر،
چەكتى پىغان، يىغلىشىپ...

بەردى بۈگۈن كەڭ زامان،
مەرىپەتكە پەر ـ قانات.
ئەھلى ئىلىم ـ ئالىملار،
تاپتى يېڭى ھۆر ھايات.

قەبرىگاھىڭ قايتىدىن،
قەد كۆتەردى مۇناردەك.
دىل تۆرىدىن ئالدىڭ جاي،
كۆركەم، مەزمۇت چىنارەك.

قارىساق كۆز قامىشار،
قەبرىگا ھېتىن، نەقىشتىن.
بىزلا ئەمەس، يەر ـ جاھان،
خۇشاللاندى بۇ ئىشتىن.

قەبرىگاھىڭ ئەي بوۋا،
بىزگە دائىم تاۋابگاھ.
ئۆگىنىمىز روھىڭدىن،
قىلىپ ئىجاد ـ ئىختىرا.

## كۆڭۈل بۆلگىن، ماڭىمۇ

قەدىردانىم جان دادا،
غەمگۇزارىم جان دادا.
ۋۇجۇدۇمنىڭ مەنبەئى،
تومۇرۇمدا قان، دادا.

ساۋاقدىشىم — تەڭتۇشۇم،
تەلئەتجاننىڭ دادىسى؛
دەپ بىلىدۇ ئوغلىنى،
يۈرىكىنىڭ پارىسى.

سۈرۈشتۈرۈپ تەلئەتتىن،
دەرسلەرنى داۋاملىق.
مەمنۇنلۇقتا جاۋابتىن،
بولغىن، دەيدۇ ياراملىق.

يەكشەنبىدە باغچىدا،
تەلئەتنى ئۇ ئوينىتار.
«راكىتا» دا ئۇچقۇزۇپ،
خۇشال قىلار، يايرىتار،

ئەمما، دادا، ئەركىلەپ
ئوينىماي دېسەم سەن بىلەن.
نە سەۋەبكىن، بىلمىدىم،
كارىڭ يوقتۇر مەن بىلەن.

ھەر ئاخشام تۈن تەڭگىچە،
قارتا، شاخمات ئوينايسەن.
يەكشەنبىدە، شەنبىدە،
«ئولتۇرۇش» قا تويمايسەن.

ساۋاقىمنى ھەپتە ـ ئاي،
سوراپ باقاي دېمەيسەن.
سەبىي دىلغا مېھرىڭدىن
مەشئەل ياقاي دېمەيسەن.

ئوينىتىشتىن باغچىدا،
بولمايدۇ گەپ ئاچقىلى،
پۈرسەت تاپساڭ كۆزۈڭ تۆت،
ئۆيدىن دەرھال قاچقىلى.

ئىلتىماسىم: جان دادا،
كۆڭۈل بۆلگىن ماڭىمۇ.
ياپراپ ـ كۈلۈپ مېھرىڭدىن،
كۈچكە تولاي يەنىمۇ.

## ئوماق ئۆكام كۈلگىنە

ئوماق ئۆكام كۈلگىنە،
قۇچىقىمغا كەلگىنە.
ئەللەي ئېيتەي ئانامدەك،
ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلگىنە.

باقسام، ئانام تەر ـ ئەجرى،
ئۇچقۇنلايدۇ كۆزۈڭدىن.
ھارارىتى ئاق سۈتنىڭ،
تەپچىرەيدۇ يۈزۈڭدىن.

سەن، مەن ئۇچۇن كۈنبويى
كۆيۈپ ـ پىشتى ئانىجان.
چۈشىنەمسەن، بىلەمسەن،
ئانا شۇنداق قەدىردان.

كىرسەڭ ماموق بۆشۈككە،
سۈت ـ تائامغا تويۇنۇپ؛
تەلپۈنسەن، كۈلكەڭدىن
مەن كېتىمەن سۆيۈنۈپ.

بۆشۈكۈڭنى تەۋرىتەي،
ئۇخلىۋالغىن، جان ئۆكام.
ئانام ھازىر يۇمدى كۆز،
چىللىمىغىن، خان ئۆكام.

ئويغانغاندا كۆتۈرۈپ،
سېنى ئوبدان باقىمەن.
بۇدرۇق، يۇمران يۈزۈڭگە
لەۋلىرىمنى ياقىمەن.

ئابلىكىم روزى

# شېئىرلار

شائىر ئابلىكىم روزى 1946 - يىلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا مائارىپچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1953 - يىلدىن 1957 - يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1957 - يىلدىن 1963-يىلىغىچە قەشقەر سەئەن مەكتىپىدە ئوقۇغان، 1975 - يىلىغىچە يەكەن ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1975 - يىلدىن 1980 - يىلىغىچە قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىدا تەشۋىقات خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 - يىلدىن بۇيان، «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىدا مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئابلىكىم روزى 1962 - يىلدىن باشلاپ، شېئىرىيەت سېپىگە كەلگەن. ئۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئائىلىۋى ۋاقتى ۋە زېھنىي كۈچىنى بالىلار ئۈچۈن كۆپلەپ ئەسەرلەرنى يارىتىشقا سەرپ قىلدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ 250 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ۋە شېئىرلاشتۇرۇلغان بالىلار ئويۇنلىرى گېزىت- ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

«سەككىز دوستنىڭ سۆھبىتى»، «كىم نېمىنى دورايدۇ»، «بىز شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەردە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1984 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «قالغاچ» (مۇھەممەت سىدىق تۆمۈرى بىلەن بىللە) ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى، 1987 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «ئۈمىد غۇنچىلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى، 1988 - يىلى ئۇنىڭ بىر قىسىم بالىلار شېئىرلىرى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شېكەرىستاندىكى ناخشا» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى.

ئابلىكىم روزى ھازىر جۇڭگو ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.



## ئاكا - ئۇكا

ئاكا - ئۇكا بىر كۈنى،
قالدى قاتتىق ئۇرۇشۇپ.
بىر - بىرىگە تىل سالدى،
ھەتتا ياقا تۇتۇشۇپ.

لېكىن، ئۇلار كەچقۇرۇن
ئۇخلىدى بىر يوتقاندا.
ئۇرۇشقاننى ئۇنتىدى،
ئەتىگىنى تۇرغاندا.

چۈنكى ئۇلار ھېچقاچان،
ئاداۋەتنى بىلمەيدۇ.
ئىنائ قىلمىقى تۇغقاننىڭ،
كىچىكىدە كۈلمەيدۇ.

## رەھمەت خېتى يازمەن

دادا، ماڭا پۇل بەرگىن،
دېدى ئوغلى نۇر سېيىت،
ئالاي دەيمەن شۇ پۇلغا،
ماركا بىلەن كونۋېرت.

سورىغانىدى دادىسى:
« سەن كىمگە خەت سالماقچى؟
ئېيتقىنا ، شۇ خېتىڭگە،
نېمىلەرنى يازماقچى؟ »

ئوغلى دېدى : « يۇرىكىم،
تولدى چەكسىز ئىلھامغا .
رەھمەت خېتى يازىمەن،
كومپوز ىتور تاغامغا .

بىزگە نۇرغۇن ناخشىنى،
ئىجاد قىلىپ بەردى ئۇ.
بالىلارنىڭ ئىشىغا ،
قىزغىن كۆڭۈل بۆلدى ئۇ ».

## ئوخشىتىش

چاقماق چېقىپ كەينىدىن ،
يامغۇر دەھشەت قۇيۇلدى .
بۇ ، بالىغا ئاسمانىنىڭ،
يىغلىشىدەك تۇيۇلدى .

## ئاداش دېمەيمەن

بولساڭ ئەدەبسىز ،
تەرتىپسىز - كەپسىز ؛
مەن سېنى ھەرگىز ،
ئاداش دېمەيمەن .

دەرسنى بىلمىسەڭ،
يالغان سۆزلىسەڭ؛
ئەمگەك سۆيمىسەڭ،
ئاداش دېمەيمەن .

بولمىساڭ ئىشچان ،
ئىناق ، مېھرىبان ؛
سېنى ھېچقاچان،
ئاداش دېمەيمەن .

## ئانا مەكتەپ چىرايلىق

مەرىپەتنىڭ ئوچىقى،
ئەقلىمىزنىڭ بۇلىقى،
كۆڭلىمىزنىڭ چىرىقى،
ئانا مەكتەپ چىرايلىق .

مۇئەللىمەر گۈل چىراي،
ساۋاقداشلار تولۇن ئاي؛
خاسىيەتلىك، ئېزىز جاي،
ئانا مەكتەپ چىرايلىق.

بىزنى ساغلام ئۆستۈرگەن،
قەلبىمىزنى كۈلدۈرگەن،
كۆپلەپ ئەجىر سىڭدۈرگەن،
ئانا مەكتەپ چىرايلىق .

## قەدىرلىكسەن مۇئەللىم

قەدىرلىكسەن مۇئەللىم،
سۆيۈملۈكسەن، مۇئەللىم .
بىزگە ئاتا - ئانىدەك،
كۆيۈملۈكسەن، مۇئەللىم .

سېنىڭ بىلەن ئېچىلغان ،
گۈل غۇنچە بىز، چېچەك بىز .
ئۆگىنىشتە تىرىشچان ،
ئاقكۆڭۈل بىز، زېرەك بىز .

ئەي، مۇئەللىم مېھرىبان،
يۇرىكىمىز ياشنايدۇ .
جاپالىق، مول ئەمگىكىڭ،
بىزنى ئالغا باشلايدۇ .

www.uyghurkitap.com

ئۆمەر ئوسمان

# شېئىرلار

## شۇنداق بىر باشلىق

(ساتىرا)

مۇخبىر لىققا كەلدىم، قولدا ئاپپارات — سومكام،
ياخشى-يامان ئىشلار مېنىڭ تەكشۈرۈش نۇقتام.
ئىدارىلار ئارىلىدىم، كۆردۈم بىر باشلىق،
(قول ئاستىدا يەتمىش ئىشچى-كادىر قاراشلىق).
ئىستىكىم شۇ بىلمەك ئىدى، ئۇنىڭ ئەسلىنى،
ئىلىم — بىلىم قورساقتىكى بىگىسى — ۋەسلىنى.
كەچ كۈرسىدا چىقىپتۇ خەت- ساۋادى ئاران،
ئەشۇ زاتنىڭ نام-ئەھۋالى بولغىنىدۇر ئايان.
زاغرا نانىدەك گەپ — سۆزلىرى
قولاشماس ئەسلا،
مەجلىسلەردە قول كۆتۈرەر «قوشۇلدۇم» دەپلا.
ئىدارىدا نوپۇزى «چوڭ» ئۇنىڭ گېپى — گەپ،
نەپ ئالمىسا ئۆز كۆڭلىدە دەيدۇ:
سېنى خەپ؟!...
خۇشامەت قىلىپ كىمكى ئاڭا ئەگمىسە بويۇن،
دەيدۇ: بوشات ئىدارىنى، تېپىۋال ئورۇن؟
ياخشىچاقلار كۆڭلىدىكى يارامىلىق يىگىت،
مېجەزىگە ياقمىغانغا قويىدۇ چېكىت.
قاپاق تۈرۈپ ھۆكىرەيدۇ تېخى قاۋاندەك،
پۇرسەت كۈتۈپ، چېقىۋالار سېرىقچا ياندەك.
بەزى چاغدا كۆرۈنۈشتە سىپايى — سىلىق،
خىزمەتچىلەر دەيدۇ: قولدىن
ئىش كەلمەس مېجىق.
ئىشخانىغا كىرسە دەردمەن ھال-ئەھۋال تۆكۈپ،
«ئويلىشايلى» دەيدۇ، چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ.
ھەپتە ئۆتۈپ جاۋابى يوق،
ماقۇل ياكى ياق،
ئىلتىماس شۇ بويىچە قالار يەنە ئاق.
ئەزمە باشلىق ئىش كۆرىدۇ شامالغا قاراپ،
ئۇنى «باشلىق» سايلىغاندۇر كىملەرگە ياراپ؟
بۇ توغرۇلۇق جەمئىيەتتە غۇلغۇلا تولا،
ئىسلاھاتنىڭ توسالغۇسى ئەمەسمۇ شۇلار.
ئىشىنىمەن:
دەۋرانىمىز باھاردەك ياشنار،
ئىسلاھات شۇ ئەزمىلەرنى ئىرغىتىپ تاشلار.

## بۇلبۇل ۋە قۇزغۇن

(مەسەل)

گۈلگە تولغان گۈلىستان باغنى،
چاڭ كەلتۈرۈپ بۇلبۇل سايرىدى.
ئاڭلىغانىدا شوخ ئاۋازىنى،
ھاياتلىقنىڭ كۆڭلى يايرىدى.

كۆكتە تورغاي، دالىدا كەكلىك،
جۆر بولۇپ شاد چۈشتى ئۇسۇلغا.



ئىچ تارلىقى كېلىپ قۇزغۇنىنىڭ،
ھەسەت بىلەن دېدى بۇلبۇلغا:

«ناخشىنىڭ ھە، نەرى يېقىملىق؟»
دېدى بىردىن ئوغىسى قايناپ.
قالىغاچ دېدى: «ئەزمىلىك قىلىپ،
ۋالاقلىما تىلىڭنى چايناپ.»

تورغاي دېدى: «سايراپ باقىنا،
ئاۋازىڭنى ئاڭلايلى جاناب.»
قاقىلدىدى قۇزغۇن بىر ھازا،
زېمىستانىنى يەتكىچە ماختاپ.

«بولدى توختات سايرىمىغىن بەس!»
دېدى كەكلىك غەزىپى ئۆرلەپ.
قەلبى لەختە بولدى قارا قان،
قۇزغۇن راسا ئەدىبىنى يەپ.

× ×

ئارىمىزدا شۇندا قلارمۇ بار،
قۇزغۇن كەبى كۆرەڭلەيدىغان.
دىلى زەھەر،
كۆڭلى ــ كۆكسى تار،
ياخشىلارنى كۆرەلمەيدىغان.

## تاماق يەمدۇ پاراڭمۇ؟

(ساتىرا)

ئاشخانىغا كىرسەم لىق پاراڭ،
قىز ـ يىگىتنىڭ تويى بولغانىدەك.
ۋارقىراشتىن بولدۇم مەڭگاراڭ،
بېشىمغا تاش ـ بولقا ئۇرغانىدەك.

قوش ئۇنئالغۇ جاراڭلار ھەيۋەت
ۋارقىراشلار تېخى ئاز كېلىپ.
ئاشپەز يىگىت ئۇسسۇلغا چۈشكەن.
كەڭرى سەينا شۇنچە تار كېلىپ.

سورۇندا مەس«ئەزىمەت»لەرنىڭ.
يىقىلىپتۇ تەڭدىن تولىسى.
خېرىدارغا كۇتۇچىلەرنىڭ،
قاراشقىمۇ يوقكەن چولىسى.

ۋاقىت ئۆتتى تاماقنى كۇتۇپ،
كەتمەك بولدۇم، بۇ يەردىن چىقىپ.
«نېمە يەيلا؟»

سوردى شۇ چاغ،
بىر كۇتكۇچى ئالدىمغا كېلىپ.

نەزەر سالسام ئىشىك ئۇستىگە،
«ئاشخانا» دەپ، خەتمۇ يېزىپتۇ.
بىراق بۇ جاي بولغاچ مەيخانا،
خېرىدارى بۇندىن تېزىپتۇ.

ئاشخانىنىڭ ئاشپەز ـ تاڭجىگى،
ئېيتىڭ قېنى، ئوكمۇ ساراڭمۇ؟
ئاشخانىغا كىرگەن خېرىدار،
تاماق يەمدۇ ياكى پاراڭمۇ؟!

يۇسۇپجان تۇرسۇن

# جەرىمانە

(ھېكايە)

ئىشىكنىڭ قاتتىق، ئەنسىز قېقىلىشىدىن چۆچۈپ ئويغانغان سەمەت جىڭلى، ئىزلەڭگۈلۈك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، يېرىم ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى. ئېغىزىنى كالامدەك ئېچىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئاۋازلىق ئەسنىدى، رېرىنكىدەك سوزۇلۇپ كېرىلدى. مەڭدىگەندەك ئەتراپىغا ئالاڭلاپ قارىدى. ئۆي ئىچى يوپيورۇق، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمىشى يوق ئىدى. بالىلىرى ئالمىقاچان مەكتەپكە، ئايالىمۇ خىزمەتكە كەتكەن، ئۆيدە پەقەت ئۆزى يالغۇز قالغانىدى.

«مېنى ئويغىتىپ قويمىغىنىنى قارا، — دەپ غۇدۇرىدى ئۇ كۆڭلىدە ئايالىدىن رەنجىپ، — شۇنداق بولۇمسىز خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتۇپ كەلگەن مەنمۇ ئەخمەق، ئۇنى باشتىلا قويۇۋەتمىگەن گۇناھ ئۆزۈمدە. خەپ سېنى...!»

ئىشىك يەنە قېقىلدى، سەمەت جىڭلى ئالدىراپ ئىشتىنىنى كىيىۋاتقاندا دەلدۈگىنىپ كەتتى-دە، كارىۋاتتىن پەسكە پۇر كۆتەكتەك يىقىلىپ چۈشتى. تۈنۈگۈن تەڭ كېچىگىچە ئىچكەن ھاراقنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ بېشى ئېغىر، كاللىسى گاراڭ، ئۆزى خامۇش ئىدى. قۇلىقى تېخىچە غوڭۇلداپ تۇراتتى. سەمەت جىڭلى يەردە بىر دەم ۋاي-ۋايلاپ، بىر پۇتىدا پەي-پەي ئېتىپ يۈرۈپ ئىشتىنىنىڭ بىر پاچىقىنى كىيىۋالدى. بۇ چاغدا ئىشىك تېخىمۇ كۈچەپ قېقىلغىلى تۇردى.

سەمەت جىڭلىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، ئىشىك قاققۇچىنى ئىچىدە مىڭنى تىللىدى. ئارقىدىن نېمىنىدۇ ئېسىگە ئالغاندەك بىردىنلا جىددىلەشتى. ئۇ، يوتقان-كۆرپىلەرنى يىغىۋېتىشنى، ھەتتا يۈز-كۆزلىرىنىمۇ يۇيۇشنى ئۇنتۇپ، مايكىچان ھالدا ساپما كەشىنىڭ سوڭىغا دەسسەپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا تىت-تىت بولۇپ تۇرغان شىركەتنىڭ تازىلىق ئىشچىسى مەسۇم ياۋاشنى كۆرۈپ، سەمەت جىڭلىنىڭ ياپما قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، چاغال كۆزلىرى چەكچەيدى:

— ھە نېمە گەپ؟

مەسۇم ياۋاش ئادىتى بويىچە سەمەت جىڭلىغا ئېگىلىپ تازىم قىلدى، ئاندىن ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

— جىڭلى، بولسىلا، چاققان ماڭسىلا؛ باشلىقلار ئۆزلىرىنى ساقلاپ قالدى.

— قايسى باشلىق؟ — سەمەت جىڭلى ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي سورىدى.

— توختى شە... شەنجاڭ.

مەسۇم ياۋاش تىلىغا ئالغان ئۇ كىشى — ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئىدى.



— ئۇقتۇڭمۇ؟ تۇختى ھاكىم نېمىشقا كەپتۇ؟ — سەمەت جىڭلى ھەم ھەيران بولغان ھەم جىددىيلەشكەن ھالدا سورىدى.

— ماڭا ئۆزلىرىنى قىچقىرىپ كەل دېدى؛ تازىلىق تەكشۈرۈشكە كەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، سەمەت جىڭلى دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى. تۈنۈگۈن ئۇ، ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغان، ئۇقتۇرۇشتا ئەتە ناھىيە تەۋەسىدىكى بارلىق ئىدارە-جەمئىيەتلەرنىڭ تازىلىقى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلىدىغانلىقى، تازىلىقتا ياخشى ئورۇنلارنى تەقدىرلەپ، تازىلىقى ناچار ئورۇنلاردىن جەرىمانە ئېلىنىدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى. سەمەت جىڭلى شۇ ھامان شىركەتتىكى پۈتۈن ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئۇقتۇرۇشنىڭ روھىنى يەتكۈزگەن، ئەتە تازىلىقنى ياخشى قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان، ئەمما، ئۆزى...

سەمەت جىڭلى بۇ ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلىدى، تۇمشۇقى بوغۇپ قويغان كالىدەك ئېغىر پۇشۇلدىدى:

— تازىلىق تەكشۈرۈشكە تۇختى ھاكىممۇ كەپتۇ، دېگىن، — سەمەت جىڭلى قويۇق قاشلىرىنى ھىمىرىپ بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن سورىدى، — ئۇلار كەلگىچە تازىلىق قىلىپ بولغان بولغىيتىڭ ھەقچان؟!

— قىلىپ بولغان، مەيدان، كارىدور، ھاجەتخانىلارمۇ قالمىغان.

— ياخشى، — سەمەت جىڭلى ئۈستىدىن ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك يەڭگىللەپ قالدى، — ماڭ يۈگۈر، ھاكىمغا مېنى ھازىرلا كېلىمدۇ، ياق، كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ دېگىن.

ئۇ، مەسئۇم ياۋاشنى ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۆيگە كىردى-دە، ئالدىراش كىيىنىپ، يۈيۈنۈپ ئىشىكتىن چىقتى. سائەتكە قارىدى، سائەت 10 غا چارەك ۋاقىت قالغانىدى. سەمەت جىڭلى ئالاقزادىلىك، ۋەھىمە ئىچىدە ئىشخانىغا يالپاسلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ، بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ، بېشىغا «پاققىدە» بىرنى ئۇرۇپ، چىرايىدا توختاپ قالدى. ئاخشام بۇ شىركەتنىڭ ئائىلىلىكلەر ياتاق بىنا قۇرۇلۇشىنى كۆتۈرە ئالغان ھېلىقى ھۆددىگەر ھېجىيىپ سەمەت جىڭلىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى، قولىدىكى يوغان قارا سومكا پومپايغان، بىر بۇرجىكىدىن ھاراق بوتۇلكىسى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. سەمەت جىڭلى ئۇنىڭ مەقسىتىنى دەرھال چۈشىنىپ، كۆز ئىشارىتى ئارقىلىق سىرتقا ئېلىپ چىقتى-دە، خوتۇنى بار يەردە ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، بۇنداق ئىشقا ئەڭ مۇۋاپىق جاي ئۆز ئىشخانىسى ئىكەنلىكىنى شىۋىرلاپ ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئىشخانىدا سورۇن تۈزەپ ئولتۇرۇشتى. ھۆددىگەر ئىشخانىدىكى كەتنىر ئۈستىنى كاۋاپ، توخۇ گۆشى، سامسا، ئالىي دەرىجىلىك ھاراق، پىۋا، ئېسىل تاماكا، گازىر، خوۋاسىڭ... لار بىلەن تۇشقۇزۇۋەتتى. ئۇلار تۈن تەڭگىچە قانغىچە يەپ-ئىچىشتى، ياشاشتى. سەمەت جىڭلى كۆپ ئىچىۋەتكەچكە خۇدىنى يوقاتتى، ئۆزىنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئۆيگە قانداق كىرگەنلىكىنى سەزمىگەنىدى...

«ئىم چاتاق بولدى. ئىشخانىنى تازىلىمىغان، ئاخشامقى شۇ پېتى قالغان. بايا نېمىشقىمۇ بۇ ئىش كاللامغا كىرمىگەندۇ؟ مەسئۇمغا تازىلىۋېتىشنى بۇيرۇماپتىمەن، ئۇنتۇپتىمەن. ھەي...» سەمەت جىڭلى ئىزدا تۇرۇپ يۇقىرىقىلارنى ئويلىدى، ئىككىلەندى، تەشۋىشلەندى.

www.uyghurkitap.com



ئۇ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئىشخانا بىناسى ئالدىغا كەلدى. ئەتراپقا خودۇكسىنىپ قارىدى، مەيداندا بىرەر ئادەم كۆرۈنمەيتتى. سەمەت جىڭلىنىڭ كۆڭلى سەل ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى، تازىلىق تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر قايتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى.

ئۇ، بىنا ئىشىكىدىن كىرىپ، ئۆز ئىشخانىسى ئالدىدا توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەرنى كۆرۈپ، يۈرىكى رىتىمسىز سوقۇپ كەتتى، پۇتلىرى كالۋالاشتى.

— ھەرقايسىلىرىنى ساقلىتىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجىيىپ، — سىرتقا خىزمەت بىلەن چىقىپ كېتىپتىمەن. بايا كىرىپ تۇرسام، ھەرقايسىلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ھە... ئاۋۋال مەيداننى تەكشۈرۈشتىن باشلىساق، ئاندىن...

— ھەممە يەرنى تەكشۈرۈپ بولدۇق، — مۇئاۋىن ھاكىم گەپنى ئۈزۈپلا ئېيتتى، — پەقەت سىزنىڭ ئىشخانىڭىزلا قالدى. بولۇڭ، ئىشىكنى ئېچىڭ!

سەمەت جىڭلى تىترەپ تۇرۇپ ئاچقۇچىنى چىقاردى - دە، ئىشىكنى ئاچتى. ئىشخانا ئىچىدىن بۇخسۇپ چىققان بەدبۇي پۇراق ھەممەيلەننىڭ دىمىقىغا گۇپپىدە ئۇرۇلدى.

مۇئاۋىن ھاكىم ئىشخانا ئىچىگە سوغ نەزەردە قاراپ چىققاندىن كېيىن، سەمەت جىڭلىغا «بۇ نېمە ئىش؟» دېگەن مەنىدە تىكىلىپ قارىدى. جىڭلى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، لام-جىم دېمىدى، مۇئاۋىن ھاكىم ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى. باشقىلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك تازىلىق تەكشۈرۈش جەدۋىلىگە نۆل نومۇر قويۇشتى، بۇ گۇرۇپپىغا باش بولۇپ كەلگەن مۇئاۋىن ھاكىم بىرەيلەننىڭ قولىدىن جەدۋەلنى ئېلىپ نۆلنىڭ ئالدىغا بىرنى تارتىپ ئون قىلىپ قويدى. ھەممەيلەن ھاڭ-تاڭ قېلىشىپ ھاكىمغا قاراشتى.

— ۋاھ، قالتىس... قالتىس... — مۇئاۋىن ھاكىم سەمەت جىڭلىغا كىنايە ۋە تەنە ئارىلاش ئېيتتى، — ھەرقاندىغان بولسا، ئون بوتۇلكىنى پاك - پاكىز تازىلاپ بولۇپسىز. قىينالمىغانسىز - ھە؟!

مۇئاۋىن ھاكىم تازىلىق تەكشۈرۈش بەلگىلىمىسى بويىچە، سەمەت جىڭلىنى جازالىدى ۋە گۇرۇپپا ئەزالىرىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

سەمەت جىڭلى قولىدىكى ئىككى يۈز ئەللىك يۈەن جەرىمانە تالونى ۋە ئون نومۇر بېرىلگەن تازىلىق گۇۋاھنامە قەغىزىگە قاراپ، بۇتتەك قېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى...

(بېشى 71 - بەتتە)

**سائەت:**

مەن كىشىلەرگە ۋاقىتنى كۆرسىتىپ بېرەلەيمەن، ئەمما، ۋاقىت يارىتىپ بېرەلمەيمەن. چېكىلداپ مېڭىشىم — كىشىلەر ھاياتىنىڭ قىسقىرىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

يەلپۈگۈچ:

مەن «سوغۇق گەپ» قىلساممۇ، لېكىن، كىشىلەرگە راھەت بېغىشلايمەن.

سەرەڭگە:

مەن يورۇقلۇقنىڭ ئەلچىسى، قاراڭغۇلۇقنىڭ دۈشمىنى. مېنىڭ رولۇم سۈركىلىش ئارقىلىق جارى قىلىنىدۇ.

پىتنە - ئىغۋا:

مەن ھەقىقەتنىڭ نۇرىدا ئېرىپ كېتىدىغان بىردەملىك «قار».

مىخ:

شان - شەرەپنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولى ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن: ماڭا شان-شەرەپ بېشىمدىن كېلىدۇ.

تۇرسۇنگۈل تۇرسۇن

# « پەرىشتە »

( ھېكايە )

ئۆيدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. ھويلىنىڭ ئىشىكى «تاراققىدە» قىلىپ ئېچىلدى. مەن يۈگرەپ ھويلىغا چىقتىم. ئوتتۇرا بويى، دوغىلاققىنە كەلگەن، چار ساقال بىر ناتونۇش ئادەم ھويلىدا ئۇياق - بۇياققا قاراپ تۇراتتى.

— كىمنى ئىزدەيلا؟ - دەپ سورىدىم مەن ئۇ ئادەمدىن.

— خاپا بولمىسىڭىز ئۇكام، تاھارەتكە بىر چەينەك سۇ بەرسىڭىز، جۈمە نامىزىغا تاھارەت ئېلىۋالاي دەپتىم، - دېدى ھېلىقى ئادەم مۇلايىملىق بىلەن. ئانام پۇتىغا ئاياغ كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئۆيدىن يۈگرەپ چىقىپ ئۇ كىشىنى قىزغىنلىق بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى ۋە بىر چەينەك ئىسسىق سۇ بەردى.

— ئانا، سەن ئۇ كىشىنى تونۇمسەن؟- دەپ سورىدىم مەن ئانامدىن ھېلىقى كىشى سىرتقا تاھارەت ئالغىنى چىقىپ كەتكەندە.

— ياق، مەن ئۇ كىشىنى تونۇمايمەن. لېكىن ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن مېھمان. سەن ئادەمگەرچىلىكنى بىلەمسەن؟ مەن سىلىنى تونۇمايمەن دەپ چىقىرىۋەتسەم بولامتى؟ - دېدى ئانام ماڭا ئالىيىپ.

— ياق... ئەمدى، ئۇ كىشىگە بەك قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كەتتىڭ، مەن شۇڭا ئۇ كىشى بىزنىڭ تۇغقىنىمىز ئىكەن دەپتىمەن، - دېدىم قىلغان گېپىمگە خىجىل بولۇپ.

ئانام تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ سۆزلىگىلى تۇردى:

— ناماز ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ ئايىغىغا پايانداز سېلىپ ئۆيگە تەكلىپ قىلىش كېرەك. نامازغا سۇ سوراپ كىرگەن ئۇنداق مۆمىن كىشىگە ئالتۇن چەينەكتە سۇ بەرسىمۇ ئەرزىيدۇ. ساۋاپلىق ئىشنى قانچە كۆپ قىلسا خۇدايىم شۇ ئۆيگە بەرىكەت بېرىدۇ، پەرىشتىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈنلۈكتە پۇتۇن ساۋاپنى مەن ئالدىم. سۇ سوراپ كىرگەن بۇ مېھمان تېخى ئادەم سۈرىتىدە كىرىپ بەندىلەرنىڭ ساۋاپلىق ئىش قىلغان - قىلمىغانلىقىنى كۆزىتىدىغان خېزىر مۇ تېخى؟

ئىككىنچى كۈنى ئۇ كىشى يەنە سۇ سوراپ كېرىدى. ئانام يەنىلا ئالدىنقى كۈندىكىدەكلا مۇئامىلە قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ كىشى «پېشىن نامىزىغا تاھارەت ئېلىۋالاي دەپتىم، جۈمە نامىزىغا تاھارەت ئېلىۋالاي دەپتىم» دەپ سۇ سوراپ كىرىدىغان بولدى. ئانام ئۇ مېھماننى تۇغقانلىرىدىنمۇ بەك ئىززەتلەيدىغان بولۇپ كەتتى...

بىر كۈنى مەكتەپتىن كەلسەم، ئانام «ۋاي ئاللا» دەپ يىغلاپ ئولتۇرىدۇ. ئاكام، ھەدەملەرنىڭ چىرايىمۇ خاپا كۆرۈنىدۇ. ھويلىمىزغا ئادەملەر تولۇپ كېتىپتۇ. ئۆيدە ساقچىلار ئۇيەر - بۇيەرنى رەسىمگە ئېلىۋاتىدۇ. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپلا قالدىم. قوشنىمىز رابىيەخان ئاچام ئانامغا:

www.uyghurkitap.com



— ۋاي سا ئادەتخان، مەن سىلىنىڭ مېھماندارچىلىقىغا كەتكەنلىكلىرىنى بىلمەپتىمەن. چۈشكە يېقىن تالاغا چىقسام، ھېلىقى كۆندە سىلىنىڭ ئۆيگە كىرىپ – چىقىپ يۈرىدىغان تۇغقانلىرى ئىشىك ئالدىلىرىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈيدىكەن. مەن سىلىنى ئۆيدە بار ئوخشايدۇ، دەپ ئۇ ئادەمگە دىققەت قىلماي ئۆيگە كىرىپ كېتىپتىمەن. بىردەمنىڭ ئىچىدە بۇنچىۋالا ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كىم ئويلىغان دەيلا؟ – دەۋاتاتتى. ساقچىلار ھەممە يەرنى رەسىمگە ئالغانىدىن كېيىن، دادامغا بىر نېمىلەرنى دەپ چىقىپ كەتتى. ھويلىدىكى ئادەملەرمۇ تارقىلىپ كېتىشتى. بىزمۇ ئەمدى ئۆيگە كىردۇق. ئانام تېخىچە كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي يىغلاۋاتاتتى.

— ئانا بولدى يىغلىما، بولغۇلۇق بولۇپتۇ، – دېدى ئاچام ئانامغا تەسەللى بېرىپ.

— رابىيەخان ئاچا مېنىڭ كېيىمدىن قارىغاندا، كۆندە بىزنىڭ ئۆيگە سوراپ كىرىدىغان ھېلىقى كىشى گۇمانلىقتەك قىلىدۇ، – دېدى ئاكام ئويلىنىپ. ھەممەيلەن ئاكامنىڭ پىكرىنى قوللاپ «شۇ بولۇشى مۇمكىن» دېيىشتۇق. ئانام بىر ئاز ئويلانغانىدىن كېيىن:

— ياق بالام، ئۇ كىشىنىڭ تەققى – تۇرقىدىن ئوبدان ئادەملىكى چىقىپ تۇرىدۇ. بەشۋاق نامازنى قويماي خۇدا يولىدا ماڭىدىغان ئۇنداق پەرىشتىدەك ئادەم بۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ. مېنىڭچە، بىزنىڭ ئۆينى پايلاپ يۈرگەن بىرەر قارا نىيەت كىشى ئاشۇ ئادەمنىڭ باھانىسىدا يامان قولىنى ئۇزاتقان گەپ.

ئانامنىڭ بۇ سۆزىگە بىر نەرسە دېيەلمەي ھەممىمىز شۈك بولۇپ قالدۇق.

شۇنىدىن كېيىن ھېلىقى ئادەم بىزنىڭ ئۆيگە كەلمەيدىغان بولدى. بىز بۇنىڭدىن ئۇغرى شۇ ئىكەن، دەپ گۇمانلاندۇق، لېكىن ئانام ئۇنداق قارىمىدى.

ئارىدىن بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتتى، بىر كۈنى ساقچى ئىدارىسىدىن دادامنى چاقىرتتى. مەنمۇ دادام بىلەن بىرگە كىردىم. قاۋۇل بىر ساقچى بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئېغىز ئاچتى:

— ئۆتكەن ئايدا سىلەرنىڭ ئۆيگە ئوغۇرلۇققا كىرگەن جىنايەتچى قىمار ئويناۋاتقان يېرىدىن قولغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇرۇسۇل سەلەي. سىلەرنىڭ ئۆيدىن ئوغۇرلىغان تۆت يۈز يۈەن نەق پۇلنى ئۇ قىمار ئويناپ تۈگەتكەن. بىر جۈپ ئالتۇن ھالقىنىمۇ سېتىپ خەجلەپ بولغان. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بىر نەچچە قېتىم ئوغۇرلۇق قىلىش، باشقىلارنىڭ مال – مۈلكىنى ئالداپ قېچىشتەك يامان ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ قولغا ئېلىنغان. كېيىن ئۇنىڭ جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەنىدىن كېيىنمۇ كونا كېسىلى يەنە قوزغىلىپ، جىنايى قىلمىشتىن قولىنى ئۈزمىگەن. بۇ قېتىم يەنە قولغا ئېلىندى.

ئانام ئۆيدە بىزنىڭ كېلىشىمىزنى كۈتۈپ قولى ئىشتا بارماي ئولتۇرغانىكەن. ھويلىغا كىرىشىمىزگىلا، ئانام: «ۋاي نېمە دەيدۇ؟» دەپ ئالدىراپ سورىدى. مەن ئانامغا ساقچىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى بىر – بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپ ئوغرىنىڭ دەل ھېلىقى «پەرىشتە» سۈپەت «مېھمان» ئىكەنلىكىنى دەپ بەردىم. ئانام گەپلىرىمنى ئاڭلاپ گويا ئۈستىگە بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك تىترەپ كەتتى – دە، ياقىسىنى چىشلەپ «توۋا خۇدايىم، توۋا» دېگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئانامنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى ۋە روھىي ھالىتىدىن ئۆزىنىڭ ئىشىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى ياكى بولمىسا ھېلىقى ئوغرىغا غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى...

مەمتىمىن ياقۇپ

# باھار لىرىكىلىرى

## گۈل باھاردا كەلگەن باھارىم

گۈل باھارغا ئاشىنا ئىدىم،
كەلدى باھار ئاخىرى كۈلۈپ.
ھاياجاندا سوقتى يۈرىكىم،
گۈل بەرگىدە زۇمرەتنى كۆرۈپ.

ئەكس ئەتتى زۇمرەت لېۋىدە،
مېنىڭ قىران باھار ياشلىقىم.
چالدى سازنى ياشلىق كۈيىگە،
كەڭ ئالەمنى قۇشتەك شادلىقىم،

## بۇلاق سۇلىرى

(1)

تاغ كۆزىدىن سىرغىپ چۈشكەن ياش،
تاشتىن-تاشقا ئاقار ئۇرۇلۇپ.
ئۇنچىسىنى سۆيەر زەر قۇياش،
شوخ ئاۋازى چىقار كۈي بولۇپ.

كۈمۈش لېنتا شاقىراتمىسى،
تۇۋلار كۈيگە جۆر قىلىپ ناخشا.
قۇياش سۆيگەن زۇمرەت ئۇنچىسى،
سەھەر ئۇخلار گۈللەر قوينىدا.

(2)

يۇلتۇزۇمنى ئىزلەيمەن كېچە،
ئايغا قاراپ سۈرگەنچە خىيال.
ھېسقا تولۇپ، شۇنداق ئۆزگىچە،
مۇڭلۇق كۈيگە چالىمەن روياл.

يۈرىكىمدىن تەپچىگەن ھېسلار،
ئوخشار ئاشۇ بۇلاق سۈيىگە.
قەلبىم ئېيتقان گۈزەل ناخشىلار،
جۆر بولىدۇ روياл كۈيىگە.

قويغان چاغدا ئاي ئۇپۇققا باش،
ئولتۇرىمەن قۇياشنى كۈتۈپ.
ھېسسىم ئېتەر چولپاننى باخاش،
قۇياش چىقار كېلىندەك كۈلۈپ.

(3)

ئېتىز-قىردا ئىشلەپ چۈشكىچە،
تەشنالىقىم كېلىدۇ غالىپ.
جېنىم ياشناپ كېتەر باشقىچە،
ئىچكىنىمدە بۇلاقتىن قېنىپ.

زىلال سۇغا قوشۇلار ھىدىم.
سۆيگىنىمدە بۇلاق لېۋىدىن.
ئورۇن ئالار تۆككەن تەرلىرىم،
تاڭ پەيتىدە گىياھ بەرگىدىن.

(4)

تاغ سۆيىدۇ ئانا زېمىننى،
باخاش ئېتىپ ئەسىرلەر بويى.
سىرغىپ چىققان سۆيگۈ سۇلىرى،
ياڭرىتىدۇ ھايات كۈيىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
AltunOq



زىياۋىددىن ئابدۇراخمان

## شېئىرلار

### قىش

كۈن ئاتلاپ، قوغلىشىپ پەسىللەر،
ئاخىرقى كۈزمۇ ھەم ئۈزىدى.
يېشىندى دەل - دەرەخ، گىياھلار —
سولىشىپ، رەيھانمۇ توزىدى.

بۆلەندى ۋادىلار ئۇيقۇغا،
مۇز بىلەن قاپلاندى ئېرىق، كۆل.
سوغ قىراۋ ۋادىنىڭ زىننىتى،
كۆرۈنمەس باغلاردا ھەم بۇلبۇل.

دېمەككى، قىش پەسلى ھۆكۈمران،
جىلۋىدار پەسلى كۈز ئورنىغا.
كۆمۈشرەڭ بېزەكلەر تاقاشتى،
باغلاردا ئۆرۈكلەر بويىنىغا.

پەسىللەر تەبىئەت ئەركىسى،
زارلانماس سوغۇقتىن ھېچ ئىنسان.
قىشتىمۇ ئۆزگىچە خىسلەت بار،
كۆڭۈلنى باسسا قىش بەك يامان.

ئەندىزە ئالمىسۇن قىشتىن دىل،
چىللىغىن باھارنى كۆڭۈلگە.
ئورالسۇن ۋەتىنىم قارىغا يەدەك،
يېشىللىق توزىماس بىر گۈلگە.

### چوغ

يانىدۇ كۆيدۈرۈپ يۈرەكنى،
ئاتەشمۇ، لاۋىمۇ كۆزلىرىڭ.
دىلىمغا ياقىدۇ ھەتتا ئوت،
چوغ بولۇپ ئەي نىگار سۆزلىرىڭ.

چالۋاقار شىۋىرغان، سوغ دەھشەت،
ۋە لېكىن، سەزدىم جۇدۇننى.
جىسمىمغا تارىتىڭ ئىللىقلىق،
ئالغانمۇ سەن چوغدىن ئۇدۇمنى.

### كۆمۈرگە

گۈل ئالدىدا رەڭگىڭ ئۆزگىچە،
يۈرۈكۈمدە مېھرىڭ بۆلەكچە.
ۋۇجۇدۇڭدىن كەتمەس ھارارەت،
يالقۇنلىنىپ كۆيسەڭ تۈن - كېچە.

يات بولسىمۇ ھۆسنى مالاھەت،
دىلدا مېھرىڭ دېڭىزدىن تىرەن.
بولالىسام زەررىچە سېنىڭ،
ئارمىنىم يوق، ئىشقىدا ۋەتەن.

ئابدىكېرىمجان ياقۇپ

## شېئىرلار

### ئۈمىدىمۇ سۆيگىن شۇكەبى

چۈشلىرىمدە كىرە سېپ ماڭا،
ھېسلىرىمنى ئۇرغۇتتۇڭ نىگار.
قېچىپ يۈرۈپ ئۈمىدىمدا دائىم،
كۆرسەتمەيسەن نېمىشقا دىدار؟

چۈشۈمدىكى ئاشۇ دىلرابا،
سەن ئىدىڭغۇ، باشقىسى ئەمەس.
يارىتماستىن ۋە ياكى مېنى،
ئۆزگىلەرگە قىلدىڭمۇ ھەۋەس؟!

چۈش دېگەنغۇ رېئاللىق ئەمەس،
بىراق، كۆڭلۈم تارتىدۇ سېنى.
ئۈمىدىمدىمۇ سۆيگىن، ئۆتۈنەي!
چۈشلىرىمدە سۆيگەنىدەك مېنى

## خىتاب

سەن كەلمىسەڭ، مەن بارالمىسام،
ئىزدىشىشلەر بولمىسا پەقەت.
بىرى كۆيۈپ، بىرى كۆيمىسە،
قانداق پەيدا بولۇر مۇھەببەت؟

سەن شادلانساڭ، مەن ياشلار تۆكسەم،
مېنى ھەرگىز قويمىساڭ ئويلاپ.
سۆيگۈ قانداق بولىدۇ پەيدا،
مەن ھەسرەتتە، سەن يۈرسەڭ ئويناپ؟!

مەنمۇ كۈلسەم، سەنمۇ قوشۇلساڭ،
ئېچىل — ئىناق ياشىساق ئەگەر.
بىرگە كۆيۈپ، بىرگە ئىزدىشىپ،
مۇھەببەتتە قۇچاتتۇق زەپەر.

## ئاي ۋە ئۇ

تۈن كېچە، ئۈزىدۇ كۆكتە
بۇلۇتلارنى يېرىپ تولۇنئاي.
چۈشەنگەندەك گويا قەلبىمنى،
باقار ماڭا شۇنچە خۇشچىراي.

مەسخۇش بولۇپ باقىمەن كۆككە،
تولۇن ئاي ينىڭ شەيداسى بولۇپ.
مەن ئۆزەمنى خۇشال سېزىمەن،
يۈرىكىمگە ھاياجان تولۇپ.

يۈرىكىمگە ھاياجان تولۇپ،
كۆككە قاراپ ئېيتىمەن ناخشا.
خۇشاللىقتىن يېرىلارمىدىم،
نىگار ماڭا ئاي كەبى باقسا؟...

## شەئىرىم گۇۋاھ

سەن چاقنايسەن قۇياش مىسالى،
دىل خانەمگە ياقىسەن چىراق.
سېنىڭ ئۈچۈن سوقان يۈرەكتە،
مەۋج ئۇرار ئوتلۇق ئىشتىياق.

دىل ئاسمىنىم سېنىڭ،
ئۇنىڭدا
يۇلتۇز بولۇپ چاقنىسەن چاقماق.
گاھ شامال بوپ قەلب ھوجرامغا،
ئۇسسۇپ كىرىپ قىلمىسەن چاقچاق.

قۇندۇز كەبى سۇمبۇل چاچلىرىڭ،
ئۇرۇلىدۇ مەڭىزىمگە تىنماي.
مەن ئاۋارە سېنىڭ ئىشقىڭدا،
يۈرەكتىمەن ھېچكىمگە تىنماي.

ھەممە كىشى مەن كەبى كۆيمەس،
ئارىسىزلاردىن بولغىن سەن ئاگاھ.
پاك قەلبىمگە، يۈرەك سىرىمغا،
بۇ شەئىرىم بولغۇسى گۇۋاھ.

## كەل، ئەزىزىم

كەل ئەزىزىم، بۇيەر ئازادە،
دەريا بويى بىزنىڭ سەيلىگاھ.
چېچەكلەشايلى كىيىكتەك خۇشال،
بولۇپ يامان كۆزلەردىن ئاگاھ.

بولۇپ يامان كۆزلەردىن ئاگاھ،
يوشۇرۇنايلى چاتقاللىق ئارا.
كۆرەلمەسلەر سۆز — چۆچەك توقۇپ،
باغرىمىزنى قىلمىسۇن يارا.

سەن ناخشا ئېيت، كۈلگىن قاقاھلاپ،
مەن كۈي چاچاي بولۇپ سازەندە.
ۋىسال ئۈچۈن — بەختىمىز ئۈچۈن،
كەل، كېلىۋەر بۇجاي ئازادە.

## سادالارغا سالدىڭمۇ قۇلاق

چەككە يەتتى تاقىتىم دىلدار،
كۆز تۆۋېرىپ بولدۇم بىقارار.
ئىشقىم ئىزھار قىلىپ توۋلىدىم،
پىغانىمنى ئاھ، كىممۇ ئاڭلار.

سادالىرىم ياڭرىدى، كۆكنى —
قاپلاپ كەتتى ئۈندەش ۋە سوراق.
سەن بىخەۋەر يۈرەمدۇڭمۇ ياكى،
سادالارغا سالدىڭمۇ قۇلاق؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



**تۇرسۇننىياز توختى**

# شېئىر ۋە نەسىرلەر

## مىسرالار — سۆيگۈنىم

سۆيگۈنىمدۇر مىسرالار مېنىڭ،
ئۇ ئەيلىگەن قەلبىمنى ماكان.
ئاخشىلىرى باغىشلاپ ئۇنى،
ئۇخلاپ قالدىم، بىلمەيمەن قاچان.

## ئازاب

كۆڭلۈم ئىچرە ئۈزىدۇ ھەر چاغ،
ئازابلاردىن تۇغۇلغان تۇمان.
شىۋىرلايمەن: ھەقىقى سۆيگۈ،
ئېرىشىمەن مەن ساڭا قاچان!؟

## شائىر

كۆزى چىپچىپ غەزەپتىن ئۇچقۇن،
رەزىللەرگە تىكىلەر ھامان.
غەزىپىدىن پۈتىدۇ مىسرا،
كۆڭۈللەردە باشلىنار توپان.

## دېڭىزغا خىتاب

چەكسىز دېڭىز قىرغىقىدا تۇرىمەن،
يۇتماق بولۇپ يۇلقۇنىدۇ دولقۇنلار.
دېدىم: دېڭىز، تەھدىتلىرىڭ ئارتۇقچە،
تىزگىنلەيدۇ سېنى بىلسەڭ ئىنسانلار.

## ئېزگۈ ھېسلىرىم

1

مەن ئۆز مېھنىتىم بىلەن گۈل ئۆستۈردۈم، ئۇ گۈللەرنىڭ مېزىلىك پۇراقلىرى تەبىئەتنى مەست قىلدى. ۋاھالەنكى، ئۇ گۈللەرنى بىرسى قىرقىپ تاشلىدى. تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇمۇ مەندەك بىر ئىنسان ئىدى.

2

ئەنە، ئۇ تولىمۇ كۆركەم بىر تاجنى كىيىۋاپتۇ. ھالبۇكى، ئۇ تاج ئۇنىڭ بوۋىسىدىن قالغان تاج. مەن ئازابلىنىمەن، ئېچىنىمەن، ئۇ شۇنداق ئەقىللىق، شۇنداق چىۋەر تۇرۇپ، نېمىشقا ئۆز مېھنىتى بىلەن بىرنى ياساپ كىيمەيدىغاندۇ!؟...

# بېخىلنىڭ ئۆلۈمى

(چۆچەك)

1

بۇرۇن ئۆتكەن زاماندا،
دەريا بويى تاماندا.
ئۆتكەن ئىكەن بىر پىخسىق،
نامى بېخىل ھەم سېسىق.
ئىسمى ئۇنىڭ مۇساكەن،
مال، چارۋىسى تولاكەن.
ئىتقا بەرگەن سۆڭەككە،
يۇندە تۆكسە ئورەككە.
ئىچ ئاغرىتىپ نەچچە كۈن،
چىدىماي قان يۇتاركەن.
ئاش - ئوزۇقى كېپەك نان،
كىيىمى خام - ماتاكەن.
شۇڭا يۇرتتا خالايىق،
ئۇنى «بېخىل» ئاتاركەن.
قاۋۇل، چىۋەر بىر يىگىت،
ئاشۇ بايغا چاكاركەن.
تاپقىنىنى — بارىنى،
يوقسۇللارغا ئاتاركەن.
باتۇرلۇق، پەم - پاراسەت،
ئۇ يىگىتكە ھەمراھكەن.
چىۋەرلىكتە تەڭداشسىز،
كۆپنى كۆرگەن دەناكەن.
شۇڭا ئەل - يۇرت، چوڭ - كىچىك،
ھەر چاغ ئۇنى ماختاركەن.
ئىسمى ئۇنىڭ سىدىقكەن،
ئەلگە غەمخان سىلىقكەن.
ئەلنى دېسەك بىر دەريا،
ئۇ دەريادا بېلىقكەن.

2

باينىڭ زۇلمى ئېشىپتۇ،
يوقسۇللارنى ئىزىپتۇ.
ئالۋاڭ - سېلىق، ھاشالار،
چېكىدىن بەك ئېشىپتۇ.
يۇرتتا بارچە يوقسۇلنىڭ
غەزىپىمۇ تېشىپتۇ.
باتۇر يىگىت كۆڭلىگە،
پۇقرالارنى پۈكۈپتۇ.
باينى تازا باپلاشنىڭ،
چارىسىنى تېپىپتۇ.
چۈش مەزگىلى بىر كۈنى،
باي ئۆيىگە بېرىپتۇ.
ئاندىن كۈچەپ ئىشىكنىڭ
ھالقىسىنى قېقىپتۇ.
باينىڭ غالچا دورغىسى،
دەرۋازىنى ئېچىپتۇ.
سىدىقجانغا ئالىيىپ،
ئۇنى تىللاپ، تىپىپتۇ:
— نېمانچىلا قاقىسەن،
سەن ئىشىكنى — ھالقىنى؟
نېمە ئىشىڭ بارىدى،
ھۇ بىمەدەپ ھارامى!
تېزدىن كەتكىن پەس - گاداي،
ئارام ئالسۇن غوجام - باي.
يوقالمىساڭ كۆزۈمدىن،
بولۇر ھالىڭ خاراب - ۋاي.
بۇ غەۋغانى باي ئاڭلاپ،
دەرھال ئۆيدىن چىقىپتۇ،
ئىشىكنىڭ ئالدىدا،
سىدىقجاننى كۆرۈپتۇ.
باينى كۆرۈپ سىدىقجان،
دەپتۇ ئىتتىك: «ئەسسالام!».
باي ئۆيىگە كېلىشىنىڭ،
سىرىنى قىپتۇ بايان:

## خەزىنە

— پېقىر قۇلۇڭ، باي ئاكا،
مەن ئەقىلسىز ياش بالا.
بىلەلمىدىم بىر ئىشنى،
كۆپ ئويلىنىپ زادىلا.
ئۇ مۇشتىنى تۈگۈپتۇ،
بايغا قاراپ كۈلۈپتۇ:
— ۋاي باي ئاكا، باي ئاكا،
سىلى بايلار كاتتىسى.
ئېيتىپ بەرسىلە، پېقىرنىڭ،
راۋا بولسۇن ھاجىتى.
مۇشتۇمچىلىك ئالتۇننىڭ،
قانچە نەرقى — قىممىتى؟

3

باي بۇ ئىشتىن شادلىنىپ،
ئۆز — ئۆزىچە جانلىنىپ.
شۇ ئالتۇننىڭ دەردىدە،
ئالماق بولۇپ ئىلكىگە.
شۇ ئان ياغلان ھېجىيىپ،
سەدىقجانغا تىكىلىپ.
«كەلگىن بېرى، بالام» دەپ،
ئۆيىگە باشلاپ كىرىپتۇ.
ھەم داستىخان سېلىپتۇ،
قاتتىق — قۇرۇق نان بىلەن
ئۇنى مېھمان قىلىپتۇ.
سەدىقجاننى ماختاپتۇ،
سەدىقجاننىڭ دادىسى —
باقىمىنى يادلاپتۇ.
«رەھمەتلىك ئاغىنەم» دەپ،
كۆزلىرىنى ياشلاپتۇ.
سەدىقجانغا بىر قاراپ،
سۆزنى مۇنداق باشلاپتۇ:
— ئالتۇن بولسا ماڭا سات،
مەندە تولا پۇل — بىسات.
مەن سېنى قىلاي رازى،.
پۈتتۈشتۈرسۇن باش قازى.

سەدىق كۈلۈپ ئىچىدە،
گەپ باشلاپتۇ ئېپىدە:
— ۋاي كىرەملىك باي ئاكا،
مەن سىلىگە بىر چاكا.
ئالتۇنۇم يوق ساتقىلى،
جېنىممۇ يوق تارتقىلى.
ئۇ مۇشتىنى چوڭ تۈگۈپ،
بايدىن يەنە سوراپتۇ:
— مۇشتۇمچىلىك ئالتۇننىڭ،
ئېغىرلىقى قانچىلىك؟
باي بېشىنى قاشلاپتۇ،
يالۋۇرۇشكە باشلاپتۇ:
— ئۇكام سەدىق، جان ئۇكام،
ئالتۇنىڭنى ماڭا سات.
يا ئالارسەن ئاش — ئوزۇق،
يا بېرەرمەن مال — بىسات.
سەدىق ماقۇل بولۇپتۇ،
ئۆز ئىچىدە كۈلۈپتۇ.
باي سەدىقنى دۆت چاغلاپ،
ئۇزۇتۇپتۇ شاپاشلاپ.
ئىشىك ئالدىغا چىققاندا،
مۇنداق دەپتۇ يېنىشلاپ:
— ئوبدان بالام، سەدىقجان،
ئىش ئۆزۈڭغا كەتمىسۇن.
بۇ ئالتۇننىڭ خەۋىرى،
باشقىلارغا يەتمىسۇن.،
شۇڭا ئىشنى سوزمايلى،
بۈگۈن ئاخشام جايلايلى.
سەن خۇپتەننىڭ ئالدىدا،
نامازشامنىڭ ئارقىدا.
گۇۋاھ — شاھىت ئېلىپ كەل،
ئالتۇننى چىڭ چىگىپ كەل.
ئەڭ ياخشىسى ئالتۇننى،
خەق كۆرمىگەن بەك ئەۋزەل.
سەدىق دەپتۇ: خوپ ئاكا،

بۇ گەپلىرى جايىدا.
سۆزلىرىنىڭ ھەممىنى،
قىلمەن پۇختا بىجا.
خوشلىشىپ ئۇ باي بىلەن،
گويا پەرۋاز قىلىپتۇ.
بولغان ئىشنى قالدۇرماي،
دوستلىرىغا ئېيتىپتۇ.
ھەمدە بارلىق دوستىنى،
باي ئۆيىگە ئېيتىپتۇ.
سىدىقجاننىڭ دوستلىرى،
چەكسىز خۇشال بولۇپتۇ.
سىدىقجاننى تەربىلەپ،
ناخشا ـ قوشاق توقۇپتۇ.
ئۆز دوستىنىڭ ئەقلىگە،
ئاپىرىنلار ئوقۇپتۇ.
دوستلىرىدىن خوشلىشىپ،
سىدىق ئۆيگە مېڭىپتۇ.
يول بويىدىن ئىزدەپ ئۇ،
مۇشتىدەك تاش تېپىپتۇ.
ئاشۇ تاشنى پەم بىلەن،
پۇختا ـ ئەپچىل ئوراپتۇ.
ئۇنى ئېسىل رەخ بىلەن،
بەكمۇ سىلىق بولاپتۇ.

4

«جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا»،
باينىڭ قەستى ئالتۇندا.
ئۇ ئالتۇننىڭ دەردىدە،
ئۆرتىنىپتۇ يالقۇندا.
ھويلىسىدا تۇرۇپ ئۇ،
دورغىسىنى بۇيرۇپتۇ.
قازاخۇنۇم ئۆيىگە،
ئىمام، مەزىن، قېشىغا.
قازاخۇنۇم كېلىپتۇ،
تۆردىن ئورۇن ئېلىپتۇ.
ئىمامخۇنۇم ھەم مەزىن،
شۇئان ھازىر بولۇپتۇ.
شۇ ئەسنادا سىدىقمۇ،
دوستلار بىلەن كېلىپتۇ.
ھەر قايسىسى ئۆز رېتى
بىلەن ئورۇن ئېلىپتۇ.
ئېلىپ كەلگەن بولاقنى،
ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.
قازاخۇنۇم سۆز ئېلىپ،
ئىش تەھتىنى سوراپتۇ.
سىدىق تۇرۇپ ئورنىدىن،
سالام قىپتۇ قازىغا.
بولغان ئىشنىڭ تەھتىنى،
ئايان قىپتۇ قازىغا:
— مۆھتىرەم قازاخۇنۇم،
سىلى يۇرتنىڭ كاتتىسى.
دەيدۇ سىلىنى چوڭ ـ كىچىك،
«ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى».
پېشىن بىلەن كەلدىمەن،
باي ئاكامنىڭ ئۆيىگە.
تەكلىپ قىلدى باي ئاكام،
مېنى ئۆيىنىڭ تۆرىگە.
بىلمىگەچكە بىر ئىشنى،
سورىدىمەن ئۇنىڭدىن:
— ئېغىرلىقى قانچىلىك،
مۇشتۇمچىلىك ئالتۇنىنىڭ؟
بۇنى ئاڭلاپ باي ئاكام،
ئېسىلدى چىڭ بىلەككە.
ماڭا ساتقىن بالام دەپ،
كەلتۈردى ھەم ئىندەككە.
ساتماق بولۇپ بايغا مەن،
ئېلىپ كەلدىم ئۇنى ھەم.
ئالدىلىرىدا تۇرۇپتۇ،
سودا قىلىپ قويسىلا.
مۆھتىرەم قازى ئاكا،

باي سىلىنى بۇ ئىشتا،
قىلىدۇ ئوبدان رىزا.
ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باي،
دەپتۇ: سودا قىلسىلا،
ئۇنى مەن ئېلىپ قالاي.
توپ ئىچىدىن بىرەيلەن،
ئۇنى يەشمەك بولۇپتۇ.
بۇنى كۆرگەن ئاچكۆز باي،
قولدىن تارتىپ توسۇپتۇ.
شۇئان قازى سۆز باشلاپ،
جاما ئەتكە كۆز تاشلاپ.
ئۇچيۈز تەڭگە پىچىپتۇ،
مۆھۈر خەتمۇ يېزىپتۇ.
ھەر بىر گۇۋاھ ـ شاھىتقا،
چاي پۇلىمۇ بېرىپتۇ.
مۆھۈر خەتكە جاما ئەت،
قوللىرىنى بېسىپتۇ.
قازاخۇنۇم بۇ ئىشتا،
ئېسىل تونمۇ كىيىپتۇ.
ئىمام، مەزىن ھەر بىرى،
بىر يەكتەكلىك تېپىپتۇ.

5

جاما ئەتتىن قىزغىنىپ،
باي بولاقنى يەشمەپتۇ.
نېمەسىر بار ئۇندا دەپ،
ئويلىما پتۇ ـ سەزمەپتۇ.
بېخىل باينىڭ ئۆيىدىن،
ئەل ـ جاما ئەت ئۇزاپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن مۇسا باي،
ئىشىك ـ تۇڭلۇكنى تاقاپتۇ.
ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ ئۇ،
شۇ بولاقنى ئېچىپتۇ.
قات ـ قات رەختلەر ئىچىدىن،
مۇشتەك بىر تاش چىقىپتۇ.
ئاپلا دەپتۇ بېخىل باي،
بوپتۇ ئۇنىڭ ھالى ۋاي.
تىترەپتۇ، جالاقلاپتۇ،
ئۆزىنى كاچاتلاپتۇ،
ئەرز قىلىپ پالاقلاپتۇ.
مۆھۈر خەت پۇتۇلگەچكە،
ئۇنىڭ ئەرزى ئاقماپتۇ،
ھېچكىم ئاڭا باقماپتۇ.
بۇنى ئاڭلاپ ئەھلى ـ يۇرت،
شادلىنىپتۇ ـ كۇلۇپتۇ.
ئۇچيۈز تەڭگە دەردىدە،
مۇسا بېخىل ئۆلۈپتۇ.

×

شۇڭا دوستلار ھەر قاچان،
بولغىن زىرەك، سېخى ـ مەرد.
ئاچكۆزلۈكنى دوست تۇتۇپ،
كۆرمە بايدەك ئاقىۋەت.

چۆچەكنى ئېيتىپ بەرگۈچى: قەشقەر شەھەر كونا دەرۋازا كومىتېتىدا ئولتۇرۇشلۇق مەرھۇم ئابلىمىجىت ھاجىم.
رەتلەپ، نەزمىلەشتۈرگۈچى: شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە داشۆسى قەشقەر شۆبە مەكتىپىدىن ئەنۋەر ئىسمائىل.

# نۇر چولپان

( قىسسە )

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** «نۇر چولپان» قىسسىسى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تارقالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنىڭ بىرى، بۇ قىسسىدە پادىشاھ مەلىكىسى نۇر چولپاننىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئاجايىپ - غارايىپ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنىش ئارقىلىق ئەركىن مۇھەببەتكە مەدھىيە ئوقۇلۇپ، جادۇگەر زالىۋاتىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى ئېچىپ تاشلىنىدۇ. قىسسىنىڭ مەزمۇنى قىزىقارلىق، تىلى راۋان، ئاممىباب بولۇپ، بەلگىلىك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ قىسسىنىڭ قاچان، قەيەردە، كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. باشقا ۋارىيانتلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئەسەرنى نەشىرگە تەييارلاشتا، ھېكىم مەمەتنىڭ ئاغزاكى سۆزلەپ بېرىشىگە ئاساسەن تەييارلىغان. يولداش ھېكىم مەمەت ئازادلىقتىن بۇرۇن مەكىت ناھىيىسىدە بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە «نۇر چولپان» ناملىق بۇ قىسسىنىڭ نامەلۇم بىر يازغۇچى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قولىيازما نۇسخىسىنى ئوقۇغان ۋە يادلىۋالغان. كېيىن بۇ كىتاب تېپىلمىغان. پەيزاۋات ناھىيە قىزىلبۇيا يېزا ئاپپاق خوجا 15 - كەنت 2- مەھەللىسىدىن يولداش سېيىت ئېلى، ئابدۇرېشىت موللاقلار يولداش ھېكىم مەمەتنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ ئاغزاكى سۆزلەپ بېرىشىگە ئاساسەن رەتلەپ چىققان. بۇ قىسسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ساقلىنىۋاتقان ئەسلى نۇسخىلىرى بولسا، بىزگە خەۋەر بېرىشىنى ياكى تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلۇرلەركىم:

قەدىمكى زاماندا سەلتەنەتلىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدا يۈز شەھەر بولۇپ، ھەر بىر شەھەرگە ئون ئىككى مىڭدىن پالۋان سەردارلىق قىلىدىكەن. ھەر بىر پالۋاننىڭ قولىدا ئون ئىككى مىڭدىن لەشكەر بار ئىكەن.

پادىشاھ يۈسۈپ كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش نىيىتىدە ھەر بىر شەھەردىن بىردىن يۈز خوتۇن ئالغانىكەن. «بەندىنىڭ تەدبىرىنى خۇدانىڭ تەقدىرى بۇزۇۋېتىدۇ» دېگەندەك كۆپ خوتۇندىن كۆپ پەرزەنت كۆرىمەن، دېگەن پادىشاھقا خۇدا بىرمۇ پەرزەنت ئاتا قىلماپتۇ.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپ شاھنىڭ يېشى ئەللىككە يېتىپتۇ، ئۇنىڭ يېشى ئۇلغايغانسېرى غەم - قايغۇسى ئېشىپ قەلبى پەرزەنت ئىشتىياقىدا ئۆرتۈنۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ، شۇ ھەسرەت بىلەن بارلىق ئۈمىدىنى خۇداغا بېغىشلاپ مەسچىت، مەدرىسلەرنى بىنا قىلدۇرۇپتۇ، دەريا- ئۆستەڭلەرگە كۆۋرۈك سالدۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ئۆز - ئۆزىگە «ئەي يۈسۈپ! ئۆمۈر قۇياشىڭ زاۋاللىققا يۈزلەندى. بۈگۈن يا ئەتە خانۇمانىڭدىن، گۈزەل خوتۇنلىرىڭدىن ئايرىلىسەن، ھەسرەت - نادا-

www.uyghurkitap.com



مەنتە ئەجەل شارابى ئىچىشكە مەجبۇر بولىسەن. ئېست! تەختىڭگە ۋارىس بولغۇدەك بىرەر پەرزەنتىڭ بولسا بۇ مەملىكىتىڭگە ئىگە بولۇپ، تەختىڭدە ئولتۇرغان بولاتتى. بۇ شەھەر ھېچقاچان يامان نىيەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنمىغان بولاتتى...» دەپ يۈزىنى قارا تۇپراققا سۈرتۈپ، كۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ، مىسكىنلىك بىلەن بېشىنى سەجدىگە قويۇپ، كۆزى ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولۇپ مۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ: ئۇ غەمكىن ھالدا تەختتە ئولتۇرغىدەك، ئەتراپىدا ھېچكىم يوق، ھەممە ياق قاپ-قاراڭغۇ، تۇيۇقسىز ئوردا ئىچى ۋاللىدە يورۇپ، ئاسماندىكى تولۇناي ساقىپ قوينىغا كىرىپ بىر تۆشۈك مەرۋايىتنى قالدۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ مەرۋايىتنى شۇنداق قولىغا ئالغانىكەن، پۈتۈن جاھان يوپ-يورۇق بولۇپ نۇرغا چۆمۈلۈپ كېتىپتىمىش...

ئەتىسى پادىشاھ پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى يىغىپ كۆرگەن چۈشىگە تەبىر سوراپتۇ. ئاقىللار:

— ئەي ھۆرمەتلىك شاھ، ئاسماندىكى ئاي ھۆر-پەرىلەرنىڭ بىشارىتى، خۇدا جانابلىرىغا پەرىزاتتىن بىر خوتۇن نېسىپ قىلغۇدەك، تۆشۈك مەرۋايىت پەرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پۇشتىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدىغان قىز پەرزەنت، ئۇ مەلىكىنىڭ خاسىيىتىدىن پۈتۈن مەملىكەت ئاسايىش تېپىپ تېخىمۇ پاراۋانلىققا ئېرىشكەي، — دەپتۇ.

بۇ تەبىردىن پادىشاھنىڭ دىلى سۆيۈنۈپ، بەخت تەلىيىنى سىناش ئۈچۈن «ھەممە كىشى مەن بىلەن شىكارغا چىقسۇن!» دەپ ئەمر قىپتۇ. شاھنىڭ پەرمانىغا بىنائەن كىشىلەر شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇلار دەبدەبىي بىلەن شەھەردىن ئايرىلىپ، يېزىلارنى كېسىپ، دەشتۇ-سەھرادا كېتىپ بارسا، بىر تاغنىڭ باغرىدا قاپقارا يۈڭلۈك بىر يىلان بىر ئاق يىلاننى بوغۇپ ئۆلتۈرگىلى تۇرغانىكەن. پادىشاھ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ قىلىچ بىلەن قارا يىلاننى پارە-پارە قىلىپ تاشلاپتۇ. ئاق يىلان بىر ھازا ياتقاندىن كېيىن، ئاستا-ئاستا ئۆزىگە كېلىپ كۆزىنى ئېچىپتۇ ۋە بىر سىلكىنىپ كېلىشكەن بىر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلاردىن ئەجەبلەنگەن پادىشاھ سوراپتۇ:

— ئەي نازاكەتلىك خۇشرۇي يىگىت، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ قەيەردىن كەلدىڭىز...؟

— مېنىڭ ئەسلىم پەرىزات، بىر سىڭلىم بىلەن «گۈلىستان سابا» دا تۇرىمەن، ماۋۇ قارا يىلان كوھىقاپ شاھزادىسى ئەھمەر دېگەن دىۋە بولىدۇ. بۇ ۋەھشى دىۋىنىڭ كۆزى بۇلتۇر سىڭلىمغا چۈشۈپ قالغانىكەن، نۇرغۇن قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى، قوبۇل قىلمىسام شۇندىن بىرى نىيىتى بۇزۇلۇپ، مېنى يوقىتىپ سىڭلىمنى مەجبۇر ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، مېنىڭ قەستىمدە يۈرەتتى، ناگاھ بۈگۈن مېنى بۇ يەردە يالغۇز تېپىپ ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلغانىدى، ئۆزلىرى كېلىپ بۇ قانخورنى مەقسىتىگە يەتكۈزمەي مېنى ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ قالدىلا. ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇش بىز پەرى خەلقىنىڭ بۇرچى، شۇڭلاشقا ھازىر ئۆزلىرىنىڭ سەمىگە ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى قويىمەن، شۇنىڭدىن بىرىنى تاللىسىلا، — دەپتۇ ھېلىقى يىگىت، — بىرىنچى، ئەگەردە خالىسىلا پۈتۈن ئىنسانلار دۇنياسىنىڭ شاھلىقىنى ئېلىپ بېرەي؛ ئىككىنچى، ئەگەر خالىسىلا بىز پەرى خەلقىدەك خالىغان ئىشنى قىلالايدىغان، خالىغان

يەرگە بارالايدىغان، خالىغان نەرسىگە ئۆزگىرەلەيدىغان ئىلمىي ھېكمەتنى ئۆگىتەي؛ ئىچىنچى، ئەگەر خالىسىلا سىڭلىمنى بېرەي. ئۇنىڭ باھاسى ئون دۇنيانىڭ خەزىنىسىگە تەڭ كېلىدۇ.

پادىشاھ ئىچىنچى شەرتنى قوبۇل قىپتۇ. پەرى يىگىت شاھنىڭ قولىنى تۇتۇپ: «كۆزلىرىنى يۇمسىلا!» دەپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ قارىسا شۇنداق خۇشھاۋا، رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، ھەر خىل مېۋىلەر پىشىپ تۇرغان بىر باغدا ئۆزىنى كۆرۈپتۇ. يىگىت شاھنى باشلاپ بىر شىپاڭغا بېرىپتۇ، ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ئاي يۈزلۈك قىزلار پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، خىلمۇ-خىل شېرىن-شەربەتلەرنى تەڭلەپ تۇرۇشقىدەك. پادىشاھ شۇنداق قارىسا، قىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا — تەختتە بىر قىز ئولتۇرغانىكەن. ئۇنىڭ جامالىدىن كۈنمۇ خېجىل بولىدىكەن. قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق قارىغانىكەن، جىمى جاھان ۋاللىدە يورۇغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ، شاھنىڭ يۈرىكىنى قىزنىڭ جامالىدىن ئۇرغىغان ئىشقى ئوت كۆيدۈرۈشكە باشلاپتۇ. يىگىت پادىشاھقا جىكىلەپتۇ:

— ئەنە ئاۋۇ، ئوتتۇرىدىكى تەختتە ئولتۇرغان قىز مېنىڭ سىڭلىم، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە بەكمۇ پەخەس بولسىلا، ئەگەردە شەرت قويسا ئۇنى قوبۇل قىلىپ تولۇق بىجا كەلتۈرسىلە. چۈنكى سىلەر تۇپراقتىن يارىتىلغان، بىز ئوتتىن يارىتىلغان، جىنىمىز ئوخشىمايدۇ، ئۇ ئىلمىي ھېكمەتتە كامالىغا يەتكەن، ھېچقانداق ۋاقىتتا بى ھېكمەت ئىش قىلمايدۇ. نىكاھلىرىغا ئالغاندىن كېيىنمۇ، ئىمكانىقەدەر ئۇنىڭ دېگىنىنى بويىچە ئىش قىلسىلا.

پەرى قىز، ئاكىسىنىڭ قانخور دىۋە قولىدىن تىنچ-ئامان قۇتۇلغانلىقىنى ياۋۇز دۈشمەننىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ مەمنۇن بولغان ھالدا پادىشاھنى قوبۇل قىلىپ مۇنداق شەرت قويۇپتۇ: «مۇندىن ئىككى ئايلىق مۇساپە يىراقلىقتا ‹جەزىرىيە› دەيدىغان بىر چۆللۈك بار، ئۇ يەردە بىر تاش تۈگمەن بار، ئۇ تۈگمەنگە كېلىدىغان سۇ، چۈشىدىغان ئاشلىق يوق. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ تۈگمەن كېچە-يۇ كۈندۈز چۆرگىلەپ ئۇن چىقىرىپ تۇرىدۇ. سۇسىز چۆرگىلەشنىڭ سەۋەبى نېمە ۋە ئۇنىڭغا ئۇن نەدىن كېلىدۇ؟ تاپسىلا!»

پادىشاھ سەپەر جابدۇقىنى قىلىپ كۈن يورۇشقا قاراپ يولغا چۈشۈپتۇ. نان-ئوزۇق تۈگەپ، ئوت-چۆپ يىلتىزىنى كولاپ يەپتۇ. قاتتىق تاش تۆپىسىدە سانسىزلىغان كېچىلەرنى بىدار ئۆتكۈزۈپتۇ، پۇتلىرى قاپىرىپ قانلار ئېقىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ پەرى قىزنىڭ ۋىسالىغا يېتىش مەقسىتىدە ئىرادىسىدىن يانماي يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ئۇ ئاچ قورساق-سۇسىز چۆل-باياۋاندا ئىككى ئاي يول يۈرۈپ، ھېلىقى تۈگمەنگە يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا تۆت ئەتراپ پايانسىز چۆللۈك ئىكەن. پەرى قىز ئېيتقاندەك بۇ تۈگمەن تاراقلاپ چۆرگىلەپ ئۇن چىقىرىپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئۇيان-بۇيانغا قاراپ بېقىپتۇ، سەۋەبىنى زادىلا بىلەلمەپتۇ. پادىشاھ ئەمدى بۇ تۈگمەننىڭ سىرىنى قانداق قىلىپ بىلىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، گۈزەل شەھىرى يادىغا كېلىپ ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلۇپ، بېشىنى سەجدىگە قويۇپ، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ۋە چۈش كۆرۈشكە باشلاپتۇ:

ئۇ خىيالىغا چۆكۈپ تۈگمەننىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرغىنىدەك، تۇيۇقسىز ئاسماندىن چۈشكەندەك بىر نۇرانە ئاپئاق ساقال بوۋاي پەيدا بولۇپ، تۈگمەننىڭ خاسىيىتىنى سۆزلەپ،

Altunoq

يىغىلغان ئۇنلارنى خالتىغا قاچىلاپ، چىقىپ كېتىۋاتقىدەك. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپتۇ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بوۋا!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. بالام، يولۇڭ خەيرلىك، سەپەر قاياقتىن؟ — دەپتۇ بوۋاي.

پادىشاھ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى بىر-بىرلەپ بايان قىپتۇ. بوۋاي:

— بۇ تۈگمەن ئىلمىي ھېكمەت بىلەن قۇرۇلغان، سىز چۆرگىلەشنىڭ سەۋەبى زالىملارنىڭ ئۆمرى بىلەندۇر. چۈنكى زالىملار زۇلۇم قىلغانسېرى ئۆمرى قىسقىراپ مۇشۇ تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ. ئاشىسىز ئۇن چىقىرىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ دۇنيادىكى پىخسىق بايلار ئەتراپىدىكى كەمبەغەل-بىچارىلەرگە قىلچە رەھىم-شەپقەت قىلمايدۇ، ئاش-ئوزۇقى ئېشىپ-تېشىپ تۇرسىمۇ، بېرەي دېمەيدۇ. ھەتتا ئۇلار سورىسا يوق دەيدۇ. مانا شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئامبارلىرىدىكى ئاشلىقلارنىڭ بەرىكىتى مۇشۇ تۈگمەندە ئۇن بولىدۇ.

پادىشاھ ئويغىنىپ، خامىنى سۈپۈرۈپ يىغىلغان ئۇندا كۆمەچ كۆمۈپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ قايتىپ كېتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتسا، بىر توپ كەپتەرلەر ئۇچۇپ كېلىپ ئالدىغا چۈشۈپتۇ-دە، بىر سىلكىنىپ پەرى قىزلارغا ئايلىنىپتۇ ۋە:

— ئەي ئىرادىلىك ئىنسان، مەن سىزنى قوبۇل قىلدىم، تۇرۇڭ ئەمدى، دەرگاھىمىزغا قايتىپ كېتەيلى، كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ، — دەپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن «كۆزىڭىزنى ئېچىڭ» دەپتۇ. پادىشاھ قارىسا ئۆزىنىڭ شەھىرىدە تۇرغىدەك. شەھەر خەلقى داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. پادىشاھ قىرىق كېچە-كۈندۈز توي-تاماشا قىلىپ پەرى قىزنى ئۆزىنىكىگە ئاپتۇ. ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ پەرى ھامىلدار بولۇپ، بىر قىز تۇغۇپتۇ. شاھ تۇنجى قېتىم پەرزەنتلىك بولغىنى ئۈچۈن پۈتۈن شەھەر خەلقىگە قىرىق كۈن زىياپەت بېرىپتۇ. قىزنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ بېقىپتۇ. قىز قىرىق كۈنلۈك بولغاندا ئىسمىنى «نۇر چولپان» قويۇپتۇ. نۇرچولپان بالاغەتكە يەتكىچە ئەقلى توشۇپ كامالەتكە يېتىپتۇ. ئۇ شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، ھەيھات! ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار، كۆزى بۇلاقتەك، قاشلىرى قىيىقتەك، كىرپىكى ئوقيادەك، ئاغزى ئېچىلىۋاتقان قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك، مۇبارەك جامالىدىن چىققان نۇر ئۈچ كۈنلۈك يەرنى يورۇتىدىكەن. ئادەمزات نەسلىدىن ئەمەس، بەلكىم پەرىلەر نەسلىدىنمۇ نۇر چولپاندەك گۈزەللىككە تولغان ساھىبجامال تېپىلمايدىكەن. شۇ دەۋردىكى ئاتاقلىق رەسساملارمۇ بۇنىڭدەك يارقىن، كۆركەم رەسىمنى سىزالمايدىكەن، ھەتتا سىزغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ جامالىدەك ئەتراپقا شەھلا ئۇرۇپ تۇرىدىغان، نۇرلۇق سىيا تاپالماي، ئۇنى ياراتقان تەڭرىنىڭ ماھىرلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيدىكەن.

نۇر چولپان رېسىدە بولغىچە ئانىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شاھ سۆيۈملۈك ئايالى ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرسىمۇ، قىزىنى ئاسراپ ئۆزىگە سەۋرى بېرىپتۇ. مەلىكە رېسىدە بولغاندىن كېيىن، باشقا ئەللەرنىڭ پادىشاھ ۋە شاھزادىلىرى ئۆزىگە سوراپ ئەلچىلەر ئەۋەتىپتۇ. شاھ ئارزۇلاپ باققان يالغۇز قىزىنىڭ بەختىنى ۋە گۈزەل يۇرتىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى ئويلاپ ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ. مەسلىھەت بويىچە نۇر چولپاننىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەك بولۇشۇپ ئادەم قويۇپتۇ. نۇر چولپان:

— دادامنىڭ ئەمرىگە مەن تاما مەن بويسۇنىمەن، ئۆزخاھىشى بىلەن ئىش كۆرۈۋەرسۇن.
ئۇنداق قىلماي مېنىڭ خاھىشىمچە ئىش كۆرىمەن دېسە، بۈگۈندىن ئېتىبارەن پۈتۈن دۇنيا-
نىڭ ھۈنەر - سەنئەت ئىگىلىرىنى يىغسۇن، مەن ئۇلارنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈپ، شۇلارنىڭ بىرى-
سىگە ئۆزۈمنى قوبۇل قىلاي،- دەپتۇ.

ئەقىللىق قىزنىڭ تەلىپىگە پادىشاھمۇ ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جاكارچىلار پۈتۈن
دۇنياغا مۇنداق پەرمان جاكارلاپتۇ:

— قىز ئىنىڭ ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھەر قانداق كىشى ياكى
پادىشاھ، شاھزادە بولسۇن، ياكى ۋەزىر، بەگزادە بولسۇن ۋە ياكى ئۆلىما، ئالىم بولسۇن،
ياكى پېقىر-مىسكىن بولسۇن ھۈنەر - سەنئەتتە كامالىغا يەتكەن بولسىلا مۇرادىغا يەتكۈسى-
دۇر — كاشغەر شاھى يېزىپتۇ.

بۇ پەرمان كۈن نۇرىدەك تېز لىكتە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقاپتۇ. قىزنى كۆرمەي
غايىبانە ئاشىق بولغان مىڭ بىر خىل ھۈنەر ئىگىلىرى ساھىپجامال قىزنىڭ ۋىسال ئارزۇ-
سىدا كاشغەرگە ئېقىشقا باشلاپتۇ. مەلىكە ھەممە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ماھارىتىنى كۆزدىن كۆچۈ-
رۈپ، ياغاچچىنى قوبۇل قىپتۇ ۋە ئاتىسىغا خەۋەر بېرىپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەت
خەلقىگە ياغاچچى ۋاھاپنى كۈيئوغۇل قىلغانلىقىنى جاكارلاپ، تەنتەنىلىك توي زىياپىتى
باشلاپتۇ.

ئۇلار توينى قىلىۋەرسۇن، ئەمدى گەپنى بۇيادىن ئاڭلاڭ:

مەغرىپ دىيارىدا بىر زالىم پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئالاكۆز، بويىنى ساپاقتەك، بېشى قاپاق-
تەك، ۋورسىقى باداڭدەك بەت - بەشىرە بىر ئوغلى بار ئىكەن. پادىشاھ ئۇ ئوغلىغا شۇنداق ئامراق ئى-
كەنكى، ھەتتا ئۇنىڭ بىردەملىك كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن نەچچە ئونلىغان پۇقرالارنىڭ ناھەق قېنىنى
تۆكۈشكە رازى ئىكەنكى، ئوغلىنىڭ دىلىنى چىگىشكە رازى ئەمەس ئىكەن. پادىشاھ ئارزۇلۇق ئوغلىغا
ئەقىل ۋە ئىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن، شەھەرنىڭ سىرتىغا چارباغ ياسىتىپ، ئۇ يەرگە دۇنيادىكى
ھۆكۈما ۋە سېھىرگەرلەرنى توپلىغانىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەغرىپ شاھى ھۆكۈمالارغا قۇرئە سالدۇرۇپ:

— ئوغلۇم بالاغەتكە يەتتى، ۋاقتىدا بېشىنى ئوڭشاپ قويمىساق بولمايدۇ. ھەر قايى-
سىڭلار دۇنيانىڭ سىرلىرىنى بىلگۈچى كىشىلەر بولغانلىقىڭلار يەتتە ئىقلىمدا تەڭداشسىز گۈزەل
قىزدىن بىرنى تېپىڭلار. يورۇق دۇنيانىڭ قەيىرىدە بولسا مەيلى،- دەپ ئەمر قىپتۇ.
ھۆكۈمالار قۇرئە كىتابلىرىغا قاراپ ئۇزاق ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن:

— ھۆرمەتلىك شاھىم! دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە نەزەر سالدۇق، كاشغەر پادىشاھىنىڭ
قىزى بىردىنبىر گۈزەل ئىكەن. ئۇنىڭ چىرايلىق ھۆسنىگە ئىنسانلار ئىچىدە ئەمەس، بەلكىم
كويىقاپ پەرىلەر ئىچىدىمۇ ئاپىرىن ئوقۇغىدەك، بىراق ئۇ قىز نىكاھ زىر تويى بولۇۋېتىپتۇ،-
دەپ خەۋەر بېرىپتۇ.

— ئاتلىق بېرىشقا قانچىلىك يول؟ سوراپتۇ شاھ.

— ئاتلىق بېرىشقا بىر يىل ۋاقىت كېتىدۇ. ئاڭغىچە قىز نىكاھلىنىپ بولىدۇ، ئۈلگۈرۈش

مۇمكىن ئەمەس. شاھىم بىزگە ئىجازەت قىلسىلا، شاھزادىنى بىرگە ئېلىپ سېھىر - جادۇ بىلەن ئۈچ كۈندە كاشغەر دىيارىغا بېرىپ قىزنى ئېلىپ كېلەيلى.

شاھ خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتۇرۇپ يېتەرلىك نەرسىلەرنى تولۇق ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. جادۇگەرلەر شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ بىرلا ئېغىناپ لاچىنغا ئايلىنىپ، كاشغەر شەھىرىگە قاراپ راۋان بوپتۇ.

نۇر چولپان بىلەن ۋاھاپنىڭ تويى باشلانغىلى قىرىق كۈن بولغانىكەن، تۇيۇقسىز چوڭ مەرىكە سورۇنىغا بىر توپ بۇلبۇل ئۇچۇپ كىرىپ، پادىشاھ ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ باشلىرىغا قونۇپ سايراشقا باشلاپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىك ئارىلىقتا بۇلبۇللار غايىپ بولۇپ، ئىككى لاچىن پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى لاچىنلار بىرلا قانات قېقىپ ئىسقا ئايلىنىپ ھەممە ياقنى ئىس قاپلاپ كېتىپتۇ. توي ئەھلى ھەيران بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ قاپتۇ. قارا ئىس بارا - بارا كىچىكلەپ قاپقارا بىر يىلانغا ئايلىنىپتۇ. يىلان كۈش - كۈش قىلىپ بىر يۇمىلاپ ھەيۋەتلىك ئەجدىھاغا ئايلىنىپ، دوستىخاندىكى نازۇ - نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى دەم تارتىپ يېۋېتىپ بىرلا سىلكىنىپ بىر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ - دە، پادىشاھقا تازىم بىجا كەلتۈرۈپ:

— ئەي ھۆرمەتلىك شاھ! بىز مەغرىپ دىيارىنىڭ ئەلچىلىرى بولىمىز. شاھىمىزنىڭ يىگانە ئوغلىغا ئۆزلىرىنىڭ ساھىپجامال قىزلىرىنى سوراپ كەلدۇق. ھۈنەر - سەنئەت تەلەپ قىلسىلا ھەممە ئىش قولىمىزدىن كېلىدۇ، ئەگەر خوپ كۆرمىسىلە، پۈتۈن شەھەرلىكلەرنى ۋەيران قىلىپ پۈتۈن ئادەملەرنى تاشقا ئايلاندۇرۇپ، مەلىكىنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كېتىمىز، - دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ يۈرىكىدە قورقۇنچ پەيدا بولۇپ:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، يىراق جايدىن كېلىشىپلا، ئاۋۋال ھاردۇق چىقىرىپ سۆزلەشسەكمۇ كېچىكمەيمىز، - دەپ مېھمانلارنى مېھمانخانىغا باشلاشنى ئەمر قىپتۇ. تەنتەنىلىك توي بىردەمدە قايغۇ - ئەلەمگە ئايلىنىپتۇ. پۈتۈن شەھەر جادۇگەرلەرنىڭ ۋەھىمىدىن سۈكۈتكە چۆمۈپتۇ. ئۆمۈرلۈك ۋاپادارى بىلەن قوشۇلۇش ئىستىكىدە شېرىن ئارزۇلارنى قىلىپ كەلگۈسى لەززەتلىك يېڭى تۇرمۇشنى كۈتۈپ ئولتۇرغان مەلىكە، بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. پادىشاھ جېنىدىن ئېزىز ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان يالغۇز قىزىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۆز ھاياتىنى بەدىلىگە قىزىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش نىيىتىگە كەپتۇ ۋە ئەلچىلەرگە:

— قىزىم ھازىر نىكاھلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئەلچىلەرنىڭ مەغرىپ شاھىغا مۇشۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلىمەن، - دەپتۇ.

بىر جادۇگەر بىر چىمدىم توپىنى ھاۋاغا چېچىپتۇ. شۇ زامات قارا بوران پەيدا بولۇپ ھەممە ياقنى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ، ھېچكىم نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. جادۇگەرلەر نۇر چولپان بىلەن ۋاھاپنى كولبارىغا سولاپ، خەزىنىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشلەرنىڭ ھەممىنى ئېلىپ، بىر ئەپسۇن ئوقۇپ پۈتۈن خەلقنى تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ ئۆز شەھىرىگە راۋان

بوپتۇ. ئۇلار ئەتىسى بىر جەزىرىگە كېلىپ ۋاھاپنى بىر تىلسىم قۇدۇققا تاشلاپ: «ئەمدى زامان ئاخىرىغىچە مۇشۇ تىلسىمدا ئازاب چېكىسەن» دەپ ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

مەغرىپ شاھى توينى باشلاپتۇ. نۇر چولپان كېچە - كۈندۈز يىغلايدىكەن. نىكاھ ئاخشىمى ئۇ ئاتىسى ۋە ۋاھاپنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ خۇدادىن مەدەت تىلەپ ئولتۇرسا، بىر كېنىزەك كىرىپ: «مەلىكەم، ئۆزلىرىنى ‹رەيگۈل› خېنىم كۆرگىلى كەپتۇ» دەپ خەۋەر قىپتۇ. ئاغىچە بويى ئېگىز، كۆزلىرى يوغان، سېرىقچاچ بىر قىز كىرىپ كەپتۇ. نۇرچولپانمۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن قارشى ئاپتۇ. رەيگۈل ئەسلىدە بۇ مەملىكەتتىكى جادۇگەرلەرنىڭ ئۇستازىنىڭ قىزى ئىكەن. ئۇ جادۇگەردىن شاھمۇ قورقۇپ چېقىلالمايدىكەن. رەيگۈل نۇر چولپاننىڭ تولۇن ئايدەك جامالىغا مەھلىيا بولۇپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ.

— ئەي بىچارە قىز! نۇرلۇق جامالىڭنىڭ بۇ نىجىسنىڭ قولىدا دەپسەندە قىلىنىشىغا كۆڭلۈم قويمايۋاتىدۇ. مەن سېنى قۇتقۇلدۇرۇپ قوياي، بولمىسا سەن مېنىڭ جېنىڭ بولسىمۇ بۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلالمايسەن. ماۋۇ قالپاقنى «سۇلايمان قالپاق» دەيدۇ. بېشىڭغا كېيىۋالساڭ سېنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ. بۇ نابىكارنىڭ ئۆمرى مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆتسۇن، - دەپ نۇر چولپاننىڭ ئورنىدا بىر قورچاقنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئىككىيلەن بىللە يېنىپ چىقىپتۇ. نۇر چولپاننى ھېچكىم كۆرمەپتۇ. رەيگۈل نۇر چولپاننى ئۆز ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ. نۇر چولپان توي كۈنىدىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. رەيگۈل:

— سەن بۇ يەردىن چىقىپ قىرىق كۈن ماڭساڭ ئۇ تىلسىمغا يېتىپ بارىسەن، تىلسىمنىڭ ئاغزىدىن گۈگۈرەپ ئوت چىقىپ تۇرىدۇ. ئوت سەھەر پەسلىدە بىر سائەت سەل پەسلەيدۇ. سەن شۇ ۋاقىتتا قورقماي كۆزۈڭنى مەھكەم يۇمۇپ سەكرىگىن، تېگىگە چۈشسەڭ بىر دېدەك ئالدىڭغا كېلىدۇ. شۇنى تۇتۇپ سوراق قىلساڭ ھەممە گەپلەرنى شۇ ئېيتىپ بېرىدۇ. ناھايىتى پەخەس بول! قالپاقنى بېشىڭدىن زادىلا ئايرىما! ئەمدى ئاتاڭ ۋە شەھەرخەلقىڭگە كەلسەك، ئۇلارنى جادۇلارنىڭ سېھرىدىن مۇنۇ ئىسمىياتنى ئوقۇساڭ خالاس بولىدۇ. بىراق، ئۇلار تىلسىمنىڭ تەسىرىدىن روھىي پالەچ بولۇپ قالىدۇ. تاماق كەلسە تويغىنىنى بىلمەي يەۋىرىدۇ. ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭالمايدۇ، - دەپتۇ.

نۇر چولپان بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تازىم بىلەن يىغلاپ سوراپتۇ:

— خېنىم بۇنىڭ ئامالى يوقمۇ؟ ئامالى بولسا سۆزلەپ بېرىڭ، ھەرقانچە جاپالىق بولسىمۇ ئۆز ھاياتىم بەدىلىگە ئۇلارنى قۇتقۇزىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ سەۋەبىمدىن شۇ مۇشكۈلگە دۇچار بولدى.

— ئۇنىڭ ئامالىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، بىر كۈنى دادامنىڭ بىر شاگىرتىغا «روھىي پالەچ كىشىلەرگە زۇلماتقا كىرىپ ئابىھايات دەرياسىنىڭ سۈيىدىن ئېلىپ چىقىپ ئىچۈرسە ئەسلىگە كېلىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم، زۇلماتنىڭ قەيەردە ۋە قانچىلىك يول ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

نۇر چولپان رەيگۈل بىلەن خوشلىشىپ يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. چۆللۈ-چۆل، تاغمۇ - تاغ يۈرۈپ قىرىق كۈندە ھېلىقى تىلسىمغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، ھەيۋەتلىك

ئوت كۆيۈپ تۇرغانىكەن . سەھەر پەسلى بولغانلىقتىن ئوت پەسلەپتۇ ، نۇر چولپان كۆزىنى يۇمۇپ سەكرەپتۇ . تېگىگە چۈشۈپ كۆزىنى ئاچسا ئالدىدا ھەيۋەتلىك بىر سارايى تۇرغىدەك . ھەيران بولۇپ تۇرسا قاياقتىندۇر بىر قىز پەيدا بولۇپ قاپتۇ ۋە جادۇ قىلىش ئۈچۈن بىر نەرسىلەرنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ . ئاڭغىچە نۇر چولپان ئۇنىڭ كانىيىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇپ خەنجەرنى بوغۇزىغا تەڭلەپ سوراپتۇ :

— سەن كىم ، قەيەردىن كەلدىڭ ؟

— مەن مەلىكە جادۇنىڭ خىزمەتچىسى ، شۇنىڭ قېشىدىن كەلدىم .

— جادۇ قەيەردە ، نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ؟

— ئۇ سارايدا ئارام ئېلىۋاتىدۇ .

نۇر چولپان مەلىكە جادۇنى يوقىتىپ تىلىسىمنى بەربات قىلىشقا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ . كېنىزەك :

— جادۇنى ئۆلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ، چۈنكى ئۇنىڭ جېنى تېنىدە ئەمەس . مېنىڭ گۇمان قىلىشىمچە مەيدە يانچۇقىدا بىر ئالتۇن ساندۇق بار شۇنىڭدا بولۇشى مۇمكىن . ئۇنىڭدا بولغاندىمۇ ئۇنى قانداقمۇ ئالغىلى بولسۇن ؟ – دەپتۇ .

نۇر چولپان كېنىزەكنى ئازاد قىلىپ ، بېشىغا سولايمان قالپاقنى كىيىپ كەينىدىن سارايغا كىرىپتۇ ... ئىچكىرى ئۆيدە جادۇ ئۇخلاۋاتقانىكەن . ئۇ ئاستا يېنىغا بېرىپ تۇيدۇرماي مەيدە يانچۇقىدىكى ساندۇقنى ئاپتۇ . ساندۇقنىڭ ئىچىدە بىر قاپچا بار ئىكەن ، ئۇ قاپچىدا ئوتتۇرا سۇ بولۇپ ئۇنىڭدا بىر ئالتۇن بېلىق بار ئىكەن . نۇر چولپان يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ ئالتۇن بېلىقنى ئۆلتۈرۈپتۇ . شۇ زامان جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ ئاسماندىن قانلار تېمىپ « ئېبلىس – ئېبلىس » دېگەن قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ . ئۇ بېشىنى سەجدىگە قويۇپ دۇئا يېتىۋاپتۇ . بىر ھازادىن كېيىن قارا بۇلۇتلار تارقاپ ھاۋا ئېچىلىپتۇ . ئەسلىدە بۇ تىلىسىم بىر يوغۇنلۇق جاڭگال ئىكەن . جادۇگەر بىر يۈز ئەللىك ياشتىن ھالقىغان قېرى ئايال ئىكەن . كېنىزەكلەر قوچاق ئىكەن . ئۇ ۋاھاپنى ئىزدەپ قارىسا بىر يوغۇنغا باغلاقلىق ئىكەن . ئۇ يۈرەك پارىنى كۆرۈپ يىغلاپساپتۇ ، ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ بېشىدىن ئۆتكەن قىسمەتلەرنى سۆزلىشىپتۇ .

نۇر چولپان ۋاھاپقا كاشغەرگە قايتىپ تاشقا ئايلانغان خەلقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تۇرۇشنى تاپىلاپ ، ئۆزى ئابىھايات دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەرەنچە كىيىنىپ زۇلماتقا قاراپ راۋان بوپتۇ . ۋاھاپ مېھرىبان يارىنىڭ ئارقىسىدىن تويماي قاراپ ، بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ :

نىجادكارىم ، گۈل يۈزلۈك يارىم ،
يولۇڭغا تەلمۈرەي ، قايتىپ كەلگۈچە .
ئەگەردە خالىساڭ ، ھەمراھ بولايلى ،
زۇلمات دەرياسىغا بېرىپ كەلگۈچە .

نۇر چولپان يۈرۈپتۇ – يۈرۈپتۇ ، كۆپ مۇشەققەتلەرنى چېكىپتۇ . نۇرغۇن شەھەر – يېزىلارنى كېزىپ توت ئاي بولغاندا بىر شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ . شەھەر خېلى گۈزەل

بولسىمۇ، ئادەملىرى شالاڭ ئىكەن. ئۇ كوچا ئارىلاپ پۇقرالارنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە قۇلاق سالىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى بەك زالىم ئىكەن، ھەتتا، خەلق كۆپىيىپ كەتسە ماڭا ئاراmچىلىق بولمايدۇ، دەپ ياش قىز - ئوغۇللارنى ئىككى ئورۇنغا يىغدۇرۇپ، قىرىق ياشقا كىرمىگىچە نىكاھلىنىشقا يول قويمايدىكەن، پۇقرالار زالىم شاھنىڭ بۇ ئىشىغا نارازى بولسىمۇ ئامالسىز ئىكەن. نۇر چولپان سولايمان قالپاقنى كىيىپ، شاھ ئوردىسىغا كىرىپتۇ. ئۇ يان ئارىلاپ - بۇ يان ئارىلاپ بۇتخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسە شەيخلەر پادىشاھ ئىبادەتكە كېلىدۇ دەپ تەييارلىق قىلىشىۋاتقان ئىكەن. ئۇ ئىچكىرى كىرىپتۇ. قارىسا ئوتتۇرىدا ئېگىز كۇرسىدا بىر ئالتۇن بۇت ئولتۇرغان ئىكەن، ئەتراپىدا نۇرغۇنلىغان بۇتلار ئۇنىڭغا قول باغلاپ تۇرغان ھالەتتە تۇرۇشقان ئىكەن، ئۇ بۇ بۇتلارغا يېقىن بېرىپ قارىسا، ھەر بىرىگە ئۈچ تالدىن يىپ ئورنىتىلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، تارتىپ بېقىپتۇ. ئۇ يىپلارنىڭ بىرىنى تارتسا بۇتلار قولىنى كۆتۈرىدىكەن، يەنە بىرىنى تارتسا پۇتىنى مىدىرلىتىدىكەن، ئۈچ تالىنى بىرلا تارتسا دەس ئورنىدىن قوپىدىكەن. بۇتلار نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن ياسالغاچقا بۇ سىرنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. بىر ھازادىن كېيىن پادىشاھ خوتۇن، بالا-چاقىلىرى بىلەن كىرىپ بۇتقا سەجدە قىلىشقا باشلاپتۇ. ئالتۇن بۇتنىڭ كەينىدە تۇرغان نۇر چولپان ئۈچ تال يىپنى بىرلا تارتقان ئىكەن، شاراق - شۇرۇق قىلىپ ھەممە بۇتلار ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ. پادىشاھ قورققىنىدىن بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي ھەدەپ سەجدە قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇتلار ئاستا ئۆز ئورنىغا ئولتۇرۇپتۇ ۋە ئالتۇن بۇت نىدا قىپتۇ:

— ئەي بىھايا، قانداق قىلارچە مېنىڭ ئالدىمغا كەلدىڭ!؟ مەن سېنى ئۇلۇغلاپ شاھلىق مەرتىۋىسىنى بەرسەم، يەنە نېمە ئۈچۈن مېنىڭ رىزالىقىم بويىچە ئىش قىلمايسەن؟ ئېيتىپ باقە، نېمە ئۈچۈن مۆمىن بەندىلىرىمنى ئەركىن نىكاھلىنىشقا قويماي، قاماۋالىسەن!؟

— ھۆرمەتلىك تەڭرىم! ئۇلارنى بۈگۈنلا ئازاد قىلاي، سېنىڭ ھەققىڭدە نەزىرە بېرەي، گۇناھىمنى كەچۈرگىن، - دەپ يالۋۇرۇپتۇ پادىشاھ قورققىنىدىن غال - غال تىترەپ.

— ئەگەر ھازىردىن باشلاپ ھەممەيلەننى ئازاد قىلىپ، ئوردا ئامبىرىدىكى ئاشلىقلارنى كەمبەغەل بىچارىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرمەيدىكەنسەن، غەزىپىم ئوتىدا كۆل بولىسەن، - دەپ شاراق - شۇرۇق قىلىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ، پادىشاھ خوش - خوش دېگىنىچە كەينىچە مېڭىپ بۇتخانىدىن ئاران چىقىپتۇ ۋە پەرمان چۈشۈرۈپ، سولانغان ياشلارنى ئازاد قىلىپ، ئامباردىكى ئاشلىقلارنى تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ.

نۇر چولپان يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ماڭا - ماڭا پۇتلىرى قاپىرىپ ئىششىپ كېتىپتۇ. مېڭىۋېرىپ قاپارتقۇلار تېشىلىپ قانلار ئېقىپتۇ. ھەر بىر قەدەم ئىزىدا قان داغلىرى قاپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئىرادىسىدىن قايتماي چىشىنى چىشلەپ مېڭىۋېرىپتۇ.

بېيىت:

قادىرا، يەكتا ئىگەمسەن، مەن غېرىبقا رەھىم قىل،
تەمتىرەپ چۆللەردە قالغان، بىناۋاغا رەھىم قىل.

www.uyghurkitap.com



نۇر چولپان مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى چېكىپتۇ. ئاقىۋەت يىراقتىن بىر يېشىللىقنى كۆرۈپتۇ. ئۇ گويا مەنزىلىگە يەتكەندەك جانلىنىپ قەدىمىنى تېزلىتىپ شۇياققا قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ كۆرۈنگەن يېشىللىق بىر دەريا ئىكەن. دەريانىڭ ئۇ قېشىغا كۆز يەتمەيدىكەن. سۈيى شۇنداق تېز ئاقىدىكەنكى ئاتلىق يۈگرەپمۇ يەتكىلى بولمايدىكەن. ئۇ دەريادىن ئۆتۈشنىڭ ئىلاجىنى قىلالماي ئاياغ ئېقىنىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئۈچ كۈندە مۈرغىزارلىق خۇشھاۋا بىر مەنزىلگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ «بۇ قەيەر ئىكەن؟» دەپ ھەيران بولۇپ تۇرسا، ئالدى تەرەپتىن قارا ساقاللىق نۇرانە بىر كىشى كېلىپ:

— كېلىڭ قىزىم، — دەپ تەكلىپ قىپتۇ. بۇ كىشى نۇر چولپاننىڭ تاغىسى ئىكەن. بۇ خۇشھاۋا جاي مەرھۇم ئانىسىنىڭ مەنزىلى ئىكەن. نۇر چولپان تاغىسى بىلەن تونۇشۇپ، ئانىسىنىڭ قەدەم جايلىرىنى تاۋاپ قىلىپ زار-زار يىغلاپتۇ. تاغىسى ئۇنى كۈچلۈك تاماقلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ بەدىنىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپتۇ. بىر كۈنى تاغىسى نۇر چولپاننى بەدەنگە ھوزۇر ۋە رەڭ بەرگۈچى سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇپ پەرىلەرگە خاس كىيىملەرنى ئالدىدا قويۇپ كىيىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. نۇر چولپان ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىپ ئۇ كىيىملەرنى كىيىشنى رەت قىپتۇ.

— ئاھ، بالام، يولۇڭ يىراق، بۇ نىيىتىڭدىن يانغىن، — دەپتۇ تاغىسى، — ئابىھايات دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئېلىپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس، ھېلىغۇ سەن ئادەمزات ئىكەنسەن، بىز پەرىلەرمۇ ئۇ يەرگە بېرىشتىن قورقىمىز، ئۇ سەپەرنىڭ خەتىرى تولا، بېرىش مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن بولغاندىمۇ ئۆمرۈڭ قىسقا كېلىپ جەسىتىڭ چۆلدە قالىدۇ. ئاتاڭ قېشىغا بارغۇڭ كەلمىسە، مېنىڭ يېنىمدا تۇرساڭ بولىدۇ، مەن ساڭا پەرىلەردىن كېنىزەكلەر ھازىر قىلىپ بېرىمەن.

— تاغا، يولۇمنى توسماڭ، — دەپتۇ نۇر چولپان كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — خۇدا خالىسا ئابىھايات سۈيىنى ئېلىپ كېلىپ ئاتام ۋە شەھەر خەلقىنى قۇتۇلدۇرىمەن.

پەرى نۇر چولپاننى نىيىتىدىن ياندۇرالماي بىر كولبارا بېرىپتۇ. بۇ جاھانكۆز كولبارا ئىكەن، بۇنىڭغا ھەر خىل تاماق قاچىلانغان، — دەپتۇ پەرى چۈشەندۈرۈپ، — ھەر كۈنى ئىككى لوقمىدىن يېسەڭ ساڭا ئون يىل يېتىدۇ.

— كۆزۈڭنى يۇم، — دەپتۇ پەرى، بىر ھازادىن كېيىن ئۇ كۆزۈڭنى ئاچ، — دەپتۇ. نۇر چولپان كۆزىنى ئېچىپ قارىسا بىر دەشتۇ باياۋاندا تۇرغىدەك. پەرى:

— قىزىم، سەن ئۈچ يىل مېڭىپ، ئادەمزاتلارنىڭ ھاياتلىق دائىرىسىدىن ھالقىپ مېنىڭ مەنزىلىمگە كەلگەن ئىدىڭ، ھازىر مەن سېنى پەرىلەرنىڭ پەرۋاز قىلىش دائىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، سەن بۇ ئارىلىقنى بەش يىلدىمۇ مېڭىپ تۈگىتەلمەيتتىڭ. خەير، ساڭا ئاق يول تىلەيمەن. كۈندۈزى كۈننى، كېچىسى ئاينى بەلگە قىلىپ ئاداشماي ماڭغايسەن، سېنى ياراتقان پەرۋەردىگارىم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دەپ يامغۇردەك كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ دۇئا قىلىپ ئۆز مەنزىلىگە قايتىپتۇ.

نۇر چولپان ھەر كۈنى ئىككى لوقمىدىن تاماق يەپ مېڭىۋېرىپتۇ. يولنى كۆپ يۈرگەنلىكتىن تۆمۈر ھاسىمۇ ئۇپراپ چىۋىقتەك ئىنگىلىپ كېتىپتۇ. جاپا-مۇشەققەتنىڭ ئازابىدىن بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ، چاچلىرى ئاقىرىپ بەللىرى مۈكچىيىپتۇ. شۇ تەرىقىدە

كۆڭلەر ئۆرتۈۋېرىپتۇ، ئۇ يول مېڭىۋېرىپتۇ. ئاخىرى كولبارىدىكى تاغىسى قاچىلاپ بەرگەن ئوزۇق - تۈلۈكمۇ تۈگەپتۇ. قورساقلىرى ئېچىپ ماغدۇرسىزلىنىپ:

— مەن ئابىھايات دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئېلىپ بارالماي بۇ چۆلدە ئاچ-زارلىقتىن ئۆلۈپ كەتسەم، ئاتام ۋە شەھەر خەلقىنىڭ ھالى نېمە بولغاي؟ — دەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپتۇ:

كۆڭۈلدىن - كۆڭۈلگە زىيادە دۇر كۆلپىتىم،
زەئىپلەشتىم، ئاجىزلاشتى قۇۋۋىتىم.
بۇ ھاياتتىن ئۆلمەكلىكىم ياخشىراق،
يا بولمىسا غېرىبلىقتا ئۆلپىتىم.

نۇرچولپان جانىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، زار - زار يىغلاپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇنىڭ چۈشىگە بىر ئاقساقال كىرىپتۇ. ئاقساقال باش كۆزىنى سىلاپ:

— قىزىم، يىغلىما ... ئىنشائاللا مۇرادىڭغا يېتىسەن. ئۇن يىلدىن بېرى بۇ ئادەمسىز جەزىرىدە جاپا چېكىۋاتىسەن، ئەجرىڭ يەردە قالمايدۇ. مەردانە بول، ماۋۇ ناننى يەپ سەپىرىڭنى داۋاملاشتۇر! — دەپ بىر ناننى بېرىپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. نۇرچولپان ئەتىسى ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى بوۋايدىن ئەسەرمۇ يوق، ھەممە ياق جىمجىت. قولىدا بىر نان. كولبارىغىمۇ تاماق قاچىلانغانىكەن. ئۇ قورسىقىنى تويغۇزۇپ يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. نۇرچولپان شۇ ماڭغانلىرىچە بىر نەچچە تاغ، دەشتىلەردىن ھالقىپ بىر دەرەخلىككە يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار كۆپ ئىكەن. يىرتقۇچ ھايۋانلار مالدەك بىر - بىرسى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈيدىكەن. ئۇ، بېشىغا سۇلايمان قالپاقنى كىيىپ شەپە چىقارماي بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

نۇرچولپان مېڭىپ، مېڭىپ ياۋا مېۋىلەر پىشىپ مەي باغلاپ كەتكەن بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ يەردە ئىنسانلار بار ئوخشايدۇ، دەپ خۇشال بوپتۇ ۋە مېۋىلەردىن تويغىچە يەپ، ھارغىنلىقتىن ئۇخلاپ قاپتۇ، بۇ ئەسلىدە بېشى ئادەمدەك، بويى پاكار، پۇت - قوللىرى ئاغامچىدەك ئۇزۇن، رودۇپايلارنىڭ جايى ئىكەن.

بىر رودۇپاي نۇرچولپاننى كۆرۈپ دەرھال بويىنىغا مىنىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ نۇرچولپاننى كېچىسى چىرماپ يېتىپ، كۈندۈزى بويىنىغا مىنىپ يول مېڭىشقا مەجبۇرلاپ بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ رودۇپايدىن زادىلا قۇتۇلالماپتۇ. بىر كۈنى نۇرچولپان ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. رودۇپاي ئۇزۇن زىخلارنى سانجىپ بېقىپتۇ، چىشلەپتۇ. ئاخىرى «ئۆلدى» دەپ تاشلاپ كېتىپتۇ.

نۇرچولپان ھوشىغا كېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ، ئۇ ماڭا - ماڭا بىر ئېگىز تاغقا بېرىپ قاپتۇ. تاغنىڭ تۆۋىدە دۆۋە - دۆۋە ئادەم سۆڭەكلىرى تۇرغىدەك، بۇ تاغ ئېگىزلىكتە ئاسماننى تىرەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىكەن. نۇرچولپان بۇ تاغدىن ئۆتۈشنى چاغلىيالماي تۇرغاندا، تۇيۇقسىزدىن قاتتىق بوران چىقىپ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ، ئارقىدىن ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن قاپقارا بىر مۇدھىش دىۋە پەيدا بولۇپ ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېتىپتۇ.

نۇر چولپان كۆزىنى ئاچسا ئەتراپىدا بېشى باداڭدەك، بويى مۇنارەدەك، بۇرۇن تۆشۈكلىرى مورىدەك، ئاغزى دەرۋازىدەك بەتبەشىرە دىۋىلەر تۇرغىدەك، تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھى ئەمر قىپتۇ:

— دەرھال ئۆلتۈرۈپ، زىخ كاۋاپ قىلىڭلار! ئىككى دىۋە نۇرچولپاننى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كېيىمىنى سالدۇرۇپتۇ ۋە مەيدىسىگە قاراپ:

— شاھىم ئۇ ئايال ئىكەن،- دەپ مەلۇم قىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا،- دەپتۇ دىۋە شاھى،- ئۆلتۈرمەڭلار، ئويۇنچۇق بولسۇن. نۇر چولپان دىۋىلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلالماپتۇ. نائىلاج ئۇلارنى ئالداش ئۈچۈن شاراب تۇتۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭلىنى ئاپتۇ ۋە شۇ ئارقىلىق قالپىقىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىپتۇ. ئۇ بىر نەچچە قېتىم قاچماقچى بوپتۇ - يۇ، قاچالماپتۇ، چۈنكى دىۋىلەرنىڭ بۇ جايى قۇدۇققا ئوخشايدىكەن، ئۇنىڭ چۆرىسىدىكى ئېگىز تاغلاردىن قاناتسىز ئۆتۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

ئاردىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى نۇرچولپان ئۆز ھالىغا ئېچىنىپ خۇداغا مۇنا-جات قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

مۇناجات ئەيلىدىم، ساڭا يالۋۇرۇپ،
بۇ چۆللۈكتە ماڭا ھەمدەم بولمىسا.
تېنىمدە قالمىدى سەۋرى قارارىم،
بۇ مۈشكۈلۈم ئەمدى ئاسان بولمىسا.

نۇرچولپان يىغلاپ ئولتۇرسا، بويى سۇۋادان تېرەكتەك چاچلىرى ئاغامچىدەك بىر دىۋە قىز كىرىپ كەپتۇ. بۇ دىۋە پادىشاھىنىڭ قىزى ئىكەن. نۇر چولپان ئۇنى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ، بېشىنى بېقىپ قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ نۇرچولپان دىۋە قىزنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىپتۇ. دىۋىلەر شىكارغا كەتكەندە ئىككىيلەن بىرگە كۆڭۈل ئاچىدىكەن. دىۋە قىز بارا - بارا ئۇنى كۆتۈرۈپ يىراق جايلارغىمۇ ئاپىرىپ تاماشا قىلدۇ-رۇپ كېلىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى دىۋە قىز نۇرچولپاننىڭ ئايىدەك جامالىغا زوقلىنىپ سوراپتۇ:

— سەن بەك چىرايلىق ئىكەنسەن، قانداق قىلغاندا سېنىڭدەك چىرايلىق بولغىلى بولىدۇ؟

— مەندە سۇلايمان پەيغەمبەردىن قالغان بىر قالپاق بار ئىدى،- دەپتۇ نۇرچولپان،- شۇنى كىيىپ مۇشۇنداق چىرايلىق بولغانىدىم.

— قالپاق ھازىر قەيەردە؟

— ئۇنى ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلگەنىدىم، ھازىر ئاكىڭىزنىڭ قولىدا، ئە-گەر سىز شۇنى قولغا چۈشۈرسىڭىز مەندىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىسىز.

دىۋە قىز ئاخىرى قالپاقنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. ئۇ كۈنى دىۋىلەرنىڭ ھەممىسى شى-كارغا كەتكەنىكەن، نۇرچولپان ئۇنى مۇبارەكلەپتۇ ۋە چاندۇرماي «ئەمدى سىز بۇ قالپاقنى گۈللەر ئېچىلغان، بۇلبۇللار سايرىغان خۇشھاۋا يەردە بېشىڭىزغا كەيسىڭىز دۇنيادا گۈزەل-لەرنىڭ گۈزىلى بولۇپ كېتىسىز» دەپتۇ. دىۋە قىز خۇشال بولۇپ ئۇنى كۆتۈرۈپ بىر باغقا ئېلىپ

بىرىپتۇ. بۇ شۇنداق گۈزەللىككە تولغان باغ ئىكەنكى ھەيھات...! بەئەينى جەننەت ئىكەن.

— مەلىكەم بۇ قەيەر؟ — دەپ سوراپتۇ نۇرچولپان.

— بۇنى « باغى ئىرەم » دەيدۇ، مەخسۇس مەن ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان باغ، — دەپتۇ دىۋە قىز.

ئىككەيلەن شىپاڭغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. نۇرچولپان:

— ئەككىلىك، قالپاقنى بېشىڭىزغا ئۆز قولۇم بىلەن كەيدۈرۈپ قوياي، — دەپ قولىغا ئېلىپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. دىۋە قىز ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، ئېگىز - پەس ۋارقىراپ، ئۇستۇن - تۈۋەن دەسسەپ باغنى ۋەيران قىپتۇ.

نۇرچولپان قالپاقنى كىيىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ كۆتمىگەندە يەنە بىرەر خىيىم - خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قالپاقنى زادىلا بېشىدىن ئالماي كېچە-يۈ كۈندۈز مېڭىپتۇ.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، بىر كۈنى يېرىم كېچىدە نۇرچولپان ئاجايىپ سۈرلۈك بىر يەرگە كېلىپ قاپتۇ، ھەممە ياق قېلىن ئورمانزارلىق ئىكەن، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھەر خىل ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. يېقىنلا يەردىن بىر ئادەمنىڭ قاقاھلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا يولۋاسنىڭ قاتتىق ھۆكىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. يەنە بىردەمدىن كېيىن « ئاللا - ئاللا » دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ ئارقىدىنلا يەرنىڭ ئاستىدا بىر نەرسىلەر گۈلدۈرلىگەندەك بولۇپ، قاراس - قۇرۇس قىلىپ دەرەخلەرنىڭ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. نۇرچولپاننىڭ پۈت - قوللىرى سىقىراپ، يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك ھاسىراپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ ئولتۇرۇپ ئەمدىلا « ئۇھ » دېيىشىگە قايىقتىندۇر قاتتىق بوران كېلىپ بېشىدىكى سۈلايمان قالپاقنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ، نۇرچولپان نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاپتۇ. دەل شۇ پەيتتە تۆت ئەتراپتىن قاپقارا كۆلەڭگىلەر پەيدا بولۇپ، ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋاپتۇ. بۇلار بېشى يولۋاسقا، تېنى ئادەمگە، پۇتى تۆگىگە ئوخشايدىغان غەيرىي ياۋايى زەڭگىلەر ئىكەن. زەڭگىلەر نۇرچولپاننىڭ نۇرلۇق چىرايىغا مەھلىيا بولۇپ، قەپەزگە سولاپ قويۇپتۇ. ئۇ قەپەز ئىچىدە ئازابلىنىپ خۇداغا نالە قىلىپ يىغلىسا زەڭگىلەر بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. نۇرچولپاننىڭ گۈلدەك چىرايى سارغىيىپ سامان رەڭ بوپتۇ. ئۇ بىر كۈنى ئۆز ھالىغا ئېچىنىپ: « ئادەم قەدىمى يەتمىگەن جەزىرىدە ياۋايى زەڭگىلەرنىڭ قولىدا نابۇت بولۇپ كەتسەم، نەچچە مىڭلىغان خەلقنىڭ ھالى نىچۈك بولغاي » دەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپتۇ:

قوبۇل قىلغىن دۇئايىمنى خۇداۋەندە، يەتتە يىلدۇر قەپەز ئىچرە مەن ياتقىلى،
غېرىب مىسكىن بىچارە مەن ئاجىزە. مادارىم يوق بۇندىن ئەسلا قۇتۇلغىلى.
گۈل چىرايىم سارغىيىپ سامان بولدى، نىجاد ئەتمەسەڭ، بۇ مۇشكۈلدىن مەن ئاجىز.
غەيرىي يىرتقۇچ زەڭگىلەرگە بولۇپ بەندە، كۆزۈم يەتمەس ئابىھايات ئەپكەلگىلى.

خۇدا نۇرچولپاننىڭ تىلىكىنى ئىجاۋەت قىلىپ، ياۋايى زەڭگىلەرگە ئۆزئارا ئىچىمسىدىن ياغى كەلتۈرۈپتۇ. يەنە بىر گۇرۇھ زەڭگىلەر بىلەن بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا جېدەل - ماجىرا تۇغۇـ

www.uyghurkitap.com



لۇپ كەسكىن جەڭ باشلىنىپتۇ. بىر كېچە - كۈندۈزلۈك جەڭدە بۇلار يېڭىلىپ، نۇرچولپاننى بىللە ئېلىپ قېچىپتۇ. ئۇلار ئەتىگەندىن كەچ كىرگىچە مېڭىپ، بىر دەريانىڭ بويىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. دەريانىڭ سۈيى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ دەھشەتلىك شاۋقۇن سېلىپ ئاقىدىكەن. نۇرچولپان زەڭگىلەرنىڭ ئۆزھالى بىلەن بولۇپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «ياقۇتۇلاي، ياتۆلەي» دەپ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ. ئۇ دەريادا بىر كېچە - كۈندۈز ئېقىپ، بىر لايىلاتىمغا چىقىپ قاپتۇ.

بۇ جەزىردە «مۇرغىپەرمان» دەيدىغان بىر جانىۋار ياشايدىكەن. ئۇنىڭدىن ھەممە مەخلۇق قورقىدىكەن. ئۇ بىر كۈنى ئوزۇق ئىزلەپ كېتىپ بارسا، دەريانىڭ لايقىسىدا بىر نەرسە كۆزىگە چېلىقىپتۇ. ئۇ ئۆلگەن بېلىق بولسا كېرەك دەپ، ئېتىلىپ چۈشۈپتۇ، قارىسا ئادەم ئىكەن. كۆتۈرۈپ ئۆز ماكانىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇۋىسىدا ھەممە نەرسە تەل ئىكەن، يۇمشاق نەرسىلەردە ياتقۇزۇپ، گۆشلەرنى يېگۈزۈپ، ئوبدان پەرۋىش قىپتۇ. نۇرچولپان ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىن ئەھۋال سوراپتۇ. مۇرغىپەرماننىڭ ئىككى بېشى بولۇپ بىرسى قۇش، بىرسى ئادەم ئىكەن. نۇرچولپان ۋاھاپ بىلەن توي قىلغاندىن تارتىپ، تاھازىرغىچە بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپتۇ. مۇرغىپەرمان نۇرچولپاننىڭ ئىرادىلىك باتۇر ئىكەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە:

ئەمدى سەن ماڭا يولۇقتۇڭ، خۇدا خالىسا تاڭلا مىرادىڭغا يېتىسەن، ھازىر غەم-ئەندىشە قىلماي ئوبدانراق ئارام ئالغىن، - دەپتۇ.

ئەتىسى مۇرغىپەرمان نۇرچولپاننى تۆپىسىگە مىندۈرۈپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ بىر سائەتتە بىر يىللىق يولنى باسىدىكەن. ئۇ سەپەرنىڭ ئىككىنچى كۈنى زۇلىماتقا يېتىپ بېرىپتۇ. نۇرچولپان قارىغىدەك بولسا، ئۇ قاپقارائىغۇ بىر ئۆڭكۈر ئىكەن. مۇرغىپەرمان:

— سەن بىردەم تۇرۇپتۇرغىن، زۇلىماتتا ئېزىپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن گۆھەر شەپچىراغدىن بىرنى ئېپكىلىپ بېرەي - دەپ بىرلا شۇڭغۇپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

نۇرچولپان ھەرنېمە بولسا زۇلىماتقا يېتىپ كەلدىم، - دەپ خۇداغا مىڭ شۈكرىلەر ئوقۇپ ئولتۇرسا، قاياقتىندۇر بىر توپ غەلىتە مەخلۇقلار پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ قورقىنىدىن ھۇشىدىن كېتىپتۇ. بۇلار بويى پاكار، بېشى باداڭدەك، چىشلىرى خەنجەردەك، كالپۇكلىرى ئېشەك توقۇمىدەك يەجۇجى - مەجۇجىلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ قورسىقى شۇنداق يوغان ئىكەنكى، ماڭسا يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىككى قۇلىقىدا بىر باغلامدىن تۈك بولۇپ، ياتقاندا بىرىنى كۆرپە، بىرىنى يوتقان قىلىدىكەن، ئۇلار يەپ زادى تويمايدىكەن. ئالدىغا ئۇچرىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەيدىكەن، ئوت - چۆپ، ھەتتا دەرەخنىمۇ يەيدىكەن.

**يەجۇجى** - مەجۇجىلەر نۇرچولپاننى تالىشىپ قاپتۇ. ئاخىرىدا بىر - بىرسى بىلەن سىقىشىپ، چىشلىشىپ كېتىپتۇ. يەجۇجى - مەجۇجىلەر بىر - بىرسى بىلەن تازا جىدەللىشىۋاتقانىدا ئۈستىگە غارقىراپ مۇرغىپەرمان يېتىپ كەپتۇ - دە، نۇرچولپاننى تۇتۇپ تۇرغان بىر يەجۇجىنى كۆتۈرۈپ بولۇتنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ تاشلاپتۇ. بۇ يوغان قورساق تويىمغۇر مەخلۇق يەرگە چۈشۈپ قورسىقى

يېرىلىپ، بىر چىقىراپ ئۆرلەپتۇ. مۇرغىپەرمان نۇرچولپاننى كۆتۈرۈپ تاغنىڭ تۆپىسىگە ئېلىپ چىقىپ قويۇپ، نەچچە مىڭ پاتمان ئېغىرلىقتا بىر تاشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، بىر - بىرسى بىلەن جەدەللىشىۋاتقان بىر توپ يەجۈجى-مەجۈجلەرنىڭ تۆپىسىگە تاشلاپتۇ، تاش مېجىپ ئۇلاردىن يەتتە، سەككىزى ئۆلۈپتۇ. قالغانلىرىنى كۆتۈرۈپ قاتتىق يەرگە تاشلاپ ھەممىنى ئۆلتۈرۈپتۇ.

مۇرغىپەرمان قورقۇنچلۇق يەجۈجى - مەجۈجلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن، نۇرچولپاننىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ۋە قولىغا توخۇنىڭ تۇخۇمىدەك بىر گۆھەرنى تۇتقۇزۇپ:

— ئەمدى سەن يالغۇز قەدەم قويىسەن، بۇ گۆھەر ساڭا چىراغ بولىدۇ. بۇنىڭ يورۇقىدا بىمالال ھەرىكەت قىلالايسەن، پەخەس بولۇپ، ئابىھايات دەياسىنىڭ سۈيىنى ئېلىپ، سالامەت چىققايسەن، سەن قايتىپ چىققىچە مەن مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرىمەن، - دەپتۇ.

نۇرچولپان تەۋەككۇل خۇدا، - دەپ زۇلماتقا قەدەم قويۇپتۇ. ئۇ ماڭغانسېرى غارنىڭ ئىچى شۇنچە كەڭرىشكە باشلاپتۇ. كەڭرىچىلىككە چىققانسېرى شۇنچە جىمجىتلىق، ھەتتا ئۆزىنىڭ تىنىقىمۇ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئاڭلىنىدىكەن. نۇرچولپان تەخمىنەن ئۈچ كۈن مېڭىپتۇ. بىراق ئابىھايات دەرياسىنى تاپالماپتۇ. ئۇ يەنە مېڭىپتۇ. ئاردىن ھەپتە ئۆتۈپتۇ، نەگىلا بارسا ئوخشاش قاراڭغۇلۇق. بېشى قېيىپ ئابىھايات دەرياسىنى تېپىشقا كۆزى يەتمەي يىغلاپ خۇداغا ئىلتىجا قىپتۇ:

كۆپ يىل بولدى، چۆللەر كېزىپ، كۆزۈم ياشقا تولدى ئاللا.
نەۋباھارىم گۈلدەك سولۇپ بېلىم يادەك ئېگىلدى ئاللا.
تويى قىلغانىدىم، كېلىن بولۇپ، تويۇم ماتەم بولدى ئاللا.
سۆيگەن يارىم ئۇندا قالدى، مەن سەپەرگە چىقتىم، ئاللا.
رەھىم ئەيلە ئاققان يېشىمغا، پاناھىمسەن ئۆزۈڭ ئاللا.
ئابىھايات نېسىپ ئەتكىل، ئاتا، خەلقىمگە ئى ئاللا.

نۇرچولپان بېشىنى سەجدىگە قويۇپ يىغلاۋاتسا، تۇيۇقسىز يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك بىر ئاقساقال بوۋاي پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بالام، بېشىڭغا نېمە ئېغىر كۈنلەر چۈشتى؟ - دەپتۇ بوۋاي.

نۇرچولپان سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقىچە بايان قىپتۇ. بوۋاي تەپسىلى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— يۈر! مەن ئاپىراي - دەپ باشلاپ مېڭىپتۇ. ئابىھايات دەرياسىنىڭ سۈيى قويۇق ھەم سۈتتەك ئاق بولۇپ، ئەتراپقا نۇر چېچىپ تۇرىدىكەن، زۇلمات دۈم كۆمتۈرۈلگەن قازانغا، ئابىھايات دەرياسى ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئاق يىپقا ئوخشايدىكەن.

نۇرچولپان ئىچمەكچى بولۇپ، ئېتتىنىك قول ساپتۇ - يۇ، شۇئان ئاتىسى ۋە شەھەر خەلقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ:

— شۇلار ئىچكەندىن كېيىن مەن ئىچەي - دەپ ئىچمەپتۇ ۋە دەرھال تۇلۇمنى توشقۇزۇپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ. ھېلىقى ئاقساقال خىزىر پەيغەمبەر ئىكەن. شۇ يەردىلا دۇئا قىلىپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. نۇرچولپان زۇلماتتىن چىقىپ، مۇرغىپەرمان بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. دەل شۇ پەيتتە قاتتىق بوران چىقىپ سۇلايمان قالپاق پەيدا بولۇپ قاپتۇ. مۇرغىپەرمان

نۇرچولپاننى ئۆز ئۇۋىسىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئىككىيلەن سەپەر تەييارلىقى قىلىپ، بىر نەچچە تۇ-
لۇمغا گۆش، سۇ قاچىلاپ، يولغا چۈشۈپتۇ.

بۇلار يولدا كېلىۋەرسۇن، ئەمدى گەپنى بوياقتىن ئاڭلاڭ!

ۋاھاپ نۇرچولپاندىن ئايرىلىپ، چۆللۈ-چۆل، تاغمۇ-تاغ ئاچ ھەم ئۇسسۇز ئىككى ئاي
يول مېڭىپتۇ. ئۇ ھېرىپ-چارچاپ ھالىدىن كېتەي دېگەندە، خۇشھاۋا بىر يەرگە كېلىپ قاپتۇ.
ئۇ يەردە ھەر خىل مېۋىلەر پىشىپ تۇرغانىكەن. ئۇلاردىن يەپتۇ ۋە ئادەم بارمىكىن، دەپ
ئۇيان بۇياننى ئايلىنىپتۇ. بىر چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر سارايى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ
كىرمەكچى بولۇپ ئىشىكنى تاپالماپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. ئۇ پەرىشان بولۇپ
بىر بۇلۇڭدا ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ، بىر چاغدا سارايىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئاپتاپتەك
بىر رەنا پەيدا بوپتۇ ۋە ۋاھاپنى سارايغا تەكلىپ قىپتۇ.

سارايىنىڭ تۆردە ئالتۇن تەخت بارئىكەن. ئۇ تەختتە رەنا قىز ۋاھاپ بىلەن يانمۇ-
يان ئولتۇرۇپتۇ. ئىككىيلەن ئابوتائامدىن كېيىن بىر نەچچە پىيالىدىن مەي ئىچىپتۇ. قىز
مەس بولۇپ يىگىتكە قول سۇنۇپتۇ.

— ئەي ئاي يۈزلۈك پەرى، — دەپتۇ ۋاھاپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — ئۇنداق قىلمىغىن، نا-
مەھرەم بولىدۇ.

ۋاھاپ مەس بولۇپ قالغان بولۇپ ئۇخلىۋاپتۇ. ئۇ تاڭ ئاتقاندا ئويغىنىپ ماڭماق-
چى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. رەنا قىز سىلىق-سىپايە سۆزلەرنى قىلىپ زادىلا ماڭغىلى
قويماپتۇ. كەچ بوپتۇ، قىز ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئالتۇن تەختتە يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپتۇ.
ئۇلار بىر نەچچە پىيالىدىن مەي ئىچىپتۇ. قىز مەس بولۇپ شەھۋانى نەپسى قوزغىلىپ ئۆزى-
نى تۇتالماي ۋاھاپقا ئېسىلىپتۇ. ۋاھاپ:

— ئەي نازىنىن سەنەم، بۈگۈن سەۋر قىل! تاڭ ئاتقاندا نىكاھلىنىپ، ئىشرەت شا-
رابىنى ئىچەيلى، — دەپتۇ ۋە شارابقا زورلاپ مەس قىلىپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. قىز ئۆلۈكتەك
ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.

ۋاھاپ بۇ قىزدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئوغۇرلۇقچە ساراي-
دىن چىقىپ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ ھارغىنىغا قارىماي شامالدەك تېزلىكتە مېڭىپ، تاڭ
ئاتقىچە ئىككى كۈنلۈك يولنى بېسىپتۇ. ئۇ يەنە بىر قانچە چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن،
ئارقىسىدىن ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— توختا!!!

ۋاھاپ شۇنداق ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن تاغلارنى تىترىتىپ، موردەك ئاغزىنى ئېچىپ
بەتبەشىرە بىر مەخلۇقنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

رەنا قىز ئەسلىدە «لالەك» دېگەن قېرى جادۇگەر يالماۋۇز ئىكەن. ئۇ ئەتىسى ئويى-
غىنىپ، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، ۋاھاپنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلگەنىكەن. لالەك ۋا-
ھاپنى تۇتۇپ ئاپىرىپ بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ. ئۆيدە ئوتتۇز - قىرىقچە ئادەم بارئىكەن
ئۇلار جادۇگەرنى كۆرۈپ قورققىنىدىن «مەن ئورۇق، ماۋۇ سېمىز» دەپ تۇۋلىشىپ كېتىپتۇ.
كەچتە جادۇگەر يەنە ئاۋۋالقى چىرايلىق قىزغا ئايلىنىپ، ۋاھاپنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ

شاراب ئىچىپ ئىشقىۋازلىق قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ يەنە رەت قىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا يەنە ھېلىقى ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ. بۇ ئىش قىرىق كۈن تەكرارلىنىپتۇ. جادۇگەر ئالدامچىلىق بىلەن قىلغان نازۇ كەرەشمىلىرىنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ تەھدىت سېلىشقا باشلاپتۇ. پۇتىدىن باغلاپ تورۇسقا ئېسىپ قويۇپتۇ. ھەتتا كانىيىغا كەلگىچە سۇغا چۆكۈرۈپ بىر كېچە-كۈندۈز توڭلىتىپ قويۇپتۇ. ۋاھاپ «مېنىڭ قەلبىمدە بىرلا كىشى بار، باشقىلارغا ئورۇن يوق» دەپ ئۆلۈشكە رازى بوپتۇكى، جادۇگەرنىڭ مەيلىگە كۆنمەپتۇ. جادۇگەر ئاچچىقىدا تىرىكلا يېۋەتتەي دېسە ئۇنىڭغا چىدىمايدىكەن، شۇنداق قىلىپ بىر يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ۋاھاپ كېچە-كۈندۈز خۇداغا يىغلاپ جادۇگەر ياماۋۇزدىن قۇتۇلۇشنى تىلەيدىكەن.

بىر كۈنى جادۇگەر ۋاھاپنى قاتتىق قىستاپتۇ:

— ئەي ۋاھاپ، ئۇنداق قىلماي مېنىڭ كۆڭلۈمنى خوش قىل، گېپىمگە كىرمىسەڭ مېنىڭ قولۇمدىن تىرىك قۇتۇلالمايسەن.

ۋاھاپ قوبۇل قىلماپتۇ. جادۇگەر ئۇنى كىيىككە ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ ۋە:

— قاچانكى جاھىللىق قىلماي مېنى قوبۇل قىلساڭ، شۇ چاغدا ئەسلىڭگە كەلتۈرىمەن-دەپتۇ.

ۋاھاپ كۆزلىرىدىن ياشلىرىنى تۆكۈپ چۆل-باياۋانغا قاراپ راۋان بوپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، ۋاھاپ كىيىك ھالىتىدە ئوت-چۆپنىڭ ئۇچىنى يەپ، يەتتە يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ بىر كۈنى قايغۇ-ھەسرەتتە يۈرىكى قاتتىق ئازابلىنىپ تاغ-دەشتلەرنى كېزىپ بىر يولغا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن يولنىڭ ئىككى ئايرىلغان يېرىگە كېلىپ قاپتۇ. قارىسا مېھرىبانى نۇرچولپان بىلەن سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا ۋەدىلەرنى قىلىشىپ ئايرىلىشقان يەر ئىكەن. ئۇ نۇرچولپاننى يادىغا كەلتۈرۈپ «مەن بۇ ھالەتتە، سەن نېمە كۈلپەتلەرنى تارتىۋاتىدىغانسەن» دەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۇنىڭ مۇبارەك ئىزلىرىغا يۈز-كۆزلىرىنى سۈركەپتۇ.

خەستە جانىمغا مېنىڭ، يۈز مىڭ جاپا قىلدى پەلەك،
نەيلەيىن بەختى قارا مەن دىلىمنى يارا قىلدى پەلەك.

ۋاھاپنىڭ يۈزىگە نۇرچولپاننىڭ قەدەم ئىزى تېگىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر ئىسسىق ئېقىم پەيدا بولۇپ، يۈرىكىدىكى ئىشىق ئوتى بىلەن قوشۇلۇپ ئوت بولۇپ يېنىپتۇ-دە، ئۇنىڭدىكى سېھىرلىك كۈچ باتىل بولۇپ ئۆز ھالىتىگە كېلىپ قاپتۇ.

ۋاھاپ شادلىق ئىلكىگە چۆمۈپ شامالدەك ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ ھارغىنلىق، ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىپ، سانسىز يۇرت-شەھەرلەرنى ۋە ھېسابسىز تاغ-دەريالارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ شەھەرگە كىرىپ ئوردا ئىچىدىكى تاشقا ئايلانغان كىشىلەردىن پادىشاھنى تېپىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كەپتۇ-دە، تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي ئوغلۇم! قىزىم نۇر چولپان قېنى، جادۇگەرلەر كەتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋاھاپ بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ: «ئاھ، بىچارە قىزىم!» دەپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ.

ۋاھاپ بىر چىنە سۇغا دەم سېلىپ چاچقان ئىكەن پۈتۈن ئوردا ئەھلى ئەسلىگە كەپتۇ. ئۇ شۇنداق قىلىپ ئۈچ كۈندە پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بوپتۇ. بىراق ئۇزۇن يىللاردىن بىرى تاش بولۇپ ياتقان خەلق بۇرۇنقى ھالىتىگە كېلەلمەپتۇ. ھەممە خەلق يېڭىلا كېزىكتىن قوپقان كىشىدەك تەمتىلەپ ئارانلا ماڭالايدىكەن.

ۋاھاپ ئوردا ئامبىرىدىكى ئاشلىقلارنى خەلققە تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ. خەلق كېچە-كۈندۈز خۇدادىن نۇر چولپاننىڭ سالامەت كېلىشىنى تىلەيدىكەن. ۋاھاپ ھاردىم-تالدىم دېمەي خەلقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىكەن، يىراق نەرسىلەرنى يېقىن قىلىپ بېرىدىكەن.

ئايلار كەينىدىن يىللار ئۆتۈپ، شەھەردىكى ئوزۇق-تۈلۈكمۇ تۈگەشكە باشلاپتۇ. خەلق ئۈچ ۋاق تاماق ئورنىغا بىر ۋاق تاماق، بىر نان ئورنىغا يېرىم نان يەپتۇ. شۇنداقتىمۇ يەنە ئوزۇق-تۈلۈك يېتىشمەي، نۇرغۇن كىشىلەر ئاچلىقتىن ئورنىدىن زادىلا تۇرالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

تۇيۇقسىز بىر كۈنى ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ قاتتىق بوران چىقىپتۇ-دە، ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن شەھەرگە بەتبەشىرە بىر مەخلۇق كىرىپ كەپتۇ. بۇ ۋاھاپنىڭ سېھىرىدىن قۇتۇلۇپ قايتىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن جادۇگەر لالەك ئىكەن. جادۇگەر ئوردا ئالدىغا كېلىپ پۈتۈن شەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ ۋارقىراپتۇ.

— ئەي ۋاھاپ، تېزدىن ئالدىمغا چىق، بولمىسا قىيما-چىيما قىلىپ قېنىڭنى ئىچىمەن. سەن مېنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم ئالدىدىڭ، چاپسان بول!

ۋاھاپ قولىغا قورال ئېلىپ ياماۋۇز بىلەن ئېلىشىپتۇ. شەھەر خەلقىمۇ ئۆرە تۇرغىچىلىكى بارلار ئۆرە تۇرۇپ، ئولتۇرغۇچىلىكى بارلىرى ئولتۇرۇپ، جادۇگەر بىلەن ئېلىشىپتۇ. جادۇگەرمۇ غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىلىپتۇ. شەھەردە قانلىق جەڭ باشلىنىپتۇ. جادۇگەر ئۆتكۈر چىشلىرىنى قىلىچ قىلىپ نەچچە مىڭلىغان كىشىلەرنى نابۇت قىپتۇ. قانلار دەريا بولۇپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئەمدى پادىشاھ بىلەن ۋاھاپنى تۇتۇپ تىرىكلا يېۋەتەي دەپ تۇرۇشىغا ھەيۋەتلىك بوران بىلەن چاقماقتەك تېزلىكتە پۈتۈن شەھەرگە سايە تاشلاپ ئىككى باشلىق بىر قۇش كېلىپ قونۇپتۇ. ئۇ تۆپىسىگە ئاق چاچلىق، بەللىرى مۈكچەيگەن بىر مومايىنى مىندۈرۈپ كەلگەنىكەن. قۇش ئايالنى يەرگە چۈشۈرۈپ قويۇپ غاقىراپ ئۇچۇپ قانىتى بىلەن ياماۋۇزنى بىر ئۇرغانىكەن، بېشى ئۈچ كۈنلۈك يەرگە چۈشۈپتۇ.

نۇرچولپان ياماۋۇزنىڭ قولىدا ھالاك بولغان سانسىز كىشىلەرگە قاراپ مېھرىبان ئاتىسىنى ئىزلەپ يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

ئاق يۈزۈڭنى سېغىندىمەن،
مېھرىبانىم جان ئاتا.
تەندىكى قۇۋۋەت مادارىم،
دىل ئارامىم، جان ئاتا.

بىر كۆرەيمەن جامالىڭنى،
پۈشتى پاناھىم جان ئاتا.
ساق - سالامەت بارمۇ سەن،
روھى - راۋانىم جان ئاتا.

( ئاخىرى 47 – بەتتە )

# «ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 3- قېتىملىق مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاپ - مۇكاپاتلاش» ۋە ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا ئېلان

رايونىمىزدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەدەنىي پائالىيىتىنى بېيىتىش، ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرىگە بولغان سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش، يېڭى دەۋردە رايونىمىزنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار مەدەنىيەت - سەنئەتتى كومىتېتى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن ئورتاق كېڭىشىش ئارقىلىق، بۇ ئورۇنلار بىرلىكتە «ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 3- قېتىملىق مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاپ- مۇكاپاتلاش» ۋە ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش قارار قىلىندى. ھازىر مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تۆۋەندىكىچە ئېلان قىلىمىز:

(1) بۇ قېتىمقى باھالاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسى 1987- يىلى 6- ئايدىن 1991- يىلى 5- ئايغىچە بولىدۇ. رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئاشكارا گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان ھەر خىل تۈردىكى بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىي ئەسەرلىرى، يەنى رومان، پوۋېست، ھېكايە، شېئىر، ئەدەبىي ئاخبارات، نەسر، مەسەل، بالىلار چۆچىكى، چۆچەكلەر باھالاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ. باھالاشقا تەۋسىيە قىلىنىدىغان ئەسەرلەر ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە ساغلام، مۇقامى يۇقىرى، بالىلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولغان، مەزمۇنى يېڭى، جانلىق، چۈشىنىشلىك، ئاممىباپ، بالىلار ياخشى كۆرۈپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلەر بولۇشى لازىم.

(2) باھالاش - مۇكاپاتلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، رايونىمىزنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، 1990- يىلى 5- ئايدىن 1991- يىلى 5- ئايغىچە «بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى قوبۇل قىلىش» پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك يازغۇچىلار جەمئىيىتى باشقۇرۇۋاتقان ژۇرناللاردىن تاشقىرى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئوبلاست، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرى، ئەدەبىياتچىلار بىرلەشمىلىرى، نەشرىياتلار، ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ئەدەبىي ژۇرناللار ۋە گېزىتلەرنىڭ ئەدەبىي بەتلىرىنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن ماسلىشىپ، «بالىلار ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنىدىغان

www.uyghurkitap.com



ئەسەرلەر» ستونىنى ئېچىپ، مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرۇشنى، ئېلان قىلىشنى ۋە تاللاپ كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

(3) بۇ قېتىمقى باھالاپ ـ مۇكاپاتلاشتا مۇناسىۋەتلىك ژۇرناللار تاللاپ كۆرسىتىش، ئاپتورلار ئۆزى كۆرسىتىش، باھالاپ ـ مۇكاپاتلاش كومىتېتى تاللاپ بېكىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، ئەللىك پارچە ئەسەر مۇكاپاتلىنىدۇ، باھالاش نەتىجىسى 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئېلان قىلىنىدۇ، تاللاپ كۆرسىتىش ۋە ئۆزى كۆرسىتىش خىزمىتى 1991 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلىنىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت بالىلار ئەدەبىياتى ئاپتورلىرىنىڭ ئاكتىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتىگە بەس ـ بەس بىلەن قاتنىشىپ، 90 ـ يىللارنىڭ 1 ـ باھارىدا ھەر مىللەت بالىلىرىغا قىممەتلىك مەنىۋى سوۋغا تەقدىم قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار مەدەنىيەت ـ سەنئىتى كومىتېتى،
ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى،
ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى،
يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى،
ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى.

1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى



# ئابدۇلقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى



ئابدۇلقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە مەرىپەتپەرۋەر ئەدىب، مۇتەپەككۇر ۋە جامائەت ئەربابى.

ئۇ 1862 - يىلى قەشقەر ئاتۇشنىڭ مەھشەت يېزىسىدا تۇغۇلغان. قەشقەر ۋە بۇخارا مەدرىسلىرىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك مۇتەپەككۇرى ۋە ئالىمى بولۇپ يېتىشكەن. ئوقۇشتىن كېيىنكى ھاياتى قەشقەر مەدرىسلىرىدە مۇدەررىسلىك قىلىش، جامائەت خىزمەتلىرى ۋە ئەدەبىي-ئىلمىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن ئۆتكەن. مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىچە ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرۈش مەقسىتىدە «سەرپ نەھۋى (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)»، «ئىلمىي تەجۋىد (قىرائەت)»، «ئىلمىي ھېساب»، «ئاقائىد زۆرۈرىيە (زۆرۈر ئەقىدىلەر)»، «تەلىم سەبىيان (كۆدەكلەرگە تەلىم)»، «نەسىھەتى ئام (ئاممىغا نەسىھەت)»، «مىفتاھ ھۇل ئەدەب (ئەدەبىياتنىڭ ئاچقۇچى)»، «جەۋھىرل ھىقان (ھەقىقەت جەۋھىرى)» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى ۋە خەلقچىللىق روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ، نام - شۆھرىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب ئەللىرىگە قەدەر تارقىلىش بىلەن، جامائەتچىلىك ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. 1924- يىلى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستى پىلانلىشى بىلەن ۋەھشىيانە ئۆلتۈرۈلگەن.

## ئەجداد ۋە ئەۋلاد


### ئابلا ئەخمىدى



يازغۇچى ئابلا ئەخمىدى (ئەسلى ئىسمى تەلئەت) 1935-يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئېگىز ئېرىقبېشى مەھەللىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1950-يىلىغا قەدەر ئەينى يىللاردىكى يېرىم ئوقۇپ، يېرىم ئىشلەيدىغان ئوتتۇرا تېخنىكوم — «شىنجاڭ-قەشقەر كەسپىي مەكتەپ» ۋە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ، 1950-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1976-يىلىغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتى، شىنجاڭ شىنخۇا 1- باسما زاۋۇتى، بېيجىڭ مىللەتلەر باسما زاۋۇتى ۋە «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتلىرىدا ھەرپ تىزىش، ھەرپ قۇيۇش ئىشچىسى بولغان. 1976 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ، مۇخبىرلىك ۋە تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

ئابلا ئەخمىدى 1958 - يىلىدىن ھازىرغا قەدەر بىر قىسىم شېئىر، 50 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، ئوچېرك ۋە پوۋېست ئېلان قىلدى. «يول ئۈستىدە»، «بۇزۇلغان قەسەم» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى، «يىللار» رومانى نەشر قىلىندى.

يازغۇچىنىڭ «كوممۇنىستنىڭ بۇرچى» ناملىق ھېكايىسى 1981-يىلى 1-دەرىجىلىك «تارىم» مۇكاپاتىغا، «ئوخشاشمىغان تەقدىر» پوۋېستى 1989-يىلى «يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «جۇڭگو ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلاشقان ئىشچى-خىزمەتچىلەر لۇغىتى»دا ئۇنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى.



قەشقەرنىڭ ئومۇملاشقان سودا بازىرى (ئادىل ئابدۇراخمان فوتوسى)


# قەشقەر ئەدەبىياتى (19-يىل نەشرى)

«喀什噶尔文学»（双月刊）

KASHGAR LITERATURE
IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL

1990-يىل 3-سان (قوش ئايلىق ژۇرنال)

نەشىر قىلغۇچى: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ
چەتئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب - ژۇرنال سودىسى باش شىركىتى
(بېيجىڭ 2820 - خەت ساندۇقى)
(O.P. BOX 2820 BIEJING CHINA)
فورماتى 787 × 1092 مم، 1/16 8 باسما تاۋاق
دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: GN 65—1081/1

پوچتا ۋاكالىتەن نومۇرى: 62 — 58
باھاسى 1.00 يۈەن
تېلېفون نومۇرى: 23196